

# تارىم

10

1990



بىر قىسىم تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مۇھەررىرلەر ژۇرنال خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەتلەشمەكتە .



شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئەسەر تاللاش ئۈستىدە .



بىر قىسىم مۇھەررىرلەر باش ئاپتورلار بىلەن بىللە .


باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسلىھەتچىلەر : ياسىن خۇدا بەردى ، ئابلىز نازىرى ، ئەلقەم ئەختەم .

تەھرىر ھەيئەتلەر ( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ):
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، ئارسلان ، ئابدۇروسۇل ئۆمەر ، ئابلىكىم باقى ، تۇرغان شاۋۇدۇن ، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ، قەييۇم تۇردى ، مەھەممەت شاۋۇدۇن ، مەھەممەت زۇنۇن ، مەھمۇد زەيدى ، ئىمىن تۇرسۇن ، ئىمىن ئەخمىدى ، زوردۇن سابىر .

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

10

1990

40 -يىل نەشرى

# بۇ ساندا

## بۇ ساندا

### بېغىشلىمىلار


سەيپىدىن ئەزىزى ........................ 4
ئىسمايىل ئەمەت ........................ 5
سۇڭ خەنلياڭ ........................ 6
تۆمۈر داۋامەت ........................ 7
جانابىل ........................ 8
ھامىدىن نىياز ........................ 9
بادەي ........................ 10
فېڭ داجېن ........................ 11
ئولاتايېۋ ........................ 12
ئىسمايىل مەخسۇت ........................ 13


### ماقالىلەر


رەخىم قاسىم........... «تارىم» مېنىڭ مەكتىپىم ........... 14
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن....... تەبرىك ۋە ئۈمىد........... 28
تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن....... ئالقىش ۋە ئۈمىد........... 30
مەتسىمىن بارى........... ئاددىي مۇھەررىر — نامسىز قەھرىمان........... 32
ھۆرنىسا تۇردى........... «تارىم» ژۇرنىلى مېنىڭ پەخرىم........... 34


### نەسرىي ئەسەرلەر


ماخمۇت مۇھەممەت ........... ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا (ھېكايە)........... 46
تۇردىھاجى ئابدۇغۇپۇر........... تىمترەك (ھېكايە)........... 68
ئالىمجان ئىسمايىل........... تىمتاس كۆكۈم (پوۋېست)........... 79
نۇرمەھەممەت توختى........... خىياللىرىم (نەسىر)........... 117
قاھار جېلىل ........... ئۈچ ھېكايە ........... 122
ئەنۋەر داۋۇت........... تۇرمۇش كومېدىيىسى (ھېكايە)........... 136


### شېئىرلار


ئابدۇرېھىم مۇھەممەت........... مەن يېشىل دۇنيانىڭ يېشىل بالىسى........... 36
ئابابەكرى توختى........... كۆزلىرىمدە يانار بىر قۇياش........... 38

پەرھات مۇھەممەت ...... ئون سەككىز ياش تۇيغۇلىرى ...... 39

مىجىت تاش ...... غەزەللەر ...... 40

ئابدۇقادىر جالالىدىن ...... سۆيگۈ بىلەن ھەممە جاي يورۇق جاھان ئەمەسمۇ ...... 42

رىزۋانگۈل ھۆسەيىن ...... ئانا يۇرتۇم پەخرىمسەن مېنىڭ ...... 44

قۇربان ئىمىن ...... سۇ ...... 73

جاپپار ئەمەت ...... كېچىكىپ كەلگەن ئىلھاملار ...... 73

ئالىمجان ناسىر ...... تاڭ ئويغاتقان ئېزگۈ تۇيغۇلار ...... 75

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇراخمان ...... ئانا قەسىدىسى ...... 77

داۋۇتجان سەيدىن ...... كۆمۈلدۇ ئارمانلىرىم ...... 77

غوجائابدۇللا ناسىرى ...... تومۇچۇق ...... 78

مۇھەممەت روزى ...... قەشقەر قىزى ...... 78

مۇھەممەتجان سادىق ...... تەكرىتاغ ئوغلى (باللادا) ...... 107


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياش تالانت ...... 140


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئازاد سۇلتان ...... ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تراگېدىيە ئېڭى توغرىسىدا ...... 143


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


شەرخان مۇرتازايېۋ ...... يۈرەككە قورۇق چۈشمەيدۇ (ھېكايە) ...... 150


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


...... 159


مۇقاۋىدا: ئەتىرگۈل ...... ۋاڭ ۋېيجۇن فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 2 -، 3 - بەتلىرى ۋە ئاخىرىدىكى سۈرەتلەرنى قېيۇم تۇرسۇن تارتقان.

* *

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

تارىم دەرياسىنى ئېچىش

قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى

تەبرىكلەيمىز!

زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ

كېيىن داۋاملىق تىرىشچانلىق

كۆرسىتىپ، سوتسىيالىزم

ئۆلچىمىدە قەلبىڭ،

شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۆلەت مۇداپىئە

قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ زور

تۆھپىلەر قوشۇشىنى ئۈمىد

قىلىمەن!

سەيپىدىن ئەزىزى

بېيجىڭ، 9.6.1990

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغىنىغا 40 يىلدىن بۇيان
مىللىي ئۇيغۇرچە شېئىرىيەت نەسرىگىچە ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ
مۇشۇلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ساھەسىدە
شائىر، يازغۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈش ۋە يېتىش-
تۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ، ياخشى تەسىر قوزغىدى، كۆپلىگەن
يېڭىلىق يارىتىشتا ئىلغارلىقى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن شۆھرەت قازاندى،
مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئىچكى-تاشقى ئىشلىرىغا تەبرىكلەيمەن،
ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن تەھرىرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە
ۋە تەشەببۇسىدا ... ئەدەبىيات ساھەسىدە
يېڭىدىن داۋاملىق يۇقىرى پەللىگە يېتىشىنى چىن قەلبىمدىن
ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسمائىل ئەھمەد

۹۰-يىل 25-ئىيۇن

坚持"双为"文艺方向，繁荣各民族社会主义文艺

祝贺塔里木文学刊物创刊四十周年

宋汉良

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ
كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرەيلى.
— «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن.

سۇڭ خەنلياڭ

1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

«تارىم» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ
جۇشقۇن سەھنىسىدە ٤٠ يىلدىن بۇيان ئاكتىپ رول ئويناپ،
ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم
تۆھپە قوشتى. «تارىم» نىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۈكسەك
بەدىئىي سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىپ،
يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ،
تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆمۈر داۋامەت

١٩٩٠-يىل ٢٠-ئىيۇل

«تارىم» جۇرنالىنىڭ ىشقا باستالعانىنا
40 جىل تولعانىمەن قۇتتىقتايمىن.
«تارىم» جۇرنالىنىڭ پارتيانىڭ «ادەبيەت
گۇل شەشەك اتسىن، جاڭالىق جاراسا ۇن
قاتسىن» باعىتىن دايەكتى اتقارىپ، جوڭگوداعى
ۇلتتارىنىڭ مادەنيەت ىستەرىن دامىتۋ، شىنجاڭدى
اشۋ، شىنجاڭدى گۇلدەندىرۋ جولىندا تاعى دا
زور ۇلەس قوسۋىن ۇمىت ەتەمىن.

1990. 8. 13.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى قۇتلۇقلايمەن.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ پارتىيىنىڭ «ئېچىلىش ـ سايراش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپىلەر يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جانابىل

1990 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ خۇددى تارىم دەرياسىدەك

[illegible]

[illegible]

ئۈمىد قىلىمەن.

[illegible]

١٩٩٥-يىلى [illegible]

继续坚持文艺为人民服务、为社会主义服务的方针，创作更多更好的坚持团结、反对民族分裂，坚持进步、反对倒退的优秀作品，为繁荣和发展民族文化，为新疆社会主义精神文明建设做出应有的贡献！

热烈庆贺《塔里木》诞生40周年

巴岱 于1990.7.19

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئالغا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىجاد قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشايلى!

— «تارىم» نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

بادەي

1990-يىل 7-ئاينىڭ 19-كۈنى.

进一步繁荣和发展各民族社会主义文艺，用社会主义、爱国主义思想教育干部、群众。

祝贺《塔里木》创刊四十周年

冯大真 1990年7月

كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى سوتسىيالىستىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەيلى!

ـــ «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن.

فېڭ داجېن

1990 ـ يىل 7 ـ ئاي.

«تارىم» ژورنىلى قىرىق يىلدىن بويان، خەلق
ئاممىسى دىلىدا ئارمىيىنىڭ تۈگىمەس تۆھپىلىرىنى
مەدھىيىلىگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ،
ئارمىيىنىڭ ئوبرازىنى ئۆستۈرۈش، ئارمىيە بىلەن
ھەربىلەر خەلق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، دەۋ-
لەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، تەڭشەشلەرگە
تۆھپە قوشتى. قىسىملاردىكى ئوقۇرمەنلەر دىيىلدار-
نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەملىك بولدى.
مەن تارىمنىڭ بۇ ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى
قىلىپ، ئارمىيە بىلەن ھەربىلەر خەلقىنىڭ ئىتتىپاق-
لىقىنى كۈچەيتىشتە تېخىمۇ تۆھپە بولۇپ قېلىشىنى تىلەيمەن.

دولدا يۇنۇ.

90.7.25.

«تارىم» شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش -
قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئىلمىي دەۋرىي [illegible] -
خىزمەتچىلىرىنىڭ سەمىمىي دوستى. كەڭ -
بىڭتۈەن - [illegible] [illegible] - قۇرۇلۇش
جەڭچىلىرى «تارىم»نى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ ۋە
ۋە قىزغىن قوللايدۇ.
بۇ «تارىم»نىڭ مەڭگۈ گۈللەپ ياشنىشى،
تېخىمۇ مول، سەرخىل مېۋە بېرىشىگە -
تىلەكداشمەن.

ئىسمايىل مەخسۇت
1990. 7. 25




رەخىم قاسىم

# «تارىم» — مېنىڭ مەكتىپىم

مەن 1953- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» («تارىم») ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندىم. ھېلىمۇ يادىمدا، ئۇچامدا مەكتەپتىن بېرىلگەن كۆك خادانى جۇڭسەنفۇ ئىشتان - چاپان، پۇتۇمدا چوخەي، قولۇمدا تونۇشتۇرۇش قەغىزى، مەن گويا قانات چىقارغان قۇشلاردەك شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قىزىل بىناسىدىن چىقىپ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. قەلبىمدە تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان ھاياجان خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلىمەكتە. ماڭا گويا پۈتۈن ئالەم شادلىقىمغا شادلىق قوشۇپ تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا... مەن ئەنە شۇنداق شادلىق ئىچىدە ئۆز بەختىمدىن مەمنۇن بولۇپ ئالغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. دىلىمدا شېئىرىي ئىلھام قاينىماقتا.

مەن كىچىكىمدىنلا شېئىرغا ئامراق ئىدىم، قولۇمغا شېئىر توپلاملىرى چۈشۈپ قالسىلا قايتا - قايتا ئوقۇيتتىم، كۆڭلۈمگە ياققان شېئىرلارنى يادلىۋالاتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ باللىق ھېسسىياتىم بىلەن: مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئۆمەر مۇھەممەدى، ل. مۇتەللىپكە ئوخشاش شائىر بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە! دەپ ئارمان قىلاتتىم. ئەنە شۇ ئارماننىڭ تۈرتكىسىدە تىنماي مەشق قىلاتتىم، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپلا تام گېزىتلەرگە شېئىر يېزىش مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشىمغا ئايلانغانىدى. بەختىمگە يارىشا، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. نامىم ستودېنتقا ئايلانغان ئەنە شۇ 51 - يىلى مېنىڭ تۇنجى شېئىرىم ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «ئالغا» گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ئىنستىتۇتتا ئوقۇغان ئۈچ يىل جەريانىدا ئۆزمەي شېئىر يېزىپ تۇردۇم، بۇ شېئىرلىرىم «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئارقا - ئارقىدىن بېسىلدى. مانا ئەمدى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، مېنىڭ شېئىرلىرىمنى باسقان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەشكە كېتىۋاتىمەن. ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، بۇ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە ئاتاقلىق يازغۇچى - شائىرلار ئىشلىمەكتە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، تېيىپجان ئېلىيېۋ، خەمىت ھۇسەينوۋ ئىلگىرى - ئاخىر ماڭا مۇئەللىم بولغان. ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇلارنىڭ

دەرسلىرىنى سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان بولسام، ئەمدى بىر بۆلۈمدە بىللە ئىشلەپ، يۈز تۇرانە ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولماقتىمەن. تەھقىقكى، بۇ پۇرسەت ماڭا شېئىرىيەت چوققىسىغا قاراپ ئۆرلىشىم ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان ئىمكان يارىتىپ بېرىدۇ، ياخشى بىر شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىش يولىدىكى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارمىنىم تېخىمۇ كامال تاپىدۇ. مېنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشقا ۋەتىنىم ۋە خەلقىم كۆپ ئەجرى سىڭدۈردى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئەجرىنى ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىم بىلەن ئاقلىشىم، خىزمەت ئورنۇمدا پېشقەدەم ئۇستازلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەھرىرلىك ماھارىتىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ سوتسىيالىستىك يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشۇم كېرەك.

مەن ئەنە شۇنداق قىزغىن ھېسسىيات، يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كىردىم كەلدىم.

## 1

مەن تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ئاشۇ يىلى بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلار پەقەت ئالتە ئادەم ئىدى (ئۆزۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، يولداش ئەخمەتجان نىيازى كاتىپ ئىدى. قالغان تۆتىمىز تەھرىر ئىدۇق. خىزمەت تەقسىماتى بويىچە، يولداش خەمىت ھۆسەينوۋ نەسرىي ئەسەرلەر بىلەن رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرگە، يولداش تۇرغۇن ئالماس ئەدەبىي تەنقىد، نەزەرىيەۋى ماقالىلەر بىلەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرگە؛ يولداش ئەرشىدىن تاتلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرگە مەسئۇل ئىدى. مەن شېئىر تەھرىرلىكى بىلەن بىللە ژۇرنالنىڭ كوررېكتورىنى كۆرەتتىم.

ئەلۋەتتە، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال بولغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئالتە ئادەم بەكمۇ ئازلىق قىلاتتى. ئادەم كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بىز ئالدى بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىدىكى يولداشلارنىڭ، ئاندىن كەڭ ئاپتورلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە ئىدۇق.

ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىنىڭ تەركىبىدە ئون نەچچە ئادەم بار ئىدى. يولداش ياسىن خۇدابەردى باش مۇھەررىر، تېيىپجان ئېلىيېۋ مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىدى. تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇكېرىم خوجا تۇرغۇن ئالماس قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى. تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى ژۇرنال چىقىرىش يالغۇز تەھرىر بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭلا ئىشى ئەمەس، بىزنىڭمۇ ئىشىمىز، دەپ قاراپ، بىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولاتتى. ۋاقتى - ۋاقتىدا ژۇرنالنى ياخشىلاش ھەققىدە پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇرغاندىن تاشقىرى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئەسەرلەرنى كۆرەتتى، پەيتى كەلگەندە ئەسەرلەرنى تەھرىرلەپ بېرەتتى.

تەھرىر ھەيئىتىدىن تاشقىرى بىز كەڭ ئاپتورلارنىڭ قوللىشى ۋە يار - يۆلىكىگە ئىگە ئىدۇق. ھەر بىر ئاپتور ژۇرنالنىڭ ياخشى ۋە سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇراتتى. ئۇلار تەھرىرلەرنى ئۆز سەپداشلىرى دەپ قارىسا، تەھرىرلەرمۇ

ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ سەممىي دوستلىرى ھېسابلايتتى. تەھرىرلەر بىلەن ئاپتورلار ئارىسىدا ئۆز - ئارا ئىشەنچ، كۆيۈنۈش، ھۆرمەت بولغاچقا، بۇ مۇناسىۋەت ھەم سەممىي، ھەم ھەقىقىي دوستانە مۇناسىۋەت ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئاپتورلار بىلەن تەھرىرلەر ئارىسىدا كۆپلىگەن تەسىرلىك ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. مەيلى ئاپتورلاردا بولسۇن، مەيلى تەھرىرلەردە بولسۇن، ژۇرنالغا بېسىلىۋاتقان ھەربىر ئەسەر شۇ ئاپتورنىڭ شەخسىي ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇڭ مۇھىمى، ئۇ سوتسىيالىستىك يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە قوشۇلغان بىر بايلىق دېگەن ئورتاق قاراش بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئالاھىدە ياخشى بىرەر ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقسا ئاپتوردىن كۆرە تەھرىرلەر، جۈملىدىن كەڭ مۇشتىرىلار تېخىمۇ خۇش بولىدىغان ياخشى بىر كەيپىيات ئادەتكە ئايلانغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى تەھرىر بۆلۈمىگە «چېنىقىش» ھېكايىسىنى غۇلجىدىن ئەۋەتتى. بۇ ھېكايىنى زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ ئانچە چىرايلىق بولمىغان قەلىمى بىلەن گېزىت قەغىزىدىن ئۆزى كېسىپ ياسىغان دەپتەرگە دانە - دانە ئېنىق قىلىپ يېزىپ چىققان. بىز تەھرىرلەر بۇ دەپتەرنى قولدىن - قولغا ئېلىپ زوق بىلەن ئوقۇپ چىقتۇق. بۇ ھېكايە بېسىلىپ چىققۇچە ئەسلى كۆپىيىسى بولغان ئەنە شۇ دەپتەرنى باشقا ئاپتورلارمۇ بەس - بەس بىلەن ئوقۇپ چىقىشتى. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «چېنىقىش» ھېكايىسى ئوتتۇرىغا چىققانغا قەدەر بەزى ھېكايىلار يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن «چېنىقىش» ھېكايىسى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھېكايە تەھرىر بۆلۈمى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلىپلا قالماي، كەڭ ئاپتورلار ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى.

دېمەك، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ 50 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئادىمى ئاز، ۋەزىپىسى ئېغىر بولسىمۇ تەھرىرلەرنىڭ تىرىشىپ دادىل خىزمەت قىلىشى، ژۇرنال تەھرىر ھەيئەتلىرى ۋە كەڭ ئاپتورلارنىڭ يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشى نەتىجىسىدە ژۇرنال ئۆز قەرەلىدە بىرقەدەر سۈپەتلىك چىقىپ كەلدى.

2

مەن 50 - يىللىرى ژۇرنالنىڭ شېئىرلىرىنى تەھرىرلەش خىزمىتىنى ئىشلىدىم. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئەھۋالى ھازىرقىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى. بۇ ئالدى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ چوڭ ژانىرى — پوئېزىيە، پروزا ۋە دراماتۇرگىيىدە ئالاھىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇ ئۈچ ژانىر ئىچىدە ئەڭ تەرەققىي قىلغىنى پوئېزىيە، ئاندىن قالسا پروزا ئىدى، دراماتۇرگىيە ئەڭ ئارقىدا قالغانىدى. پروزا ئەسەرلىرى ئاز - تولا يېزىلسىمۇ، ئايرىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ 50 - يىللار ئۈچۈن ئېيتقاندا تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن ھەربىر كىشىگە شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پوئېزىيە خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىدى، ئۇ ئەلە شۇ ئۇزاق تارىخىي

جەريانىدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ ۋە بېيىپ بارغان. ئازادلىقتا قەدەر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى يالغۇز كلاسسىك ئارۇز ۋەزنى شەكلىدىلا ئەمەس، بەلكى بارماق ۋەزنى شەكلىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئىجادىي يول ئاچقان ۋە بۇ يول بويىلاپ خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەنىدى، شۇنداقلا چاچما شېئىر شەكلىمۇ كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. ئەنە شۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پوئېزىيىنىڭ راۋاجلىنىشى تېز ئىدى. شۇڭا تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ تولىسى شېئىرىي ئەسەرلەر ئىدى، تەھرىرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز بەش تەھرىرنىڭ تۆتىمىز شائىر ئىدۇق.

ئاپتورلار قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ سانلىق ئاپتور پوئېزىيە بىلەن شۇغۇللىناتتى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، گەرچە خىزمەت تەقسىماتىدا بىزگە ئايرىم-ئايرىم ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ھەممىزنىڭ يەنىلا كۆپ ۋاقتى ئەنە شۇ شېئىر-داستانلارنى كۆرۈش، پىكىر بېرىش ۋە تەھرىرلەش بىلەن ئۆتەتتى. پوئېزىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى، تەبىئىي ھالدا، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى شائىرلار تەشكىل قىلغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ شائىرلارنىڭ تولىسى ئاساسەن 40-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەدەبىيات مەيدانىغا كىرىپ كەلگەنلەر ئىدى. بۇ شائىرلار ئەينى چاغدىكى ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى نىم شېھىد، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، تۇرغۇن ئالماس، ئابلىز نازىرى، ئابدۇلھەي روزى، كېۋىر نىياز، ئىبراھىم تۇردى، تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابدۇۋېلى خەلپەت، مەھەممەت رېھىم، رەخمىتۇللا جارى، غەنىزات غەيۇرانى، زەيىندىن سالىيېۋ، ئابدۇشۈكۈر يالقىن، قۇربان ئىمىن، ناسىر ھەسەن، نۇرمۇھەممەت ئېركى، جاپپار ئەمەت، نەجمىدىن سىدىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ شائىرلار ئەينى زاماندا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ پېشقەدەم ئاپتورلىرى ھېسابلىناتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ) تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئېچىلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى كۆپلىگەن ياشلار ئەدەبىيات قوشۇنىغا كىرىپ كەلدى. 1956-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بۇ قوشۇن كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، كۆپلىگەن تالانتلىق ياشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىدى. 60-يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ ياشلار ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئازادلىقتىن كېيىن يېتىشىپ چىققان بۇ بىرىنچى ئەۋلاد ئاپتورلار ئىچىدە تۇرسۇن-مۇھەممەت پەخرىدىن، مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇسالام توختى، مەمتىلى زۇنۇن، بۇغدا ئابدۇللا، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، تۇرغان شاۋۇدۇن، قۇربان بارات، ئوسمانجان ساۋۇت، ئارسلان، مامۇت زايىت قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، ئىرىشىپ ئالغا بېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى خەلققە ئۆزلۈكسىز تەقدىم قىلىپ كەلدى.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى مانا مۇشۇنداق پېشقەدەملەر ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر قوشۇننى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى توغرا سىياسىي نىشان بويىچە ئالغا يېتەكلەپ، بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ بارغاچقا، ئاپتورلار قوشۇنى مەيلى سان جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، كۈندىن - كۈنگە كامال تېپىپ، كىشى خۇشال بولارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، شىنجاڭ ئازاد بولۇپ، تاكى 1956 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغانغا قەدەر «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قوش ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى. بىرسى، تەھرىر بۆلۈمى ھەر ئايلىق ژۇرنالنىڭ ئۆز قەرەلىدە ياخشى چىقىشىنى كاپالەتلەندۈردى، يەنە بىرسى، ئۇ يازغۇچى - شائىر ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى تەشكىللەپ، تۈرلۈك ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنى 1952 - يىلى كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭدا نەچچە ئونلىغان ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى، كېيىن 1956 - يىلى ئىككىنچى قېتىم باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق باھالاش - مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي قىزغىنلىقىغا زور ئىلھام بېرىلدى.

ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى يەنە ئاپتورلارنى تۈرلۈك كەسپىي ئۆگىنىشلەرگە تەشكىللەپ، لېكسىيە ئوقۇش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەملەشتى. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ خاتىرە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئاپتورلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياخشى بىر دەرسلىك بولدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەنە شۇ يىللىرى پۇشكىننىڭ، لۇشۇننىڭ، ل. مۇتەللىپنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ خاتىرە كۈنلىرى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بۇ يىغىنلاردا ئەنە شۇ ئەدىبلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر مەخسۇس تېمىلاردا دوكلاتلار بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى دېكلاماتسىيە قىلىنغان، ئاپتورلارنىڭ ئۇلار ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ئوقۇلغانىدى. قىسقىسى، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولغان ژۇرنال چىقىرىش بىلەن بىللە كەڭ ئاپتورلار ئىچىدە تەشكىلاتچىلىق رولىنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى.

ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى يەنە پېشقەدەم ئاپتورلار بىلەن ياش ئاپتورلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئىجادىيەتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى پېشقەدەم ئاپتورلارغا ياش ئاپتورلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى قوللاش، ياردەمدە بولۇش جەھەتتىكى تەلەپنى تەكىتلىسە، ياش ئاپتورلارغا پېشقەدەم ئاپتورلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇش، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش تەلەپنى تەكىتلەپ كەلدى. شۇڭلاشقا، ئاپتورلار مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا ھۆرمەت، ئۆزئارا ئىشەنچ، ئۆزئارا كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ياخشى ئىستىل ئۆز رولىنى ئوڭۇشلۇق

جارى قىلدى. تەھرىر بۆلۈمى مۇشۇ ئاساستا، پېشقەدەم ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ياش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا تەلەپنى يۇقىرى قويۇش چارىسىنى قوللاندى. مانا بۇ چارە ئارقىلىق پېشقەدەم ئاپتورلار قولىنىڭ ئۇچىدىلا يېزىپ ئۇنى ژۇرنالدا ئېلان قىلىشقا زورلايدىغان ناچار ئىللەتكە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدە مۇمكىنقەدەر پىششىق ئىشلەيدىغان ھالەت شەكىللەنسە، ياش ئاپتورلارمۇ بىرەر ئەسىرى بېسىلىش بىلەنلا كۆرەڭلەپ كېتىدىغان ياكى تىرىشىپ ئۆگىنىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش ئورنىغا بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان ئىللەتكە خاتىمە بېرىپ، كېيىنكى ئەسىرىنى ئالدىنقى ئەسەرلىرىدىن ياخشىراق يېزىشقا تىرىشىدىغان ھالەت شەكىللەندى. نەتىجىدە ئاپتورلار قوشۇنىمىز سان جەھەتتە كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، سۈپەت جەھەتتە تۆۋەن سەۋىيىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ باردى، ئەينى زاماندا بۇ تەرەققىيات «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن ئوبدان ئىمكان يارىتىپ بەردى.

3

كىشىلەر تەھرىرلەرنى «نامسىز قەھرىمانلار» دەپ ئاتىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار ئەنە شۇ نامغا مۇناسىپ. تەھرىرلەر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل كۆرىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا قايتىدىن يازىدۇ. ئاپتورلارنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەر تەھرىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۆز ئەينى بويىچە بېسىلىدىغان ئەھۋاللار ئاز كۆرۈلىدۇ، ئەكسىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەھرىرلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئەسەر يەنىلا ئاپتورنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنىدۇ. تەھرىرنىڭ نامى يېزىلمايدۇ. مۇبادا ئەسەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسا، شان - شەرەپ ئاپتورغا بولىدۇ، مۇنداق ئەسەرگە ئۆز ئەجرىنى سىڭدۈرگەن تەھرىرنى باشقىلار كۆپ ھاللاردا ئويلاپمۇ قويمايدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتى ئەنە شۇنداق خالىسانە خىزمەت.

مەن «تارىم» ۋە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا ئازكەم 40 يىل تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا بۇ مەسىلىنى بىرقەدەر چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۆز تەجرىبەمدىن ئېلىپ ئېيتسام، ياخشى بىر تەھرىر بولۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە شەرتنى ھازىرلاش كېرەك: ئالدى بىلەن تەھرىرلىك خىزمىتىگە قىزغىن مۇھەببەت باغلاش كېرەك. بىزدە چىن كۆڭلۈگىدىن بېرىلمىسەڭ ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن، دەيدىغان ھەم ئاددىي، ھەم مەنىلىك بىر سۆز بار. تەھرىرلىكمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەنە شۇنداق چىن كۆڭۈلدىن بېرىلىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىدۇ. تەھرىرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئىش ھەركىمدىن ئۆزىنى قىزغىن سۆيۈشنى، قىزغىنلىق بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشنى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشنى بەكمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ھېلىمۇ يادىمدا، مەن «تارىم» ژۇرنىلىغا كەلگىنىمدە، ئىشنى دەسلەپتە كۆچۈرمە كاتىپلىقتىن باشلىغان ئىدىم. شۇ چاغدا بەزىلەر ماڭا: ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كۆچۈرمە كاتىپلىق قىلغىنىڭ نېمىسى؟ بۇ ئىشنى ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ قىلالايدىغۇ، دېگەن ئىدى. لېكىن مەن بۇ سۆزلەرگە پىسەنت قىلماي قولۇمنى يۈپۈرۈپ ئىشلەۋەرگەن ئىدىم؛ چۈنكى، ماڭا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، تەھرىرلىكتە ئىملانى توغرا قوللىنىشنى بىلىش،

خەتنى ئېنىق، چىرايلىق يېزىش سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. خەت سەت، گا ـ
دىرماش بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىملا خاتالىقى كۆپ بولسا، تەبىئىيكى، باسمىخانىدىكى نا ـ
بورچىكلار ئۈچۈن كۆپ ئاۋارىچىلىق تېرىپ بېرىپلا قالماي، كوررېكتور كۆرۈش، ئەسەر
تەھرىرلەشتىمۇ ئوخشاشلا بۇنىڭ زىيىنى چوڭ بولىدۇ. يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ
ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بۇنداق بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەنلىكى يادىمدا. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى مەزگىلىدە «ئالغا» گېزىتىدە ئىشلەۋاتقاندا دىققەتسىزلىك قىلىپ كوررېكتوردا
كىچىككىنە خاتالىقا يول قويغانلىقى ئۈچۈن، گېزىتخانا رەھبەرلىكى ئۇنىڭ شۇ ئايلىق
ئىش ھەققىنى تۇتۇۋېلىش ھەققىدە قارار ماقۇللاپ، بۇ قارارنى چوڭ خەت بىلەن يېزىپ،
گېزىتخانا قورۇسىغا چاپلىغان. يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋ بىزگە ئەنە شۇلارنى سۆزلەپ
بېرىپ: «شۇ چاغدا كۆرۈلگەن بۇ چارە مېنىڭ ئۇيقۇمنى ئېچىپ قويمىغان بولسا، ھازىر ـ
غىچە بىرمۇنچە زىيان تېرىپ بېرىدىكەنمەن» دېگەنىدى.
مەن كۆچۈرمە كاتىپلىقنى بىرقەدەر ئىگىلىگەندىن كېيىن، ژۇرنالنىڭ كوررېكتورىنى
كۆرۈشنى ئۆگەندىم. بۇ جەھەتتە ماڭا يولداش ئىمىن تۇرسۇن ۋە مۇھەممەتسىدىق
نورۇزوۋقا ئوخشاش پېشقەدەم تەھرىرلەرنىڭ ياردىمى چوڭ بولدى. بەزىلەر كوررېكتور ـ
لۇقنى بەك ئاسان چاغلايدۇ، لېكىن ئۇ ئانچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، ئەيىنى يىللاردا
ئۇيغۇر كوررېكتورلۇقىغا دائىر بىرەر قوللانما يوق ئىدى، شۇندىمۇ باسما زاۋۇت ۋە
نەشرىياتلار كوررېكتور بەلگىلىرىنى بىر تۇتاش قوللىناتتى، تەبىئىيكى، بىزمۇ شۇنداق قى ـ
لاتتۇق. مەسىلەن، ھەرپلەرنى ئايرىش، قوشۇش، قۇر بېشى، قۇرلارنى پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق
نۇرغۇنلىغان شەرتلىك بەلگىلەرنى يادلىۋېلىش، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ يىللىرى ئۇيغۇر ئىملا قائىدىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتـ ـ
قاچقا پات ـ پاتلا يېڭى ھەرپلەر ئىجاد قىلىناتتى، بۇرۇن بىز قوللىنىپ كېلىۋاتقان بەزى
ھەرپلەرنىڭ ئىشلىنىشىدە ئۆزگىرىش بولاتتى، ئاتالغۇلارمۇ تېز ـ تېز يېڭىلىناتتى.
تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلىمىگەندە تەبىئىيكى، كوررېكتوردا
خاتالىق يۈز بېرەتتى. شۇڭلاشقا بىز ئىملا قائىدىسىنى ئۆگىنىشنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە
قويغانىدۇق.
شۇنىڭ بىلەن بىللە تەھرىر يۇقىرى سىياسىي سەۋىيىگە ۋە كەسپىي سەۋىيىگە
ئىگە بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي
نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بىرقەدەر مۇكەممەل ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ، نىشان ـ يۆنى ـ
لىش مەسىلىسى. 50 ـ يىللىرى ۋە 60 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر
بۆلۈمى سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە،
مەن تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن يىللىرى كۆپچىلىك «ۋ. ك. پ (ب) تارىخى» نى ئۆگىنىۋاتـ ـ
قان ئىكەن، كېيىن بىز ئىككى توملۇق سىياسىي ئىقتىساد دەرسلىكىنى ئۆگەندۇق. مارك ـ
سىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى يەنى سىياسىي ـ ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم ۋە پەلسەپىدىن
ئىبارەت ئۈچ ساھە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۆگىنىشلەرنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىن
بىزگە ناھايىتى زور پايدىسى تەگكەنلىكىنى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا چوڭقۇر ھېس قىلىپ

كەلدۇق. پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى خەلق ئاممىسىغا توغرا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر بىر تەھرىر يەنە پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، يۇقىرى سىياسىي سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى لازىم. شۇندىلا خاتالىقلاردىن، بولۇپمۇ پرىنسىپال سىياسىي خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەينى يىللاردا خىزمەت ئەمەلىيىتىمىزدىن چىقارغان يەكۈنىمىز ئىدى.

تەھرىر يەنە يۇقىرى كەسپىي سەۋىيىگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. تەھرىر ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگۈچى، باھالىغۇچى، ئۆزگەرتكۈچى. ئەگەر ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى باشقىلاردىن تۆۋەن بولسا، بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى قىيىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەھرىرلىكىنى، يەنى ئۆزگەرتكىنى ئەسلى ئاپتورنىڭكىدىن تۆۋەن بولماسلىقى، بەلكى ئۈستۈن، توغرا بولۇشى كېرەك. قاش ياسايمەن دەپ كۆز چىقىرىدىغان تەھرىر، تەبىئىيكى، ئاپتورنىڭ ئەسىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئورنىغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ ھالدا ئەسلى ئەسەر ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىز مانا مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇمكىنقەدەر سۈپەتلىك تەھرىرلەشنى ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرسى قىلغاندۇق. بەزىدە شۇنداق ھاللارمۇ يۈز بېرەتتىكى، سەن ياخشى پىكىرنى تېپىپ، خېلىلا قاملاشقان مىسرالار ۋە ئېپىزوتلارنى مېڭەڭدە ئويلاپ قوياتتىڭ. تويۇقسىز باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھرىرلىگەندە دەل ئەنە شۇ مىسرا، ئېپىزوتلىرىڭنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. مۇنداق ھاللاردا بىز ھېچقانداق ئىككىلەنمەي بۇنى باشقىلارغا «ئۆتۈنۈپ» بېرىۋېتەتتۇق. ئۆز ئەسىرى شۇ تەقلىدتە ئۆزگەرتىلگەن ئاپتورلار ئۇلارنى كۆرگەندە رازى بولاتتى، سۆيۈنەتتى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆز ئەسىرىنى ئالدىنقى ئەسىرىدىن پىششىق ئىشلەشكە تىرىشاتتى. بىز ئۇلاردىكى بۇ خىل ئىلگىرىلەشلەرنى كۆرۈپ، ئۆز ئىشىمىزدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولاتتۇق. ھەر بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى مۇمكىنقەدەر ئەسلى ئورىگىنالىدىن يۇقىرى سەۋىيىدە تەھرىرلەش ئاپتورلار ئۈچۈن ياخشى بىر دەرسلىك بولۇش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ تەھرىرلەرگە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى كۈچەيتەتتى.

تەھرىرلەر يەنە يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىلمىي سەۋىيە دېسە بەزى يولداشلار نوقۇل ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئەلۋەتتە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى پىششىق بىلىش زۆرۈر، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەندىنمۇ بىرقەدەر ساۋاتلىق بولۇش كېرەك. ئەينى يىللاردا بىز تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر يېڭى نەشىر قىلىنغان جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ قەدىمىي ھەم ھازىرقى زامان تارىخى، جۇغراپىيىسى، پەلسەپىسىگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشنىمۇ ئادەتكە ئايلاندۇرغاندۇق.

4

ئۆز تەجرىبەمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەھرىرلىك ئەخلاقى ھەر بىر تەھرىرنىڭ پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر مىزان. بۇنىڭدا ئەڭ ئالدى بىلەن توغرا تەھرىرلىك كۆز قارىشى بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. بىر ئەدەبىي تەھرىر شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنى

گۈللەندۈرگۈچى باغۋەن دېيىلسە مۇبالىغە بولمىسا كېرەك. تەھرىر مەلۇم جەھەتتىن مۇئەللىمگە ئوخشاپ كېتىدۇ، مۇئەللىم سىنىپنى دەرسخانا قىلسا، تەھرىرنىڭ دەرسخانىسى كەڭ جەمئىيەتتىن ئىبارەت. ئۇ ئەنە شۇ جەمئىيەتتىكى ئۈنلىغان، يۈزلىگەن ياش ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەيدۇ. بىزدە: تەربىيىلىگۈچىنىڭ ئۆزى ئالدىن تەربىيىلىنىشى كېرەك، دېگەن سۆز بار. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى تەربىيىلىنىش ھەممىدىن بۇرۇن ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى، يەنى كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، تەھرىر ئالدى بىلەن ئاپتورلارنى ئويلىشى، ئاپتورلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. مەن بىلەن خىزمەتداش بولغان پېشقەدەم تەھرىرلەر مانا مۇشۇ تۈپ مەسىلىدە ئۆزلىرىگە بىرقەدەر ئېغىر تەلەپ قوياتتى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەينى يىللاردىكى تەھرىرلەر ۋە تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى ئاساسەن يازغۇچى- شائىرلار ئىدى، ئۇلار كۆپلىگەن ئاپتورلارغا قارىغاندا ياخشى يازاتتى، كۆپ يازاتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ژۇرنالغا قانچە كۆپ باسقاندىمۇ جامائەتچىلىك ئىچىدە نارازىلىق تۇغۇلۇشى ناتايىن ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى ئىدى. بىراق ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇمكىنقەدەر بۆلەك گېزىت- ژۇرناللارغا كۆپ بېرىپ بۇ ژۇرنالغا ئاز بېرىپ، باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالدا كۆپرەك ئورۇن ئېلىشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرەتتى. ئېسىمدە مۇنۇ تەسىرلىك ئىشلار ئېنىق تۇرۇپتۇ: شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ چاۋشىيەنگە زىيارەتكە بارغاندىن كېيىن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانىدى، ئۇ ئاشۇ شېئىرلىرىدىن بىرنەچچىسىنىلا ژۇرنالدا ئېلان قىلغان، كۆپ قىسمىنى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تىنچلىق ناخشىسى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزگەنىدى. يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق ل. مۇتەللىپ ھەققىدە يازغان «تاڭ ئالدىدىكى يۇلتۇزلار» دېگەن پوۋېستىنى ژۇرنالغا بەرمەي ئۇدۇللا ياشلار نەشرىياتىغا بەرگەنىدى. يولداش ئابدۇكېرىم خوجا مۇتەللىپ ھەققىدە يازغان «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» دېگەن ئوچېركىنى «ياش كوممۇنىست» ژۇرنىلىغا بەرگەنىدى ۋە باشقىلار. مېنىڭچە، مۇنداق روھ بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قويمايدۇ.

تەھرىر بىلەن ئاپتور بىر گەۋدە، يەنى پەلسەپىۋى ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا، قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ئىككى تەرىپى. تەھرىردە توغرا دۇنيا قاراش ۋە ئادىل كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشى بولسا، ئاپتور روناق تاپىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئاپتور توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئەينى يىللاردا بىز مۇشۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشكەنىدۇق. بىزنىڭ پرىنسىپىمىز: ئاپتورغا قارىماسلىق، ئەسەرگە قاراش ئىدى. يەنى ئاپتور تەھرىرنىڭ تۇغقىنى، يۇرتدىشى، ساۋاقدىشى، ئۇلپىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يازغىنى ناچار بولسا، ھەرگىز ژۇرنالغا بەرمەسلىك؛ ئەكسىچە تەھرىر ئاپتورنى تونۇمىغان، تونۇسىمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولمىغان، ھەتتا بۇ ئاپتور بىلەن تەھرىر ئارىسىدا مەلۇم شەخسىي ئارازلار بولسىمۇ ئاپتورنىڭ يازغىنى ئوبدان بولسا، چوقۇم ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت مىزان بويىچە ئىش قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاپتورلارنىڭ

تەھرىر بۆلۈمىگە نىسبەتەن ئۇنداق، ياكى مۇنداق نارازىلىقلىرى ئاز بولغانىدى.

دۇرۇست، بەزىدە بىزدىن رەنجىيدىغان ئاپتورلارمۇ چىقىپ قالاتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم مەلۇم بىر ياش شېئىر ئەۋەتىپتۇ، گەرچە شېئىر بىرقەدەر ياخشى يېزىلغان بولسىمۇ، تەكرار كۇپلېتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەن بۇنى تەھرىرلەپ خېلىلا قىسقارتىۋەتتىم. بۇ شېئىر بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاپتور بۇ شېئىرنىڭ قەلەم ھەققىنى تاپشۇرۇۋېلىپ خاپا بوپتۇ. ئۇ تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىپ: «مەن بىزنىڭ قەلەم ھەققىگە بىر شىبىلىت كىيىۋالارمەن دېسەم، سىلەر قىسقارتىۋېتىپسىلەر» دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا مەن سىرتقا خىزمەتكە كەتكەنىدىم. تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار بۇ ياش ئاپتورغا تەمكىنلىك ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپتۇ. تەھرىر بۆلۈمىگە قاتتىق خاپا بولۇپ كەلگەن ئاپتور ئاچچىقىدىن يېنىپ، ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپتۇ. كېيىن ئۇ ياش تەھرىر بۆلۈمىنىڭ دائىملىق ئاپتورى سۈپىتىدە يەنە داۋاملىق ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ تۇردى. يەنە بىر مىسال، بىزنىڭ ئايرىم پېشقەدەم ئاپتورلىرىمىز بۇرۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، كېيىنكى چاغدا يېزىشتىن توختىۋالغان ياكى يازسىمۇ قولىنىڭ ئۇچىدا يازىدىغان يامان ئادەتنى چىقىرىۋالغانىدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشىغا ئىلھام بېرەتتۇقكى، ھەرگىز ئۇلارغا غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولمايتتۇق.

بۇ يەردە بولۇپمۇ ياش ھەۋەسكارلار مەسىلىسى ئالاھىدە زور مەسىلە ئىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان بىر ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەھرىرنىڭ يېتەكچىلىك رولى ئىنتايىن مۇھىم. بىر ياش بىرىنچى قېتىم تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگىنىدە ياكى تۇنجى ئەسىرىنى ئەۋەتكىنىدە تۈرلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتتا بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى بىزمۇ شۇنداق ھالەتلەرنى ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن. ئەگەر ئۇ ئەنە شۇ تۇنجى قەدەمدە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە مۇيەسسەر بولسا، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ماڭغان يولىغا ئىشەنچ كۈچىيىپ، تېخىمۇ جۇشقۇنلۇق بىلەن ئىجاد قىلىدۇ.

ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى بوينىغا پىئونېر گالستۇكى تاققان بىر بالا تەھرىر بۆلۈمىگە ئەيمىنىپ كىرىپ كەلدى. بىز ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدۇق. ئۇ ماڭا مەشق دەپتىرىگە يازغان شېئىرىنى بەردى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ شېئىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تام گېزىتلەرگە يازىدىغان ئاددىي شېئىرلىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى. بۇنى ژۇرنال سەھىپىسىگە چىقارغىلى تېخىمۇ بولمايتتى. شۇندىمۇ بىز ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يەنە داۋاملىق مەشق قىلىشىنى ئالاھىدە تاپىلىدۇق. ئۇ بىر دېگەندەك ئۈزلۈكسىز مەشق قىلىپ، كۆپ ئۆتمەي ياخشى شېئىرلارنىڭ ئاپتورىغا ئايلاندى. ئەنە شۇ پىئونېر بالا ھازىرقى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرسى بوغدا ئابدۇللا.

بىر كۈنى تۇرغان شاۋدۇن تەھرىر بۆلۈمىگە ئۆزىنىڭ «قىزىلگۈل» ناملىق شېئىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ شېئىر ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغانىدى. ئەنە شۇ شېئىرنىڭ:

قىزىلگۈلۈم، زەپمۇ قىزىل ھۆسنۈڭ سېنىڭ،
جەڭلەر ئارا مەردلەر تۆككەن قانمىدىڭ سەن؟

دېگەن ئىككى مىسراسى ھازىرغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە بۇندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق مۇشۇنداق ياخشى شېئىرلارنى يېزىش تەلىپىمىزنى ئىزھار قىلدۇق.

يەنە بىر قېتىم ئوسمانجان ساۋۇت «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن شېئىرىنى ئەۋەتتى. ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق يېزىلغان بۇ شېئىر تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. قۇربان بارات بوي-تۇرقىنىڭ كىچىكلىكى، ئۆزىنىڭ سەبىيلىكى، شۇنداقلا تېتىك-چاققانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ «يېشىل يايلاق» دېگەن شېئىرىدىكى موزايلارنى مىنىپ ئوينايدىغان باللارنىڭ تەسۋىرى ياخشى بېرىلگەنىدى...

مەن 1953-يىلدىن «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى قايتا نەشر قىلىنغىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە 20 نەچچە يىل ئىشلىگەن بولسامۇ، لېكىن، 50-60-يىللارنىڭ ئالدىنقى چاغلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەيمەن. گەرچە بۇ يىللاردا ھازىرقىغا سېلىشتۇرغاندا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ شەرت-شارائىتى ناچار، قىيىنچىلىقلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئىشلار يەنىلا ئوڭۇشلۇق ھەم كۆڭۈللۈك يۈرۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ كەملەردە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەنلىياڭدىكى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى قورۇسىنىڭ ئارقا ئىشىكى يېنىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆيدە ئىدى. بۇ ئۆيگە كۈن نۇرى ياخشى چۈشمىگەچكە، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى ئېلېكترنى يېقىپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىككى دېرىزىسى كوچىغا قارايتتى. كوچا چاڭ-توپىلىق بولغاچقا، دېرىزىلەرنى ئاچقىلى بولمايتتى. ئەنە شۇ تار ئۆيدە بىز ئالتىمىز چۆرىدەپ قويۇلغان ئالتە ئۈستەلدە ئىشلەيتتۇق. كۆپچىلىككە شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، ئازادلىقنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخى سەبىي ھالدا ئىدى. يازغۇچى-شائىرلار ساناقلىق ئىدى، ئەدەبىي تەھرىرلەر تېخىمۇ ئاز ئىدى. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا يازغۇچى-شائىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپە تۇراتتى. پېشقەدەم يازغۇچى-شائىرلىرىمىز ۋە تەھرىرلىرىمىز بارلىق دىققىتىنى مۇشۇ ئىشقا قاراتقانىدى. بۇ جاپالىق ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۇلار جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشەتتى. مەسىلەن، يولداش ئەلقەم ئەختەم ئەينى چاغدا مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى؛ يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭمۇ باشقا ۋەزىپىلىرى بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇلار كۆپ ۋاقتىنى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا سەرپ قىلاتتى، ئۆزىنى ئەدەبىيات ئىشىغا بېغىشلايدىغان مۇنداق پىداكارانە روھ بىزنىڭ پېشقەدەم يازغۇچى — شائىرلىرىمىزنىڭ ئېسىل خىسلىتى ئىدى.

مۇنداق بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

50-يىللارنىڭ ئاخىرىدا يازغۇچى زۇنۇن قادىرنى يۇقىرىدىن چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن

مەدەنىيـەت ئازارىـتىنىڭ نازىـرلىـقىنى ئىشلـىشى ھەقـقـىدە پىكىر ئالغان. كېـيىن
زۇنۇن قادىـرنىڭ بىزگە ئېـيتـىپ بېرىـشىـچە، ئۇ: «مەن بىر يازغۇچى، ھازىـر بىزدە
يازغۇچـىلار ئاز، خەلـق بولـسا كـۆپـلەپ ياخـشى ئەسەرلەرگە موھتاج. مەن بىر ياقتىن
يېزىـپ، بىر ياقـتىـن ياش يازغۇچـىلارغا ياردەمـلەشـسـەم، دېـگەن نـيـەتـتە. مۇشۇ
ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسام ماڭا شۇ كۇپايە» دەپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئادەمـ
نى بەلـگـىلەشـنى ئۆتۈنـگەن. مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا ۋاپاتىدىن سەللا بۇرۇن يازغان
10 قۇرلۇق قىسـقا بىر ماقالـىسىدە: «مەن باشقا مەنسەپلىرىمنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيـ
دۇ، دەپ ئويلايـمەن، ماڭا شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان دېگەن مۇشۇ مەنسەپ يېتىپ
ئاشىدۇ» دەپ تەكىتلىگەن.

مەن ھەر دائىـم ئەنە شۇ پېـشقـەدەم تەھـرىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى
ئەسـلىگىنىـمدە، لېنىن ئۆز ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە مەدھىيىلىگەن ئۇلۇغ رۇس دېموكرات
يازغۇچىسى گېرتسىنىڭ: «ئۆزىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئەدەبىيات ئىشى ئۈچۈن قۇربان
قىلالمىغان كىشى ئەدەبىياتنى تاشلىۋەتسە بولىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئىختىيارسىز
يادىمغا ئالىمەن.

بىزنىڭ ئەنە شۇ پېشـقەدەم تەھرىر ۋە يازغۇچىلىرىمىز خۇددى گېرتسىن ئېيتقانـ
دەك «ئۆزىـنىڭ بەخت - سائادىتـىنى ئەدەبىيـات ئىشى ئۈچۈن قۇربان قىلغان» كىشىلەر
ئىـدى. ئەدەبىـيـات ئىشىنى ئۆزىـنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىغا ئايلاندۇرغان بۇ پېشقەدەملەر
ئالغا ئىلـگىرىلەش يولىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەرنى قەيسەرلىك بىلەن
يېڭـىپ كەلگەنـىدى. ئەينى يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز
بەرگەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان. بۇنىڭغا پەقەت مۇنۇ بىرلا مىسالنى ئېيتىپ ئۆتسەك كۇپـ
پايە. 50 - يىـللارنىڭ ئاخـىرى ۋە 60 - يىلـلارنىڭ باشلىرىدا «سول چىل» خاتا ئىدىيە
تۈپەيلى «ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش» دەيدىغان شوئار ئوتتۇـ
رىغا قويۇلغانىدى. بۇ چاغدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنى ئىلگىرى - ئاخىر
قەشقـەر ۋە ئىلى رايونلىرىغا ئەۋەتكەنىدى. بىزگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە «ئىشچى - دېھقان ئاپـ
تـورلىرىـنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ژۇرنال چىقىرىش» ئىدى. بۇ ئىنتايىن سول ئىدىيىنىڭ
تەسىـرىـدە بىر غەلـتە ۋەزىيـەت شەكىللەنگەن ئىدىكى، تەھرىرلەر ئەسەر يېزىـپ، ئۇنى
كۆكشى شۇجىلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقلىرى، ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئەسكەرـ
لەرنىڭ نامىدا ئېلان قىلىشقا توغرا كەلگەنىدى. ئەنە شۇ يىللاردىكى «تارىم» ژۇرنىلىنى
بىر قۇر ۋاراقلاپ كۆرگەن ھەر بىر ئادەم بۇنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. ئۇلاردىكى ھېـ
كـايە، ئوچېرىك، داستان، شېئىر ۋە باشقىلارنى تەھرىرلەردىن تېيىپچان ئېلىيېۋ، ئابـ
دۇكېرىم خوجا، مەھەممەت رېھىم، ئەرشىدىن تاتلىق، پەتتارجان مۇھەممەدى، ئابلىمىت
سادىـق ۋە مەن يازغان ئىـدۇق. ئەلۋەتتە، مەجبۇرىيەت تۈپەيلى قىلىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ
خاتالىقى ھەققىدە ئۇ چاغدا ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن تەھرىرلەر چىـ
شـىنى چىشـىغا چىشـلەپ، بۇ ئېغىـر ئۆتكەلدىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنىدى. ئۇلار
باشقـىلار نامىـدا يېزىـۋاتـقان ئەنە شۇ ئەسەرلىرىنى يەنىلا ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى

يېزىشقا تىرىشقان، ھېچكىم، مېنىڭ ئەسىرىم باشقا ئادەمنىڭ نامىدا ئېلان قىلىندى دەپ زارلىمىغان، كېيىنكى چاغلاردىمۇ داۋا - دەستۇر قىلىنمىغاندى. يەنە شۇ يىللىرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ژۇرناللاردا ئاپتورنىڭ ياكى تەرجىماننىڭ ئىسمى يېزىلمىغان بىرمۇنچە ئەسەرلەر ۋە تەرجىمىلەر ئېلان قىلىنغانىدى. بۇنىمۇ تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار ئىشلىگەنىدى. يۇقىرىدا ئېيتقانىدەك، بىزنىڭ تەھرىرلىرىمىز جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە دائىم يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇپ كەلگەنىدى. بەزىدە شۇنداقمۇ ئاپتورلار چىقىپ قالاتتىكى، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ژۇرنالغا چىقىرىش ئۈچۈن تەھرىرلەرنى مېھمان قىلىشقا، ئۇلارغا سوۋغا - سالام بېرىشكە، ھەتتا ئۆيلىرىگە كېلىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە ئۇرۇناتتى. باشقا نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلار سەن بۇ ئەسىرىمنى بېسىپ بەرسەڭ، مەندىمۇ سېنىڭكىنى باسىمەن، دەپ سودا قىلماقچى بولاتتى، بەزىلىرى ئەسىرى بېسىلسا قەلەم ھەققىنىڭ مەلۇم پىرسەنتىنى تەھرىرگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتىنمۇ يانمايتتى؛ شۇنداقلا مەلۇم تەھرىرگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قەستەن ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاشقا، ئۇنىڭ ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغان ئەسىرىنى «دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر» دەپ، ئۆزىنى «ئاز كۆرۈلىدىغان تالانت» دەپ مەدھىيىلەشكە ئۇرۇناتتى. تەھرىر بۆلۈمىدە يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ ھەرقانداقى ئىنتايىن نومۇسسىزلىق دەپ قارىلىپلا قالماي گۇناھ ھېسابلىناتتى. ئەگەر تەھرىرلەردىن كىمدە - كىم شۇنداق ئىشلارغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يول قويسا، رەھبەرلىك بۇنى ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق بىرتەرەپ قىلاتتى. قەلەم ھەققىنى ئىجادىي قىزغىنلىقنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات دەپ چۈشىنىش كېرەكلىكىنى، ھەرگىز قەلەم ھەققى مەستانىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تالانت، ئەقلىنى تاۋار ئورنىدا سېتىپ، پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلانماسلىقنى، تالانت ھەرقانداق ماددىي بايلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بايلىق ئىكەنلىكىنى، تالانتنى قەدىرلەش ئەينى زاماندا كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇلار شۇنداق دەپلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە يارىتىپ بېرەتتى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ژۇرنالغا ئاز بېرەتتى، ژۇرنالغا بېرىلگەنلىرىگە باشقىلارغا قارىغاندا تۆۋەن قەلەم ھەققى بېرەتتى.

* *

مەن ئۆتكەنكى ئەنە شۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم ئىختىيارسىز ھالدا: «تارىم» — مېنىڭ مەكتىپىم، دېگۈم كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مەن ئۈچۈن «تارىم» — ئىككىنچى ئىنستىتۇت بولدى.

مەن «تارىم»غا كەلگەندىن كېيىن، پېشقەدەم يازغۇچى - شائىرلارنىڭ تەربىيىسى ۋە ياردىمىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندىم. ئەنە شۇ ئاساستا، بۈگۈن تۆت پارچە شېئىر - داستانلار توپلىمىنىڭ، بىر كىنو سىنارىيىسىنىڭ، نەچچە ئوندىن ئىلمىي - تەنقىدىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورى بولۇپ قالدىم.

مەن «تارىم»غا كەلگەندىن كېيىن پېشقەدەم تەھرىرلەرنىڭ تەربىيىسى ۋە ياردىمى، ۋە ئۆزۈمنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى ئارقىسىدا بۈگۈن كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇپ قالدىم.

مەن «تارىم»غا كەلگەندىن كېيىن، پېشقەدەم ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ تەربىيىسى ۋە ياردىمىدە ئەدەبىي تەرجىمىگە دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئەنە شۇ ئاساستا بۈگۈن بىر ئەدەبىي تەرجىمان بولۇپ قالدىم.

شۇڭلاشقا مەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئۆتكۈزگەن يىللىرىمنى ئىپتىخارلىق بىلەن ياد ئېتىمەن. ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئەسلىگەندە، مەندىن چوڭ ياشتىكى پېشقەدەم يازغۇچى - شائىرلارغا، تەھرىرلەرگە، ئەدەبىي تەرجىمانلارغا تەشەككۇر ئىزھار قىلغۇم كېلىدۇ.

مېنىڭ ئۆز ھاياتىمدىن چىقارغان يەكۈنۈم شۇكى، پېشقەدەم ئەدىبلەر بولمىسا ياش ئەدىبلەر بولمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. ئەجدادلار ئەۋلادلارنى يېتەكلەپ، ئەۋلادلار ئەجدادلار ئىشىغا ۋارىسلىق قىلغاندىلا ئاندىن بۇ تەرەققىيات ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، بەلكى راۋاجلىنىپ بارىدۇ. مەنمۇ 60 - يىللىرى بىر ياش ئىدىم، مەن ھازىر بەزى ياشلارنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەھىپىسىنى بىز ئاچىمىز»، «ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ چوققىسى بىز»دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. 50-، 60 - يىللاردىمۇ مۇشۇنداق ياشلار چىققان، ئۇلار بىردىر ئەسىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققىنى بىلەنلا كۆرەڭلەپ، تېرىسىگە پاتماي «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت پويىزنىڭ بۇقىسى مەن» دېيىشكەنىدى. ئەپسۇسكى بۇ «بۇقىلار» مەغرۇرلىنىپ خۇدىنى بىلمەي، كۆچكەن يۇلتۇزلاردەك ئەدەبىيات ئاسمىنىدا غىل - پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولغانىدى. بۇ ئاچچىق ساۋاقنى بىز ھازىرمۇ ئەستە چىڭ ساقلىغىنىمىز ياخشى، دەپ ئويلايمەن.

بۈگۈن «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىگەندە، بۇ ئەسلىمىنى تۆۋەندىكى ئىككى جۈملە سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرغۇم كېلىدۇ:

«تارىم» ئەدەبىيات گۈلزارى تېخىمۇ رەڭدار گۈللەرگە تولسۇن!

پېشقەدەملەرنىڭ پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈلگە يارىتايلى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

# تەبرىك ۋە ئۈمىد

— «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

«تارىم» 40 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ياش جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ غەربىي زېمىنىدا يېڭى، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ۋە نوپۇزلۇق تۇغى، ئىلھامبەخش گۈلشىنى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى.

«تارىم» — قەدىمكى يىپەك يولى ئاسمىنىدا پارلىغان يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يېڭى ئاي! ئۇنىڭ خىزمىتى يورۇتـماقلىق...

«تارىم» — ئاپتونوم رايونىمىزدا تىنىمسىز كۆپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان يالقۇنلۇق، ھېسسىياتچان يۈرەك! ئۇنىڭ پائالىيىتى ئۈمىدلىك تەلپۈنمەك...

«تارىم» — داڭلىق ناخشا - ئۇسسۇل ماكانىدىكى ئەقىل - ئىقتىدار مۇنبىرى! ئۇنىڭ فۇنكتسىيىسى پىكىر يۈرگۈزمەك...

«تارىم» — ئاپتور ۋە كىتابخانلىرى، ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە تۇغۇلۇۋاتقان دوستلىرىنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن يېتەكلەيدىغان سۇمۇرغ! ئۇنىڭ ئىپتىخارى ئادالەت ۋە ئېزگۈ...

«تارىم» — زامانىۋى، سوتسىيالىستىك، يېڭى ئۇيغۇر روھىيىتىنى يېتىشتۈرىدىغان ھەيكەلتىراش! ئۇنىڭ قىممىتى مىللەتنىڭ ئىناق، ئىلغار ۋە ئىجابىي روھىيىتى...

«تارىم» — 40 يىللىق مۇساپىنى تاماملاپ، يېرىم ئەسىرلىك مول سەمەرىلىرى بىلەن كەلگۈسى ئەسىرگە يۈزلەنمەكتە! يىللار، ئەسىرلەر خۇددى دەريا - شارقىراتمىلاردەك ئۆتتۈپ، يىل - زامانلىرىمىزنى قەدىمىيلەشتۈرىدۇ. كەلگۈسى كىشىلەر يەنىلا «تارىم» سەھىپىلىرىدىن دەۋرىمىز ئوبرازىنى ۋە قەلەمكەشلىرىمىز قەلبىنى قايتا كۆرۈشىدۇ. ئۆتەر يىللارنىڭ «تارىم» غا پېشقەدەملىك گۈل تاجلىرى ۋە تارىخىي ئەتىۋارلىق خاسىيەتلىرىنى بېغىشلىشىدا شۈبھە يوق! ئۇ دەۋرىمىز مۇئەللىپلىرى ياراتقان ۋە كەلگۈسىگە يادىكار قالىدىغان ئەڭ چوڭ «ياخشى سۆز»!

«تارىم» مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مول ئەدەبىيات -

سەنئەت خەزىنىسى تۈن ئەمالىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەقىل چىراقىغا ئېرىشتى. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز يېڭى ژانىر ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن مىڭ-مىڭ يىللىق ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرالىدى. ئۇنىڭغا پېشقەدەملىرىمىزنىڭ يۈرەك قېنى، ياش ئاپتورلىرىمىزنىڭ مېھرى سىڭدى. ئۇ يېتىلدى، ئۇ يېتىلدۈردى، ھاياتىي كۈچىنى، گۈللەش، چۈشكۈنلىشىش قانۇنىيەتلىرىنى روشەن ئىپادىلىدى. بوران-چاپقۇنلار ۋە بىخۇدلۇقلار كۆتۈرگەن چاڭ-توزانلار ئۇنى كۆمۈۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى «تارىم» خەلقىنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارى، قۇياشقا يۈزلەنگەن تارىخ سىمفونىيىسىنى ئورۇندايدىغان جەزىبىكار ئوركېستىر بولدى. ئۇنىڭ ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە قالىدىغان نۇرانە سەھىپىسىدە خۇنۇكلۇك كۆرستىشتىنىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولمىسا كېرەك.«تارىم» ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. بىر زامان، يەنە بىر زامان كىشىلىرىنى ئۆز ساھىلىغا كۆمۈپ قويۇپ، راۋانلىق يولىدا ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. كۆمۈلگەنلەرنى تاللىۋېلىش بىزگە رېئال بولمىغان كەلگۈسى دۇنيا كىشىلىرىدىنىڭ باھا، ئۆلچەملىرىگە باغلىق. بۇ بىز ئۈچۈن ئېزگۈ ئارزۇ ياكى تەرسا خام خىيال بولۇشى مۇمكىن.

«تارىم»نىڭ مۇشكۈل خىزمىتىگە ھەسسە قوشقان مۇھەررىر، كوررېكتورلارغا ۋە ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن بارلىق ئىززەت ئىگىلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. ئۇلارنىڭ دائىمىي ئەمگىكى بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر مەلىكىسىنى پەپىلەپ ئۆستۈردى ۋە ۋايىغا يەتكۈزدى.

«تارىم»— شىنجاڭ مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۆھەر بولۇشقا مۇناسىپ!

ئۇ زامانىمىزنىڭ ھېكمەت ئۇستازلىرىدەك پاراسەت مۇنبىرىدىن ئورۇن تۇتسۇن!

ئۇ ماكانىمىزنىڭ گۈلگۈن دالىلىرىدەك روھىي زېمىنىغا خۇش پۇراق تارقاتسۇن!

ئۇ كۆكلەرگە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك دۇردانىلىرىنى چاچىدىغان لاچىندەك پەرۋاز قىلسۇن!

ئۇ، تۇلپاردەك نەرە تارتىپ، بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋاز سايراپ، جەڭچىدەك تىنىمسىز جەڭ قىلسۇن!

ئۇ، سۇمۇرغدەك ئاتەش ئىچىدە دائىم پاكلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ تەشنالىقىنى ھەقىقىي كەۋسەر بۇلاقتەك قاندۇرسۇن!

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

# ئالقىش ۋە ئۈمىد

1951 - يىلى كۈز ۋاقتى بولسا كېرەك، بىر يەكشەنبە كۈنى كوچا ئارىلاپ كېتىۋېتىپ كىتابخانىغا كىردىم. كۆزۈم بىردىنلا كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويۇلغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىغا چۈشۈپ، كۆڭلۈم يورۇپ كەتكەندەك بولدى. دەرھال ژۇرنالدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، قىزىقىپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ھازىرقى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى نۇسخىسى ئىدى. بىز شۇندىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدىن ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھەرخىل ژانىردىكى بەدىئىي ئەسەرلىرىنى، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىنى، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ دۇردانىلىرىنى، قېرىنداش مىللەتلەر ۋە جاھان ئەدەبىياتىدىن تەرجىمەلەرنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرمۇ خېلى بار. بۇ ئەسەرلەر كۆڭۈل ئۇيۇقىمىزنى كېڭەيتىپ، مەنىۋى ئېھتىياجىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە تەمىن ئېتىپ كەلدى، شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ، جۈملىدىن بالىلار ئەدەبىياتى قوشۇنىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئۇنتۇلمىغۇسىز تەسىر كۆرسەتتى.

«تارىم» ژۇرنىلى يېڭى چىققان چاغلاردا ئۇنىڭ بەتلىرىدىن بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەرلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى، چۈنكى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغانلار ئۇ چاغلاردا يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ بوشلۇقنى ھېس قىلغان «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار ئۆسمۈر بالىلارنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە ژۇرنال سەھىپىسىدىن ھەر دائىم ئورۇن بېرىپ تۇرۇشنى كۈنتەرتىپىگە قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار يازغۇچى، شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلارنى بالىلار ئۈچۈنمۇ ئەسەر يېزىشقا دەۋەت قىلدى. مەن شۇ چاغلاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ دەرسلىك بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم، بۇ يەردىكى مۇھەررىرلەرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ قىسلىقىدىن قاقشايتتى. ئوقۇشلۇقلارغا تېكىست لازىم بولسا، شائىر - يازغۇچىلارغا بۇيرۇتۇشقا توغرا كېلەتتى. بىر كۈنى 4 - سىنىپ ئوقۇشلۇقىغا ۋەتەن توغرىسىدىكى شېئىر لازىم بولۇپ قالدى. ئىزدەشتۈرۈپ تەلەپكە لايىق شېئىر تاپالمىدۇق. شۇ چاغدا بۇ ئەھۋالنى شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋغا ئېيتقانىدۇق، ئۇ تېز ئارىدىلا «ئانا تۇپراق» ناملىق بىر شېئىر يېزىپ بەردى. ئۇ چاغلاردىكى ئەھۋال ئاشۇنداق ئىدى. بۇ رېئاللىق—

بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى قەھەتچىلىكى مېنىمۇ ئويغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بالىلار ھەققىدە شېئىر يېزىشقا جۈرئەت قىلىپ باقتىم. مەشىق قىلىپ يازغان شېئىرلىرىمدىن «مېنىڭ جان دوستۇم» ناملىق شېئىرىمنى «تارىم» ژۇرنىلىغا ئاپىرىپ بەردىم. بۇ شېئىر «تارىم» نىڭ 1955 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلىپ چىقتى. يەنە بىر - ئىككى شېئىرىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئوقۇش كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلدى. بىر كۈنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇھەررىرى م. نوروزوۋ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن شېئىرىڭىز يامان ئەمەس يېزىلىپتۇ. ‹1 - ئىيۇن› بالىلار بايرىمىغا ئاتاپ، 6 - سانىغا بالىلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلاردىن بەرمەكچىمىز. شېئىرىڭىز بولسا ئەۋەتىپ بېرىڭ» دېدى. بۇ مەن ئۈچۈن يەنە بىر ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن «ئەلاچى سىنىپ» دېگەن شېئىرىمنى تەھرىر بۆلۈمىگە ئاپىرىپ بەردىم. بۇ شېئىرىم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 6 - سانىغا باشقا شېئىرلار قاتارىدا بېسىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى بەزى مۇھەررىرلەر مېنى داۋاملىق بالىلار ھەققىدە شېئىر يېزىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان بولدى. كېيىنچە «مېنىڭ مەكتىپىم»، «ئۇچرىشىش»، «سەمەت ۋە بويناق»، «ئېيتىڭلارچۇ، توغرىمۇ» قاتارلىق شېئىرلىرىم ژۇرنال سەھىپىلىرىدە داۋاملىق ئېلان قىلىندى. بالىلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرىمنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشى، مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇشى نەتىجىسىدە مېنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىغا بولغان قىزىقىشىم تېخىمۇ كۈچەيدى، ئىشەنچەم ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تەقلىدچىلىك، كاللىدارچىلىق رامكىسىدىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بالىلار قىزىقىدىغان، ئۇلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشتىم. بۇ چاغلاردا بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى سېپىگە بىرقانچە ئاپتورلار كىرىپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى كېڭىيىپ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، شېئىر، قوشاقلارلا ئەمەس، بەلكى باللادا، داستان، ھېكايە، پوۋېستلارمۇ بارلىققا كەلدى. مەخسۇس بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يازغۇچىلار سېپى بارغانسېرى كېڭەيدى. مانا شۇنداق ئاپتورلارغا مىسال قىلىپ بوغدا ئابدۇللا، توختاش بەكرى، تۇرسۇن قۇربان، مۇتەللىپ جۇماخۇن، ئابلىكىم روزى، ئابلىكىم باقى، ماخمۇت مۇھەممەت، ئابدۇراخمان ئەبەي، قادىر ئارسلان، مەمتىمىن بارى، ھەسەن تىلىۋالدى، ئابابەكرى ئەمەت، مەھەممەت شانىياز، ياسىن ئىسمايىل ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن، پېشقەدەم يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئىچىدىن بالىلار ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئۇلارغا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى سوۋغا قىلىپ تۇرۇۋاتقانلارمۇ خېلى بار. بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، مەزمۇن جەھەتتە بېيىپ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشىدە، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ قوشقان تۆھپىسى ئاز ئەمەس. «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەن بىزنىڭ بالىلار ئەدەبىيا-

(ئاخىرى 35 - بەتتە)

مەمتىمىن بارى

# ئاددىي مۇھەررىر — نامسىز قەھرىمان

خۇددى تارىم دەرياسى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شىددەت بىلەن ئۈزۈلمەي ئۆركەشلەپ ئېقىپ، بىپايان كەڭ زېمىننىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئۇنىڭ پايانسىز ئېتەكلىرىنى ئاجايىپ كۆركەم، چىرايلىق گۈللەرگە پۈركەپ كەلگىنىگە ئوخشاش، ئاشۇ ھەيۋەتلىك دەريانىڭ نام-شەرىپى بىلەن ئاتالغان «تارىم» ژۇرنىلىمۇ 40 يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ مول شېرىن مېۋىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش يولىدا ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ كەلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈنكى مول نەتىجىلىرى ھەرگىزمۇ ئاسان قولغا كەلگىنى يوق. ئۇ سانسىزلىغان ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىش ۋە قاتتىق بوران-چاپقۇن ھەم جۇت شىۋىرغانلارنى باشتىن كەچۈرۈشنىڭ مەھسۇلى، «تارىم» بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ قايغۇ-ھەسرەت ۋە خۇشاللىقىغا باشتىن-ئاخىر ھەمنەپەس بولۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى.

«تارىم» نىڭ ھەربىر بەت ۋە سەھىپىلىرىنى بىرمۇبىر ۋاراقلىساق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقاي يولىنى ۋە تەرەققىيات تارىخىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

«تارىم» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا ئازادلىقنىڭ باش باھارىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم چاقنىغان چولپان. ئۇ مەيدانغا كېلىش بىلەنلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يورۇش سىگنالىنى چالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى تېزلا شىنجاڭدىكى كەڭ ئىجادىيەتچى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسىگە ئايلاندى. خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن ئورۇن ئالغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەينى ۋاقىتتا «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر. ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن تالانتلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە يېتىشىپ چىققان.

«تارىم» ژۇرنىلى 40 يىل مابەينىدە خۇددى تارىم دەرياسىغا ئوخشاش توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇنلىغان ئىقتىدارلىق ياش كۆچلەرنى بايقاپ، تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشتى.

مەن «تارىم» بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپلا تونۇشقان. ئۇ بارا - بارا مېنىڭ يېقىن دوستۇمغا ئايلانغان. «تارىم» نىڭ ھەربىر يېڭى سانى مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كەلگەن ھامان ساۋاقداشلار ئۇنى قولدىن - قولغا ئېلىپ، بىرمۇ بىر كۆرۈپ چىقاتتۇق. ئۇ يىللاردا گېزىت - ژۇرناللار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەدەبىي ژۇرناللاردىن پەقەت «تارىم»لا بار ئىدى. شۇڭا ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە ئىنتايىن ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت مېنى ئۇنىڭ ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ بىر ھەۋەسكارىدىن بىۋاستە پەرۋىش قىلغۇچىسى، يەنى ژۇرنالنىڭ بىر مۇھەررىرىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئەجرىنى سىڭدۈرۈپ كەلدىم.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ھەقىقىي لاياقەتلىك بىر مۇھەررىرى بولۇش ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن نەزەرىيە ۋە كەسپىي جەھەتتە ئۈزلۈكسىز تاۋلىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى توغرا باھالاش، تاللاش، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە، شۇنىڭدەك ماركسىزملىق توغرا كەسپىي ئەخلاق كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەسەرلەر قالايمىقان بىر تەرەپ قىلىنىپ كېتىشى، ئاپتورلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى زايە بولۇپ كېتىشى، ھەتتا ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەسىر دائىرىسى چوڭ ژۇرنال، يەنى ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن تەھرىرلىكنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ كەلدىم. بۇ جەرياندا مەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللاندىم. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە تەربىيىلەپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا خېلى كۆپ شېئىرلىرىم مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. ھەتتا ئۆسمۈر - باللار ھەققىدە يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىم ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاپ، مۇكاپاتلاشتا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بۇ مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىش.

بۈگۈن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 ياشقا تولغانلىقى قىزغىن خاتىرىلىنىۋاتقاندا مەن ئۇنىڭ خۇددى تارىم دەرياسىدەك مەڭگۈ ئۈزۈلمەي راۋان ئۆركەشلەپ، خەلق ئاممىسىنى شېرىن مېۋىلەر بىلەن تەمىن ئېتىشى ئۈچۈن نامسىز قەھرىمان سۈپىتىدە بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. شۇنداقلا ئىلگىرى قولغا كەلتۈرگەن ئاز - تولا نەتىجەمگە قانائەتلىنىپ قالماستىن، بۇندىن كېيىنمۇ «تارىم» نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يولداشلار بىلەن مۈردىنى - مۈرىگە تىرەپ تىرىشىپ خىزمەت قىلىشنى، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ نامسىز قەھرىمانى بولۇشنى شەرەپ ھېسابلايمەن.

هۆرنىسا تۇردى

# «تارىم» ژۇرنىلى مېنىڭ پەخرىم

مېنىڭ 38 يىللىق ھاياتىم «تارىم» ژۇرنىلىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەدەبىياتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىنسانلار ئارا ئوينايدىغان رولىنى چۈشەندىم. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ خىزمىتىنى ئۇزۇن يىل پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدىم. مەن ئۆز ۋەزىپەمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتىم. ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ بۇ ژۇرنالنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرگىنىمدە ۋۇجۇدۇم ھاياجانغا تولاتتى. ژۇرنال خىزمىتىنى كىشىلەر ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان خىزمەت ھېسابلايتتىم.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا (سىرتتىن قاتنىشىپ) ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغانلىقىمنى بىلگەن كۆپلىگەن ساۋاقداشلىرىم ماڭا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى، ھۆرمەت قىلىشاتتى. يازغان ئەسەرلىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ كېتىشەتتى. مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىنى تەھرىر بۆلۈم قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلىرىم ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ژۇرنالدا ئىشلەشكە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىپ كېتەتتىم.

60 - يىللاردىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىدىغان ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. بولۇپمۇ نەسرىي ئەسەر يازىدىغان ئاپتورلار بەك ئاز ئىدى. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسى تەلەپكە لايىق كەلمىسىمۇ مۇھەررىرلىرىمىز ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ پىششىقلاپ، ئىمكانقەدەر ئېلان قىلىشقا تىرىشاتتى. مەن بەزى چاغلاردا قىيقىزىل بوياپ كەتكەن ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى تەھرىرلىگەن يولداشلارغا نارازىلىق بىلدۈرەتتىم. مەن ئۇلارغا:

— بۇ ئەسەرنى تەھرىرلىدىم دېگەندىن كۆرە، ئۆزۈم يېزىپ باشقا كىشىنىڭ نامىدا چىقاردىم دېسىڭىز بولمامدۇ؟ شۇنچىلىك خام يېزىلغان ئەسەرنى نېمىشقا ژۇرنالغا بېرىسىز، — دېسەم، ئۇلار:

— ياق، ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ، ئاپتورلىرىمىز تېخى ياش، سەۋىيىسى چەكلىك. ئۇلارغا مەدەت بېرىش، ئۇلارنى يېتەكلەش كېرەك، — دەيتتى. مەن يەنە قايىل بولماي:

— ئۇنىدىن كۆرە ئۇلارنى ئاتىقى بار پېشقەدەملەرنىڭ ئەسىرىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق يېتەكلىسەك بولمامدۇ؟ — دەيتتىم، لېكىن ئۇلار ماڭا:

— ئويلاپ باقمامسىز، ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى ئاتىقى بار يازغۇچى، شائىرلارغىلا

يولنىۋالساق، بۇ ژۇرنال بىر قانچىلا كىشىنىڭ ژۇرنىلى بولۇپ قالمامدۇ؟ بىزنىڭ ژۇرنىلىمىز ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئاپتورلارنى يېتىلەش، يېتىشتۈرۈش لازىم، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

مۇھەررىر يولداشلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ۋە خالىسانە خىزمەت ئىستىلىنى ياخشى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «‹تارىم› ئۆز ئەتراپىنى چۆرىدىگەن ئاز ساندىكىلەرنىڭ ژۇرنىلى بولۇپ قالدى»، «‹تارىم› قازان بېشىدىكىلەرنىڭ ۋۇرنىلى»، «‹تارىم› بىر قانچە ئادەملەرنىڭ شۆھرەت قازىنىش، قەلەم ھەققى ئېلىپ ھالاۋەت كۆرۈشىنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى» دېگەندەك پىتنە - پاساتلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا! ئۇغام قايناپ كېتەتتى.

40 يىلنى بېشىدىن كۆچۈرگەن بۈگۈنكى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تارىخىنى ئەسلىگىنىمدە بۇ ژۇرنالنىڭ 30 يىلدىن بۇرۇنقى سەۋىيىسى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالىمەن.

1956 - يىلى بىرىنچى قېتىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ - مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغانىدى. شۇ چاغدا مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسىرىدىكى بىر پېرسوناژ تىلىدىن بېرىلگەن «قىزىم، يىگنە ئىشى قولۇمغا يەل كېلىدىغان بولۇپ قالدى» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى «ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە ئاددىي خەلق تىلى» دەپ، بۇ ئەسەرنىڭ تىل ماھارىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلگەن ھەم بۇ ئەسەر بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. ئۇ چاغلاردا سەۋىيەم تۆۋەن بولغاچقىمۇ ياكى ژۇرنالنىڭ سەۋىيىسى شۇنچىلىكمۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ شۇنچە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكىنىگە ھەيران بولغانىدىم.

مانا ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ھەر بىر ئەسەردە پېرسوناژلار تىلىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئاجايىپ ئوبرازلىق، تەسىرلىك، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشى قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالىدىغان ئاددىي، ئاممىباب تىللار گويا مەرۋايىتتەك يالتىراپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە تەسىرچانلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە تارتماقتا.

سۆيۈملۈك «تارىم» مەن سەن بىلەن پەخىرلىنىمەن. سەن تېخىمۇ گۈللەپ ياشىغىن!

بۇ سەھىپىدىكى ماقالىلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

---

(بېشى 31 - بەتتە)

تى ئىجادىيىتىدە ئىزدىنىشىمىزگە ۋە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىلھام ھەم مەسلىھەت بېرىپ كەلگەن مۇھەررىرلەرنى، پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلارنى چىن قەلبىمىزدىن ئەسلەيمەن ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئوقۇيمەن. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ ژۇرنال سەھىپىلىرىدە بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى يەنە داۋاملىق، ئۈزۈلدۈرمەي ئېلان قىلىپ تۇرۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە دائىر ئوبزور، ماقالىلەرنى بېرىپ تۇرۇشىنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن. چۈنكى ھازىر ژۇرنال سەھىپىسىدە بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت ئوبزورلار يوق دېيەرلىك. بۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى يەنە بىر بوشلۇق. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاج تېپىشىغا كۈچ چىقىرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

## مەن يېشىل دۇنيانىڭ يېشىل بالىسى

### مەن سېنى سۆيىمەن

مەن سېنى سۆيىمەن پەخىردىم يېشىل رەڭ،
سەن مېنىڭ ۋەسلىمنى ياراتقان دۇنيا.
شەپەقتە چايقىلىپ تۇرغان مەنزىرەڭ
گۈزەللىك قەسرىدە كۆتۈرگەن غوۋغا.

سەن مېنى سۆيىسەن بەختىم يېشىل رەڭ،
كەچمىشلەر ياراتتىم سېنىڭدە پىنھان.
يات كۆزلەر سوغ كۈلۈپ سېلىشقاندا زەڭ،
يارىمنى باغرىڭدا ساقلىدىڭ ئامان.

بالىلىق سىرداشقان دەريا، ئېقىنلار،
بويلىرى ياپيېشىل چىمەنلىك ساھىل.
قۇم قىرغاق، يېشىل سۇ، يېشىل دولقۇنلار
يۈرەكنى سەگىتكەن چايقىلىپ يېشىل.

مەن سۆيگەن بوغدانىڭ چوققىلىرىدا
قارىغايلار كىيىشكەن يېشىل بەرقۇت تون.
جۇڭغارنىڭ سوزۇلغان قۇچاقلىرىدا
ئېخ، پەقەت يېشىللىق كۆتۈرگەن دولقۇن.

قاياققا كۆز تىكسەم يەنە يېشىل رەڭ
مەن يېشىل دۇنيانىڭ يېشىل بالىسى،
يوق غالىب گۈزەللىك يېشىللىققا تەڭ،
ئۇ، ھەرخىل رەڭلەرنىڭ تۇغقان ئانىسى.

### گۈل ياسايمەن سەندىن، ئامرىقىم

ئورمانلارغا باشلاپ ساياھەت،
ئۇزاتمايمەن چېچەكلەرگە قول.
ئاق تاغلارغا باغلاپ مۇھەببەت،
ئالالمايمەن گۈلباغلارغا يول.

قۇياش سۆيگەن ئاپئاق پەنجىرەم،
گۈل تەشتىكى تۇرمايدۇ بېزەپ.
ئېخ، شۇندىمۇ گۈزەلدۇر ئۆلكەم،
شاۋقۇنلايدۇ پەخىردىم كۆۋەجەپ.

گۈلبېغىڭدا ئولتۇرساڭ جېنىم،
گۈل سىياقىڭ كۈلدى قەدىردان.
گۈل رەڭگىدە يالقۇنلاپ بېتىم،
گۈل رەڭگىدە كۆرۈندى جاھان.

گۈل رەڭگىدە كۈلمەكتە لېۋىڭ،
گۈل رەڭگىدە مەڭزىڭ قىزارغان.
گۈل بەرگىدەك قىزارغان يۈزۈڭ،
نومۇسىڭغا ئەنداز ياراتقان.

بىر سۆيۈشتىن دولقۇن ياساپ قان،
گۈلدەك گۈزەل ياشنايدۇ سېزىم.
گۈل ھۆسنىڭگە بېقىپ يانمۇ يان،
گۈل ياسايمەن سەندىن ئامرىقىم.

### ھەسەتخورلار خاتىرىسىگە

ئۈپۈقمۇ ئالەمنىڭ ئەمەستۇر چېكى،
ئۈپۈقنىڭ كەينىدە ساناقسىز ئۈپۈق.
شۇنچىلىك چەكسىزدۇر - چەكسىزدۇر جاھان،
شۇڭلاشقا گۈزەلدۇر بۇ زەنگەر يوپۇق.

شۇ چەكسىز بوشلۇقتا تۇغۇلغان ئىنسان،
ئەجەبكىم چەكسىزلىك بەرمەپتۇ ئۇدۇم.
كۆڭۈللەر تار نىچۈن، ھەر قەدەمدە چەك،
قىسقارغان قوللىرىم، ئۈزۈكتۇر يولۇم.

قان ئەيلەپ تىرناقنى چىقسام چوققىغا،
«خېنەڭنى ياققان كىم ،كىم بولدى يۆلەك...»
ۋە ئۇقتا قۇش ئاتسام: «كۆكتە قاپقان بار...»
دەيسەن، ھەق رىسقىمغا يوقتۇر ئىشەنمەك.

مەن گۈللۈك يوللاردا چاپسام ئارغىماق،
سەن قىلدىڭ يۈگەنلىك بۇرچىڭنى ۋىسال.
ھۇشۇڭدە زەر تاجنى كىيىپ چېلىقسام،
چاقناتقان قۇياشنى تىللىدىڭ دەرھال.

ئاق تاڭلار دەرياغا سالغاندا قولۋاق،
يۈتكىن، دەپ لەھەڭگە قىلدىڭ ئىلتىجا.
سەلكىنىدە چەشلىسەم زەر - ئالتۇن باشاق،
ئۇچۇر دەپ بورانغا كۆتۈردىڭ غوۋغا.

قۇش بولۇپ باغلاردا قىلسام خۇش ناۋا،
«يەم بولاي قۇۋۋەتلەن، سانجىغىن تىرناق،
دېدىڭسەن لاچىنغا، - كېچىپ جېنىڭدىن»
قەلبىڭنى ئازابلاپ ھەسەتتىن پىراق.

ھەسەتخور ئاغىنەم، قىلمىشىڭ تولا،
دېگىنىزدىن تامچىدەك كۆرسەتتىم مىسال.
سىلجىشقا بوشلۇق كۆپ، ماڭماي قىستاڭدىن
بولمامدۇ كەڭ يولدىن قۇچۇشساق ۋىسال؟

### قىسمەتلىرىمگە

بوران بولۇپ ئۇچۇرساڭ ئەگەر،
چوققىلاردىن قاڭقىيمەن يەنە.
يامغۇر بولۇپ توڭدۇرساڭ سەھەر،
نۇر قۇچاقلاپ ئىللىيمەن يەنە.

تاپانلىرىم قاناپ يوللاردا،
سانجىلغاندا تىكەن ئاياۋسىز.
يەر تىرنىلاپ تەنھا قوللاردا،
قالدۇرارمەن يەنە مەغرۇر ئىز.

باھار بولغىن، بولغىن ئىللىق ياز،
ھارارەتتىن يېمەيمەن ۋايىم.
سوغ بول، قاردىن سالغىن پاياندار،
ئۈششۈكلەرگە يوقتۇر پەرۋايىم.

جاھىل ئەجەل كېلىپ ئالدىمغا،
تەڭلىگەندە جېنىمغا ئالقان؛
مەغرۇرلۇقنى يۈكلەپ رايىمغا
دېمەن: خوش - خوش دېمەي تاپشۇر جان!

پەنجىرىلەرنى چەككەن قىسمەتلەر،
ئاڭلا، ساڭا كۆتۈردىم ئىسيان.
يۇلقۇنساڭمۇ شىردەك تىلغاپ يەر،
مەن ئاشۇنداق يارالغان ئىنسان.

### سېنىڭ سۆيگۈڭ زېمىن سۆيگۈسى

ئۇپۇقتىن يالقۇنجاپ چىققاندا قۇياش،
ئانارنىڭ رەڭگىگە چۆمگەندە جاھان؛
خورازدەك تاج تىكلەپ چوققىلاردا تاش،
ياقۇت ھەل ئىچكەندە بۇلۇتسىز ئاسمان.

قەلبىڭنى سورايمەن ئاشۇ تەسۋىردىن
مەن بولۇپ پاكلىققا تەشنا - قەلەندەر.
غېنىلىق تەختىدە يۈكسەلگەن پىردىن
يۈكسەكمەن، شۇ رىسقىم پۈتۈلسە ئەگەر.

چايقالسا ئورمانلار سەلكىندە مەيىن،
بۇلاقلار ھۆسنىگە تاشلىشىپ سايە.
كىرپىكىڭ، كۆزلىرىڭ چاقنىتىپ ئۇچقۇن،
ۋۇجۇدۇم قەسرىگە بولار ھىمايە.

مەن سېنى سېغىنسام باھار تاڭلىرى،
رەڭمۇرەڭ گۈزەللىك يوللايدۇ ۋىسال،
زېمىننىڭ سۆيگۈسى، زېمىن تاڭلىرى،
بېرىدۇ ۋەسلىڭگە ۋەزنىداش خىيال.

**سەن مېنى سۆيمەيسەن، ئۇماق گۈزىلىم**

ئۇن سەككىز يېشىمنى قىلمەن ئارمان،
ئۇن سەككىز يېشىڭنى كۆرۈپ ئامرىقىم.
ئارزۇلار چۆلىدە بولسامۇ سەرسان،
ئاھ، بىراق چۈشلىرىم بەرمەيدۇ سېزىم.

چىرايلىق ئوغۇلتىم بىر چاغلاردا بەك،
كۆزۈمگە ياراشقان جۇشقۇن تۇيغۇلار.
كۆكسۈمدە بىر شوخلۇق ئۇرغۇپ كىيىكتەك،
زەنسىدە قىزلاردىن قاچقان ئۇيقۇلار.

سەن ئۈچۈن رۇسلىنىپ باقسامۇ بۈگۈن،
ئۇن سەككىز يېشىمدەك تۇرغۇزۇپ خىسلەت،
ئۈمىدىم ئالدىدا يەشمىدىڭ تۈگۈن،
ئاھ، كۆڭلۈم ئۈچۈنمۇ تىكلەپ مۇھەببەت.

شۇندىمۇ شۇ يولدا ئۆتسەك ئۇچرىشىپ،
سۆيگەندەك گۈمانلىق تاشلايسەن نىگاھ.
قالغاندۇ كۆزۈمدە ياشلىق ساقلىنىپ
دېگەندەك ئۈمىدتە باقتىم ساڭا، ئاھ!

گۈل ۋەسلىڭ كۈلدۈرگەن كۆزۈمگە باقسام،
ئۇن سەككىز ياشلىرىم چېلىقتى غىل - پال.
كۈمۈشتەك چېچىمغا قولۇم ئۇزاتسام،
سىرلىق چۈش مىسالى تۇيۇلدى ئۇ ھال.

بولدىلا ئوتتۇزغا ئۇلاشتى يېشىم،
پەقەتلا قەلبىمدە قالسۇن كۆيگىنىم.
قانچىلىك يالۋۇرۇپ ئاقسىمۇ يېشىم،
سەن مېنى سۆيمەيسەن ئۇماق گۈزىلىم.

ئابابەكرى توختى

## كۆزلىرىمدە يانار بىر قۇياش

### ياشلىقىمنى ئىزدەيدۇ بىر چال...

بۇلۇتلارنى قىزارتىپ قۇياش،
چوققىلاردا يۇمىلار ئاستا.
كىرپىكىدە پىلدىرلىتىپ ياش،
چال ئېيتىدۇ ئورماندا ناخشا.

ئەللەيلىتەر چوغدەك باغرىدا
شېرىن خىيال بوۋاينى بەزلەپ.
توختىمايدۇ ناخشىسى ئەسلا،
ئۇ يورىدۇ ياشلىقىنى ئىزدەپ...

### ئانا ئەللەيى

كۆزلىرىدە يانار بىر قۇياش،
تەبەسسۇمى تاڭلاردىن گۈزەل.
ياڭرار مۇڭلۇق ئانا ئەللەيى،
شېرىن ئۇيقۇ قۇچقىنىدا ئەل.

ئۇخلاپ قالار بىر چاغدا بوۋاق،
غىچىلداشتىن توختار بۆشۈك ھەم.
بالىلىققا قالىمەن قايتىپ،
ئاشۇ كۈيىنى ئاڭلىسام ھەردەم.

### بالىلىقتىكى دوستۇمغا

سېنى كۆرۈپ چۈشتە يادىمغا،
بالىلىقنىڭ سۈرەن ـ شاۋقۇنى...

بىز ئوينىغان ئاشۇ داللار،
بىز ئوينىغان ئاشۇ دەريالار.
ئىسمىمىزنى يۈرەمدۇ يادلاپ،
تاش ئۈستىگە ئۈنگەن گىياھلار.

ئورمانزارنى باغاشلىسا ئاي،
بىز قوغلىغان بولۇپ تۇسۇن تاي.
كۈلكىمىزنى ئورايتتى گۈلگە
شىۋىرلىشىپ بۇلاقلار ئاي ـ ھاي.

تارتىلغاندا ئالەمگە گۈگۈم،
پادا ھەيدەپ كېلەتتۇق ھەر كۈن.
بوۋايلاردىن ئاڭلايتتۇق چۆچەك
قۇملۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئەركىن.

ئاسمان كەڭرى، يۇلتۇز بىساناق،
توۋا دەيتتۇق بولالماي ساناپ.
شورا ئاتلاپ ئۈزەتتۇق غورا،
ئاھ، كەتتىمۇ تاپانلار قاناپ.

كۆك قەرىدە ئۈزەتتى لەيلەپ،
بىز ئۇچۇرغان چىرايلىق لەگلەك.
بىزنىڭ سەبىي خىيالىمىزنى
بۇلۇتلارغا بېرەتتى سۆزلەپ.

چۈشۈمىزگە ئېسىپ بېزەكلەر،
ئويغىتاتتى قىزغىن تىلەكلەر.
بىزلەر ئىدۇق زېمىن ئەركىسى،
بىزلەر ئىدۇق يۇمران چېچەكلەر.

..........

بەلكىم تېنىڭ كەتتى قاراسلاپ،
مەن ئالغاندا مەھكەم قۇچاقلاپ.
كەچۈر دوستۇم، سېغىنىش، ئارمان
يول قويامدۇ تۇرۇشقا ساقلاپ.

سېنى كۆرۈپ ياندى دىلدا ئوت،
باسالمىدىم خۇشاللىقىمنى.
كىرپىكىڭدە ئاققان نۇرلاردىن
تېپىۋالدىم بالىلىقىمنى.

### ئانا يەرگە

ئوغۇز سۈتى مەڭگۈ ئاغزىمدا،
ئۆلۈشۈمدىن نېمە غەم ـ ۋاھىم،
ساڭا دەسسەپ تۇرساملا پەقەت،
ئېھ ئانا يەر، سېنى ئىلاھىم!

پەرھات مۇھەممەت

## ئون سەككىز ياش تۇيغۇلىرى

### پىچىرلىشىپ كەتكىنىدە گۈل شېخى

جىمىرلىسا كۆل سۈيىدە يۇلتۇزلار،
سۇ بېتىدە تەۋرىنىدۇ جۈپ سايە.
گىرەلەشسە بۇدەم يۇمران بىلەكلەر،
شىۋىرلايدۇ لەۋلەر شۇنچە سىرپايە.

كىرگىنىدە قۇلاقلارغا شېرىن سۆز،
خۇمار كۆزلەر يەرگە باقار، ئۇيۇلار.
ئارام بەرمەي شاش يۈرەكلەر كۆكرەكتە،
گويا دېڭىز دولقۇنىدەك ئۇرۇلار.

قىز ۋە يىگىت مەستخۇش بولۇپ بەختتىن،
قايتار ئۇنى چىغىرىيولدا يانىمۇ يان.
پىچىرلىشىپ كەتكىنىدە گۈل شىخى،
سۆيگۈ بىلەن تولدى باغلار ئاشۇ ئان.

كۈي تۆكىدۇ يۈرەككە يۈرەك،
كۈيلىرىدىن مەستخۇش ئىككى ياش.
كۈيگە تولغان جىمجىت كېچىلەر
ۋىسال ئۈچۈن تۇغىدۇ قۇياش.

كۈيگە تولغان جىمجىت كېچىلەر

كۈي تۆكىدۇ پىچىرلاپ ئاي قىز،
ئۆتكىنىدە ئەركە شوخ شامال.
كۈي تىڭلايدۇ يۇلتۇزلار بۈدەم،
شۇتاپ جاھان ئۇيقۇغا قامال.

كۈي تۆكىدۇ لەۋلەر پىچىرلاپ،
پىچىرلىشىپ شېرىن، شۇنچە ئۇز.
مۈگدەيدۇ شاخلاردا ياپراق،
مۈڭلىنىدۇ سۈكۈتتە يۇلتۇز.

شوخلۇقۇمنى بەردىم بۇلاققا

بۇلدۇق - بۇلدۇق ئۇخچىغان بۇلاق
تارام - تارام ئېرىققا تۇتاش.
رەت - رەت ئۆسكەن سۆگەت - تېرەكلەر،
ئويناپ ئاققان ئېرىققا يانداش.

بالىلىقتا كېچىپ ئوينىغان
قىن - قىنىمغا پاتماي ئېرىقنى.
ئەسلىتىدۇ ئاشۇ ئېرىقلار،
گۈدەكلىكنى — تاتلىق قىلىقنى.

مىجىت تاش

# غەزەللەر

*

قەدەم باستىم قۇچاقىڭغا بولۇپ مېھمان، سالام كورلا
ئالاي قولغا قەلەم، ئەيلەپ ساڭا چىن ئېھتىرام، كورلا.

ھاياجان ئىچرە قول باغلاپ ساڭا باقسام مۇھەببەتتە،
خۇشاللىق مەيىنى سۇندۇڭ قىلىپ مېھرىڭنى جام، كورلا.

كۆكۈلنىڭ مەيلىنى تارتقان ئېسىل نەشپۈتلىرىڭ، جانغا
بەخش ئەتتى ئەجەب لەززەت، گويا ئىچتىم قىيام، كورلا.

تەبەسسۇم قىلدى باغرىڭدا گۈزەللىك شاھى - سۇلتانى،
يېشىل بوستانلىرىڭ دىلغا بېغىشلايدۇ ئارام، كورلا.

مۇرادى -ۋەسلىگە يەتكەن تۇمەن تاھىر بىلەن زۆھرا،
قىلىپ تاشلىقتا باغ ئەھيا ياشاپتۇ شاد - خۇرام، كورلا.

جاراڭلايدۇ قۇچاقىڭدا ئۇزۇلمەستىن خۇشال ناخشا،
زەپەرنىڭ سازىنى سازلار سېنىڭدە ئەل - ئاۋام، كورلا.

ئاتا قىلدىڭ ماڭا ئالەم كەبىي مول ئىپتىخار - شادلىق،
سېنىڭ ئاۋات بازار — رەستەڭ دىلىمنى قىلدى رام، كورلا.

ئەزىز مېھمانىنى ئىززەتلەپ سالارغا داستىخانىڭ مول،
سېخىلىق تەرىپىڭ قىلسام يېتىشمەس ھېچ كالام، كورلا.

مۇبارەك شەپقىتىڭ - مېھرىڭ يۈرەككە ئورنىدى مەھكەم،
سېنى ناخشامغا قاتسام گەر كۈيۈم بولماس تامام، كورلا.

* *

ئەجەب تاتلىق خۇلق بىرلە مېنى سۆيگۈڭگە زار قىلدىڭ،
ئۇزاق تۈنلەر ئارا ئۇيقۇ - ئارامىمدىن بىدار قىلدىڭ.

جاراڭلىق سۆزلىرىڭ ئالدى ئېسىمنى ئىختىيارىڭغا،
دىلىمدا يانمىغان ئوتنى ئۆزۈڭ دىلدا يانار قىلدىڭ.

ئايان بولدى ساڭا قەلبىم، جاۋابىڭ كەلمىدى ئەمما،
مېنى بۇ ئوتتا قىيناشنى نېمىشقا ئىختىيار قىلدىڭ؟

يا مەندىن قالدىمۇ كۆڭلۈڭ ۋە ياكى ناز - كەرەشمەڭمۇ؟
نېچۈن بۇ كەڭرى ئالەمنى ماڭا سەن بۇنچە تار قىلدىڭ.

ئوتۇڭدا تولغىنىپ ھەردەم تىلەيمەن ئىلتىپاتىڭنى،
دىگىن ئەي ھۆر - پەرى، جانان نە قىلماقنى قارار قىلدىڭ؟

لېۋىڭدىن بىر ئىچىپ ئۆلسەم: ۋىسالىڭ چىن شارابىنى،
بولۇپ دەردىدىن خالاس دەيتتىم: مېنى سەن بەختىيار قىلدىڭ؟

## «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

# سۆيگۈ بىلەن ھەممە يەر يورۇق جاھان ئەمەسمۇ

1

تەۋەللۇت بولغىنىمدا ئەي پەلەك نە مۇددىئا قىلدىڭ،
نىچۇن نامرات غەزەلخانلىق بالاسىنى راۋا قىلدىڭ.
تىنىمسىز چاپقۇنىڭ چاقناتتى دات باسقان قەلەملەرنى،
قەسىدە چاچقۇسىنى شۇندىمۇ قاتتىق تەمە قىلدىڭ.
قەلەم يۇلتۇزلىرى پىكرەت كۆكىدە جىلۋە ـ ناز قىلسا،
ئۇنىڭ كىرپىكلىرىنى دەرد سۆيگە مۇپتىلا قىلدىڭ.
ئۆزۈڭ تەنھا، لېكىن بىز بەندىگە قىزغىن تاماشاچى،
بىراۋنى ھەق يولدا رەھنەما، بىرنى قارا قىلدىڭ.
سەئىدى ئېيتتى تەمسىل بىرلە: گۆھەر ئۆزكى، تاش قاتتىق،
ئاشۇ تاش ئالدىدا گۆھەر باھاسىنى قازا قىلدىڭ.
ئۆزۈم خىلۋەت بۇلۇڭدا ئاينىغان بىر نوتىمەن يۇمران،
نەۋائى ھەزرىتىمنىڭ رەستىتىسگە ئاشنا قىلدىڭ.
كۆڭۈل دەرياسىنى زاھىر قىلاي دەپ قانچە تەمشەلدىم،
تەپەككۇر سۇمۇرغنى پەر ـ قاناتقا بەك گادا قىلدىڭ.
تومۇر تۇتماق ئىشى مۇشكۈل ئىدى، شۇنداقتىمۇ سۇلغۇن،
ئۆزۈڭنى دەگسىمەي مەلھەم ياساپ قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.

2

جاھان ئويچان كۆزۈمنىڭ ئالدىغا يېگانە تاشلاندى،
كۆڭۈل مىڭ پارە بولدى، بىر جاھان مىڭ دانە تاشلاندى.
بوياقلار تەگشىدىم سىزماق ئۈچۈن كۆكنىڭ جامالىنى،
چۇشۇمنىڭ دەپتىرىگە قۇش كېلىپ سەرسانە تاشلاندى.
شاھانە باغ ئىچىدىن سەلتەنەتكە ئىزدىدىم ئىزنا،
ئەجەب قىسمەت، قىلىپ ھەيران، قەلەندەر خانە تاشلاندى.
سۇنۇپ ئەينەك، تېنى ئەخلەت ئارا دەرگاھىنى تاپتى،
ئۇنىڭ خىسلەتلىرى ھەق ئىلكىگە خەندانە تاشلاندى.
جېنىڭ بىر، ئۆلمىكىڭ مىڭ بۇ ئۆتەگدە، خاكسار سۇلغۇن،
تەۋەككۇلنىڭ ھاۋاسىغا تېنىڭ سەييارە تاشلاندى.

3

پېشانەم ئۆزرە ئاتەشنىڭ جۇلاسى كەتتى شام بىرلە،
ئۆزۈم يېگانە قالدىم باغ ئىچىدە ئەمدى جام بىرلە.
ئېرىپ مەي تەپتىدىن داغلار يوقالدى، كەتتى كەلمەسكە،
تەبەسسۇم لالىسى كەلدى قېشىمغا ئېھتىرام بىرلە.
تۇغۇلدى پاك سەبىيلىك يۇلتۇزى گۈل نازىدىن شۇدەم،
گۈزەل رىشتە نۇرىنى چاچتى ھەريان خۇش مۇقام بىرلە.
نىتەي، ئىشرەت قۇشى بىدەمدە، كەتتى بۇ شەبىستاندىن،
يېتەلەيسەن ۋىسالىغا نىھايات زور چىدام بىرلە.

4

گۈلۈم، ئۇنتۇپ قالمىدىم مەن، ئارسلان ئەمەسمۇ؟
چۈشلىرىمگە رەڭ بەرگەن سەن مېھرىبان ئەمەسمۇ؟
چىدىيالماي پىراققا، يولنى ئالدىم يىراققا،
ئاشىقلارغا باياۋان ياخشى ماكان ئەمەسمۇ؟
كويىقاپنىڭ قۇچىقى بولدى ماڭا قونالغۇ،
سۆيگۈ بىلەن ھەممە يەر يورۇق جاھان ئەمەسمۇ؟
گۈلخان بولدۇم ئۆزۈمگە، سۇلتان بولدۇم ئۆزۈمگە،
ئوتۇم بىلەن ئالەمنىڭ رۇخسارى قان ئەمەسمۇ؟
ئالدىمدا ھۆر كۆرۈندى، ئىلاھى نۇر كۆرۈندى.
جاننى بېرىش ئاشۇ چاغ بىر ئىمتىھان ئەمەسمۇ؟

5

شاراب كەلتۈر شارابنىڭ تەپتىدە، گۈلخان بولاي بىردەم،
ساماۋى ئوي-پىكىرنىڭ ئەۋجىدە سۇلتان بولاي بىردەم.
خۇيۇكنىڭ ياچىقىدىن ئوق ئۈزۈپ جىسمىمنى قان ئەيلە،
تاپار جىملىق ۋە يا ھېچ بولمىسا نىمجان بولاي بىردەم.
نادانلىق ئىلكىدە، ھوش ئەھلىنىڭ كۆز قارىچۇقى سىزدى،
پېقىر سۇقرات ھېكمىنىڭ غارىدا پىنھان بولاي بىردەم.
كۆرەي شەيتان كۆزىدە، بۇ ھايات غوۋغاسىنى تەگرىدىم،
شاياتۇن بەزمىسىنىڭ كەيپىدە مېھمان بولاي بىردەم.
قېنى چاقماق، بۇ سۇلغۇن پەزلىگە نۇرانە زىننەت بول،
گويا سۆررەڭ بۇلۇتلار قايىنغان ئاسمان بولاي بىردەم.

6

گۈل سۈيى ئىچتىم نىگارنىڭ خۇش پۇراق گۈلزارىدىن،
مەست بولۇپ ياتسام، نېسىۋە تەگمىدى دىدارىدىن.
يەلپۈنۈپ ئۇچقان سابانىڭ رەڭگى - رۇخسارى قىزىل،
ھەممە يەر چوغلاندى قەلبىمنىڭ پىغانلىق زارىدىن.
نامە يازدىم نامى گۈل، ئەسرارى پىنھانىغا تالاي،
بىلمىدىم ئۇ يار يەنە كۈتكەي نېمە خۇشتارىدىن.
مەن ئەمەس دوزاخقا، دوزاخ بەلكى كىرگەندۇر ماڭا،
نەچچە دوزاخ تەپتى ئۆرلەيدۇ دىلى سەكپارىدىن.
ئىستىسەڭ كۆپتۇر ئەقدەڭگە جازانىڭ تۇغمىسى،
بولما لال سۇلغۇن، ھاياتنىڭ بۇ قەدىم ئىقرارىدىن.

ۋىزۋانگۈل ھۈسەيىن

## ئانا يۇرتۇم - پەخرىم سەن مېنىڭ

### يۇرتۇمدا سەھەر

تاڭ ساباسى مەڭزىمگە سۆيۈپ،
تارتىپ ئالدى چۈشلەر قوينىدىن.
مەلمۇ مەپتۇن بولۇپ ئۇنىڭغا،
قۇچاقلىدىم دەرھال بوينىدىن.

قۇلىقىمغا پىچىرلاپ شېرىن،
ئېلىپ چىقتى تالاغا شۇدەم.
ئەتراپتىكى رەڭدار سۈرەتلەر
چۇلغىۋالدى قەلبىمنى بۇ دەم.

ئاھ، ئاجايىپ پەيزى تۇس ئالغان
ئانا يۇرتۇم - كۆركەم گۈل شەھەر.
ئوخشىمايدۇ ھېچقانداق جايغا،
ئۆزگىچە ھەم بۇ يۇرتتا سەھەر.

جىلتە ئېسىپ مەكتەپكە يۈرەر
كۆزى چولپان غۇنچىلار رەت - رەت.
ئۇرغۇپ تۇرار ۋۇجۇدىدىن ھەم
ئەقىل - ئىدراك، غەيرەت - جاسارەت.

گۈل چېچەكلىگەن رەڭدار دوپپىلار
بەك ياراشقان ئوماق چېھرىگە.
ئۇلار غەمسىز، ئۇلار شادىمان
قېنىپ ئۆسكەچ ئانا مېھرىگە.

ئىشقا ماڭار بەرنا يىگىتلەر،
چېچى قوندۇز قىز ھەم جۇۋانلار.
ئۇلار بىلەن پاكلىنىپ ھەر تاڭ،
ئىشقا ئاشار گۈزەل ئارمانلار.

تاڭ سەھەردە ئىشچان ناۋايلار
تەۋەڭلەرگە تىزىدۇ نانىنى.

چاقىرىدۇ كىردە، شىرمانلار
ئاشتىلىقتا ھەر بىر مېھماننى.

«سەھەر تۇرغان ساغلام بولۇر» دەپ،
ساپ ھاۋاغا چىقار بوۋايلار.
يېتىلدۇرگىن شۇ خىسلەتنى، دەپ
نەۋرىسىگە جىكەر مومايلار.

يۇرتۇم جۇشقۇن ھاياتقا تولۇپ
باغاشلايدۇ ھەر تاڭنى شۇنداق.
مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلدۇم، ئۆستۇم،
مۇشۇ يۇرتتا ياشايمەن خۇشۋاق.

## باللىقىم ئۆتكەن شۇ جايدا

تونۇش قىرغاق، تونۇش تېرەكلەر
ئەسكە سالدى باللىقىمنى.
كۆز ئالدىمدا يۈرگەن ئوماقلار
تەكرارلىدى قىلىقلىرىمنى.

مەنمۇ بىر چاغ شۇ سەبىيلەردەك،
سۇ بويىدا چىم - چىم ئېتەتتىم.
ياساپ قۇمدىن كىچىك شەھەرلەر،
شادلىقىمدىن كۈلۈپ كېتەتتىم.

غەمسىز ئىدىم، كۆڭلۈم ئازادە،
ئۆستەڭلەردە ئوينايتتىم ئۈزۈپ.
باللىقىم ئۆتۈپ شۇ يەردە،
چوڭمۇ بولدۇم ھۆسنۈمنى تۈزۈپ.

توپ - توپ بالا چوڭ بولۇپ شۇنداق،
خەير دېدۇق باللىق چاغقا.
يۈرەكلەرنىڭ سېزىمى ئېشىپ،
قەدەم باستۇق ياشلىق گۈل باغقا.

ئىه، ئاجايىپ چاغلار ئىدى ئۇ،
سۆيۈندۈرگەن دىللارنى قەۋەت.
باللىقىم ئۆتكەن مەھەللە
ئەستىن چىقماس ئەبەدىلئەبەت.

## كەچ

گۈگۈم قىزى قۇندۇز چېچىنى
زوقى بىلەن تارىغان چاغدا.
ھارغىن قۇشلار ئۈگىدەپ شۇدەم،
گۈللەر سۆھبەت باشلىغان چاغدا.

يۈرەكلەرنىڭ تارىنى چېكىپ،
ناخشا ئۈنى كېلەر يىراقتىن.
ئاشۇ پەيتنى كۈتكەن رەنانىڭ،
ئازاد بولار قەلبى پىراقتىن.

تەڭكەش قىلار دۇتارنى سازلاپ،
ناخشا ئۈنى كەلگەندە يېقىن.
يىگىت چۆمەر شېرىن خىيالغا،
قەلبى بولۇپ گويا بىر ئېقىن.

قېنىپ ئىچەر ۋىسالدىن شاراب،
ئىككى يۈرەك بۇدەم قوشۇلۇپ.
پەرۋاز قىلار كەچ ئاسمىنىدا
يۈرەك كۈيى ئارزۇغا تولۇپ.



# ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا

ماخمۇت مۇھەممەت

(ھېكايە)

## 1. ئۇسسۇلچى بولالمىدى

زىننەت ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئۇسسۇلچى بولالمايدىغانلىقىغا بۈگۈن ئوزۇل-كېسىل ئىشەندى. ئۇنىڭ سەنئەتكە، بولۇپمۇ نازاكەتلىك، ئابروپلۇق كەسىپ بولغان ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان ئىشتىياقى، مۇھەببىتى قانچىلىك تاشقىنلاپ يېنىپ تۇرغىنىغا قارىماستىن ئاقىۋەت بۇ «ھۆنەر»نىڭ نېنىنى يېيەلمىدى. ئىنسان پەقەت گۈزەل چىرايى ۋە ھەۋەس بىلەنلا بۇ ئوتتى كۆچلۈك كەسىپنىڭ ئەھلى بولالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئون توققۇزغا ئەمدىلا تېپىن كىردۋاتقان بۇ قىزغا ئايىغى چىققاندىن باشلاپ ئۇسسۇل ئايرىلماس ھەرىكەت، ئۇسسۇلچى بولۇش يانماس ئىرادە، ئارمان بولۇپ كەلگەنىدى. ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، مەھەللە-كوي ھەممىسىلا ئۇنى «ئۇسسۇلچى قىز» دەپ چاقىرىشاتتى. ئىچىلىرى پۇشسا چاۋاك چېلىشىپ، «ناي-ناي» دېيىشىپ يىلدىرلاپ تۇرغان بۇ ئوماق قىزچاقنى تاتلىق-تاتلىق قىلىقلارغا باي ئۇسسۇلغا سالاتتى. زىننەت ئەمدى ئەقلى-ھوشىنى تاپقان، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى تېلېۋىزور تېخى ئومۇملاشمىغان ئىدى. بىراق ئۇ بىرەن-سىرەن ئۈرۈمچىدىن كېلىپ قالغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈش، ئۆيىدە ئاتا-ئانىلىرىنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىش ئارقىلىق قەمبەرخان، ئايتىللا قاسىم، خەلچەم سىدىق، رەيھان ئابلىز... دېگەندەك ئىسىملارنى يادقا بىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرىنى چۈشىدە كۆرىدىغان بوپ كەتكەنىدى. ھازىر زىننەتنىڭ سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدىغان ئاكىسى رىشات سىڭلىسىنىڭ ھەۋەس-ئىشتىياقىنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. تۆت يىل ئىلگىرى، يەنى زىننەت تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىدا رىشات تۇغۇلغان ناھىيىسىگە چى-

قىپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە مۇزىكىدىن دەرس ئۆتتى. شۇنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى، رىشاتنىڭ ئاغىنىسى ئۇنىڭ گېپىنى قىيالمىدى. زىننەت مەكتەپنى، ئوقۇشنى يېرىم يولدا تاشلاپ سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ چەكسىز بەختىيار ئىدى. نەچچە كېچە ئۇيقۇ كۆرمىدى، ئاش-تاماقتىن قالدى. ماگىزىنىدا پېرىكازچىك بولۇپ ئىشلەيدىغان ئىسلىماخۇننىڭ ئائىلىسى بىرنەچچە كۈنگىچە قارلىغاچ ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالدى. زىننەت ھويلىدىن-ئۆيگە، خانىدىن-خانىلارغا ئۇچۇپ يۈرەتتى. شۇ تەرىقىدە ھەش-پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۆڭۈلچەك باشلىقى چىرايىغا، ئىشتىياقىغا نىسبەتەن كەسپىي ماھارىتى زادىلا يېتىشەلمەيۋاتقان زىننەتكە قاراپ نەچچە قېتىم بېشىنى چايقىدى، ئىچىدە بولسا: «ھەي، ئۇستىخان ئېغىردە-ئۇستىخان. نېمىدېگەن بىلەنمۇ ئەسلى شۇنىڭ ماتېرىيالى ئەمەستۇقكەن-دە!» دېدى.

مانا بۈگۈن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تارغىنە رېپېتىتسىيە زالىدا قارلىغاچ بالىلىرىدەك قاتار تىزىلىپ ئولتۇرغان يىگىرمە يەتتە سەنئەتچى، تېخى يېقىندىلا ۋىلايەتكە بېرىپ، مۇھىم بىر يىغىنغا قاتنىشىپ كەلگەن ئۆمەك مەسئۇلىنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ ئولتۇراتتى. چۈشتىن ئاۋۋال يىغىننىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. چۈشتىن كېيىن بولسا، ئەمەلىي پاراڭ باشلاندى. زىننەت بىلىدىكى، ئۇ ئەمدى ئۇسسۇلچىلىقنى ئارتۇق خىيال قىلمىسىمۇ بولىدىكەن. ئۇسسۇلچى بولالمايدىكەن!

## 2. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم

ھاياتتا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق يانمۇيان ياشايدۇ. زىننەت ئۈچۈن تاق شۇنداق بولدى. دەل ئۇنىڭ ئۆمەكتە «تاسقاش» يىغىنى ئېچىلغان ئاشۇ كۈنى تام قوشنىسى — سودىگەرنىڭ ئارزۇلۇق قىزى، زىننەتنى دائىم «ئارتىس» دەپ زاڭلىق قىلىدىغان، ئۆزى بولسا دادىسىنىڭ دۆلىتىدە كۈنىگە ئىككى قېتىم كىيىم ئالماشتۇرۇپ ياسىنىپ، بازاردىن كەلمەيدىغان روزىگۈلنىڭ تويى ئىدى. باشقا ۋاقىت بولسىمۇ زىننەت تويغا كىرەر، شوخ دىسكو مۇزىكىسىغا چاڭ چىقىرىپ ئويناپ توزدەك ياسىنىشىپ كېلىشكەن، بىرىدىن بىرى ھالدار قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىدۋەتكەن بولار ئىدى. لېكىن بۈگۈن زىننەت ھېلىغۇ تام قوشنىسىنىڭ ئىكەن، بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ تويى بولسىمۇ بارغۇدەك ھالى يوق. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ پەرىشان، كۆزلىرى نەملىشىپ قىزارغان. ھال رەڭ نەپىس مەڭزىلىرى تېگى-تېگىدىن سارغايغانىدى. ئۇنىڭ تېخى ھاياتنىڭ سىرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشمىغان قەلبىنى ئېغىر قارا تاش بېسىۋالغاندەك سېزىلەتتى. قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە: «زىننەت سىزمۇ ئويلىشىپ، ئائىلىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويۇڭ، ‹تەڭشەش› ئىچىدە سىزمۇ بار» دېگەن كەسكىن، بوم ئاۋاز ھېلىدىن ھېلىغا جاراڭلاپ تۇراتتى. «تەڭشەش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى زىننەت تولۇق چۈشىنىپ كې-

تەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى بوغۇملۇق
سۆزنىڭ ئەمدى «ئۇسسۇلچى بولۇش بو-
ياقتا تۇرسۇن، سەنئەت ئۆمەكىنىڭ رېپېتىت-
سىيە زالىدا ئىلگىرىكىدەك ئەركىن يايراپ،
تاكىلداپ يۈرەلمەيسەن» دېگەندەك بىر مە-
نىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئىك-
كى يىل ئىلگىرى ئۇ سەھنىدە يەنە بىر
قېتىم قالتىس چوڭ چاندۇرغاندىن كېيىن،
ئۆمەك باشلىقى ئۇنىڭ بىلەن جىددىي
سۆھبەتلەشكەنىدى:

— سىزدە ئۇسسۇلچىلىققا نىسبەتەن
پەقەت چوڭ ئىشتىياق بار، لېكىن ئىقتى-
دار كەم. بۇنى چۈشىنەمسىز زىننەت؟

زىننەت قىزىرىپ، بېشىنى ئارانلا
لىڭشىتتى.

— مېنىڭچە سىز ئەمدى سەھنىگە
چىقماڭ!

زىننەت ئۈنچىقمىدى - يۇ، كۆڭلىدە
بولسا «دېمەك، ئۆزۈم ئوتتەك كۆيگەن
سەنئەت ئۆمىكىدىن...» دېگەن ۋەھىمىلىك
بىر خىيال لاپ قىلىپ ئۆتتى.

— ئەلۋەتتە ... سەھنىگە چىقالمى-
سىڭىز، باشقا ئىش قىلسىڭىز بولىدۇ، — دې-
دى ئۆمەك باشلىقى زىننەتنىڭ كۆڭلىدى-
كىنى بىلگەندەك. زىننەت شۇ چاغدىلا بې-
شىنى ئۆمىدلىك كۆتۈرۈپ، ئۆمەك باشلى-
قىغا يالتىيىدە قارىدى.

— سىز بۇندىن كېيىن گىرىمگە مەس-
ئۇل بولۇڭ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىزنىڭ باللار
گىرىمگە خام، قىزلار چېغىدا ... ئەمما بىر
سەنئەت ئۆمىكى ئۈچۈن گىرىم بەك مۇ-
ھىم ئىش.

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن زىننەت نا-
ھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ گىرىمچىسى
بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىرەر ئىشقا كىرىشسە،
تىرىمىشىپ توختىمايدىغان ياخشى بىر مى-
جەزى بار ئىدى. ئەمدى ئۇ پۈتۈن خىيا-
لىنى، كۈچىنى يېڭى كەسپكە، گىرىمچىلىك-
نى ئۆگىنىشكە قاراتتى. باشقىلاردىن، خۇ-
سۇسەن چوڭلاردىن گىرىم قىلىش تېخنى-
كىسى ھەققىدە بىلىم ئالدى، ئىزدەندى.
مەخسۇس خاتىرە تۇتۇپ، ئويلىغانلىرىنى،
ئۆگەنگەنلىرىنى يېزىپ باردى. ھەتتا ئۆز
يېنىدىن پۇل چىقىرىپ گىرىم بۇيۇملىرى-
نى سېتىۋېلىپ يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆن
سائەتلەپ ئەينەك ئالدىدا قىمىرلىماي
ئولتۇرۇپ مەشىق قىلدى. قىشتا ئۇ تەلەپ
قىلىپ شەھەرگە كىرىپ، چوڭ ئاپىسىنىڭ
ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ، ۋىلايەتلىك سەن-
ئەت ئۆمىكىنىڭ گىرىمچىسىدىن يېڭى
ھۈنەر ئۆگەندى...

قوشنا ھويلىدا ئاكاردىئون ئەنسىز
غارتىلداشقا باشلىدى. يىگىتلەر قىز كۆ-
چۈرۈشكە كەلگەن ئوخشايدۇ. زىننەت
ئىختىيارسىز بىلىكىدىكى سائىتىگە قارىدى.
راستىنمۇ سائەت ئون يېرىم بوپقاپتۇ.
خىيال بىلەن ئۆتكەن ۋاقىت ئۇچىدىكەن-
ھە ؟!

سائەتكە قاراش بىلەنلا زىننەتنىڭ يۈ-
رىكى بۆلەكچىلا تىپىرلاپ كەتتى. يادىغا خۇش
چاقچاق-سەمىمىي يىگىت نۇرەخمەت كەلدى.
نۇرەخمەت يادىغا كېلىش بىلەنلا، زىننەت-
نىڭ كۆز مۇنچاقلىرى يەنە يېپيېڭى ئۇزۇلۇشكە
باشلىدى. ئېخ، مۇبادا يېنىدا ئۇ بولغىنىدى-
مۇ زىننەتكە بۈگۈنكى غەملەر بۇنچىلا
ئېغىر بىلىنمەس بولغىيدى. ياخشى سۆز،
مەسلىھەتلەردىن تەسكىن تاپاردى ...
زىننەت ئەركىسىز ھالدا شۇلارنى ئويلاپ
بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. قوشنا ھويلى-
دىن ئاكاردىئون پەدىلىرىگە تەڭكەش بو-
لۇپ ناخشا ياڭرايتتى:

يىغلىما قىز يىغلىما،
تويۇڭ بولدى.
ئالتۇن گۈلمۇك كۆشۈگە
ئۆيۈڭ بولدى.
يىغلىما قىز يىغلىما
......

## 3. نۇرەخمەت دېگەن يىگىت

قامەتلىك، تولىمۇ پاكىز يۈرىدى-
غان بۇ يىگىت بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى
زىننەتنىڭ قەلبىگە ھېلىقى خاس-
يەتلىك ئوتنى ياقىقانىدى. ياق،
لىللا گەپنى قىلساق، زىننەت ئالدى بىلەن
يىگىتنىڭ ئەمدىلەتىن ھايات گۈزەللىك-
لىرىگە نەزەر سېلىپ، سىر ئىزدەپ كېلى-
ۋاتقان پاك، مەردانە يۈرىكىگە مۇھەببەت
يالقۇنىنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنىنى تاشلى-
دى. يىگىت ئايلار داۋامىدا تولغانىدى،
پۇچىلاندى. گەرچە قىلىدىغان ئىشى سەي-
پۇڭلۇق بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل نازۇك
تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە شائىرلار كۆرسىمۇ
«ھە ... خېلى!» دېگۈدەك بىرنەچچە كۇپ-
لېت شېئىر يېزىپ، قىزغا بېرەلمەي مەي-
دە يانچۇقىدا ساقلاپمۇ يۈردى. ئاخىرى
ئۇنىڭغا قىزىقچى مىجەز ساتىراش ئاغىنى-
سى ئابلەت ياردەم قىلدى. ئابلەت بىلەن
نۇرەخمەت باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئو-
قۇغان، كېيىن ئابلەت ئائىلە قىيىنچىلى-
قى تۈپەيلى ئوقۇشتىن بالدۇر ئايرىلىپ،
ساتىراشلىققا بالا شاگىرت بولۇپ
كىرگەنىدى.

خوش، نۇرەخمەتنىڭ زىننەت بىلەن
ئۆمۈرلۈك سىرداش بولۇپ قېلىشىغا ئەۋ-
ۋەلەن ئابلەت، ئابلەت ئارقىلىق بولسا،
نەپىسە ئىسىملىك قىز سەۋەب بولۇپ قال-
دى. نەپىسە زىننەتكە شېرەم تۇغقان
كېلەتتى. ئادەتتە چىرايلىق يا-
سىنىپ يۈرىدىغان بۇقىز ئابلەتنىڭ سات-
راشخانىسىغا پات - پاتلا بېرىپ چېچىنى
ياسىتاتتى. بۇ زىلۋا قىزنىڭ جامالى
ئابلەتنىڭ يۈرىكىنى بارغانچە ئەسىر قى-
لىشقا باشلىدى. بۇ توغرىدىكى تەپسىلىي
پاراڭلارنى كېيىنچە سۆزلەيمىز.

شۇنداق قىلىپ نەپىسە نۇرەخمەت-
نىڭ بىر پارچە تازا يۈرىكىنى ئەپكې-
لىپ زىننەتكە تۇتتى. نەپىسەنىڭ مەسلى-
ھىتى بىلەن كېلەر ھەپتىنىڭ خەيرلىك
بىر كۈنى ئىككى قىز سەيپۇڭخانىغا پار-
لاشتۇرۇپ پىلاتى - يوپكا كىيىدىغان
رەختنى ئاپاردى. نۇرەخمەت تىترەپ تۇر-
غان قوللىرى بىلەن، ھوشسىز ھالەتتە
زىننەتنىڭ ئالتۇن ... بويىنى ئۆل-
چىدى. كېچىلىرى ئۇيقۇ كۆرمەي تىكىش
ماشىنىسىنى شارىلداتتى. كىيىم زىننەت-
كە ياردى، كېيىن بولسا سەيپۇڭ يىگىت-
مۇ...

نۇرەخمەت غايىلىك يىگىت ئىدى.
زىننەت ئۆزىنىڭ ئاشۇ قامەتلىك، كۆڭلى-
كىنىڭ ئاپئاق ياقىسىغا قاچانلا قارىسا شې-
كەر كىر قوندۇرمايدىغان سۆيگەن يىگى-
تىنى ئەسلىگىنىدە ئالدى بىلەن شۇنداق
ئويلايتتى. نۇرەخمەتنىڭ ئۆيىدە، دۇكىنى-
دا كىتابخانىغا يېڭى كەلگەن ئەدەبىي،
ئىلمىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى بولاتتى.
بۇ تاغلىق ناھىيە بازىرىدا ئەڭ دەسلەپ
«چەت ئەل» چىسىگە گالستۇك تاقاپ،

كۆپلەرنى ھەيران قالدۇرغان، بەزى تىـ
لى ئۇزۇن بىكار تەلەتلەرنىڭ غەيۋىتىگىـ
مۇ قالغانىدى. زىننەت بىلەن بىرگە بولـ
ىىلا ئۇ ئاجايىپ ياخشى پاراڭلارنى قىلاتـ
تى. زىننەتنىڭ سەنئەتچى ئىكەنلىـكىگە
كەلگەندە ئۇ ئاجايىپ كەڭ قورساق ئىدى.
بىرنـەچچە تونۇشلار، ھەتتا ئۆزىـنى قالـ
تىس ھۆرمەتلەيدىغان، يەنە كېلىپ مۇـ
ھەببەت سەۋداسىغا ياردەم قولىنى سۇنـ
غان ئاغىنىسى ئابلەتمۇ بۇ «ۋىجـدانـلىق،
ئىلمىي» ئاغىنىسىنىڭ ئارتىس قىزغا كۆـ
يۈپ - پىششىپ قالغانلىقىغا نىسبەتەن باشـ
قىچە پىكىرلەرنى قىلغانىدى.

— ئارتىس بولسا نېمە يامىنى بار؟—
دېگەنتى نۇرەخمەت ئابلەتكە شۇ چاغدا،—
ئارتىس ئادەم ئەمەسمىكەن؟ ئارتىـسلىق
شۇنچە پەس، ناپاك كەسىپمىكەن؟

— بەزىلەر شۇنداق ئويلايدىكەنچۇ.

— ئاشۇ بەزىلەرگە سېنىڭ ئوخشىـ
ماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېـدى نۇـ
رەخمەت سەمىمىي ھالدا، — زىننەتكە مەن
ئىشىنىمەن، يۈرىكىم ئىشىنىدۇ.

نۇرەخمەتنىڭ يۈرىكى راستىن خاـ
تاسىز ماڭىدىغان سائەت ئىدى. زىنـنەت
ئۆز يىگىتىگە ئىنتايىن سادىق ئىدى. سەنـ
ئەت ئۆمىكىدە زىننەتتىن باشقا يىگىتلىرى
ئۇچۇن يۇشۇرۇن كۆيۈپ، سەنەمـدەك، زۆھرەـ
دەك پاك ئىشـق بىلەن ياشايدىغان قىزلار
ئاز ئەمەس ئىدى. ئاخىر ئىنسان بولىدىـ
كەن، ياشلىق بولىدىكەن، چىن مۇھەببەت
قەيەردىلا بولمىسۇن، مەۋجۇتقۇ!

زىننەت بۈگۈن نۇرەخمەت ھەققىـ
دە ھەرقانداق كۈندىكىدىن ئۇزاق ئويلىـ
دى. بىراق ئۇ ھازىر يېنىدا يوق. بـولـ
غان بولسا دائىملىق ئۇچرىشىشلىرىدا زىنـ
نەتكە ھايـات، دەۋر، ئىنـسـان، بـۇرچ،
ئىستىقبال ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان، تۈـ
گىمەس، يېقىملىق مەنىلىك پاراڭلىرىنى يەنە
قىلار، زىننەتنىڭ مۇنۇ ھالىتىگە بەرھـەم
بېرىپ، كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەم ياقار ئىـ
دى. بىراق ئۇ ئىككى ئايچە ئىلـگـىرى
شەھەرگە، زامانىۋى نۇسخىدىكى مودا كىـ
يىملەرنى پىچىپ - تىكىشنى ئۆگىنـىـش
كۇرسىغا كەتكەنىدى. زىننەت ئويلاپ شۇ
يەرگە كەلگەندە نازلىق بىر ئاچچىق قېيىـ
داش بىلەن ئويلىدى: «ھۈنىرىنى ئاشۇرـ
مەن دەپ، مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، ھۈنەر
ئاشـىقى!»

ئادەم يېنىدا ئەڭ يېقىن كىشىسى،
ئىشەنگەن تېغى بولمىغىنىدا تېخىمۇ مۇڭـ
لۇق ھالەتكە چۈشىدۇ، تەمتىرەپ قالىدۇ.
خۇددى ئەنە شۇنداق ھالەتكە چـۈشـكەن
زىننەت يان ھويلىدىكى تويغىمۇ چىقمىـ
دى، ئانىسىنىڭ غەمخور پاراڭلىرىغىمۇ كۆـ
ڭۈلسىزلا جاۋاب بەردى. پەقەت يېرىم كېـ
چىدە، تۈگىمەس، باش - ئايىغى يوق خىـ
ياللارغا چېكىنت قويۇپ، ئۇيقۇغا كېتـىـش
ئالدىدىلا ئۇ بىر قەتئىي قارارغا كەلـدى:
ئەتە شەھەرگە كىرىمەن!

## 4. گىرىم ئىلھامى

بۇ ئانچىۋالامۇ چوڭ شەھەر ئەمەس،
ئىمارەتلىرى پەقەت يېقىنقى يىللاردىن
بۇيانلا قويۇقلاشقىلى، كۆپەيگىلى باشلىدى.
بۇ سۆيۈملۈك، گۈزەل شـەھـەر بىر چاغـ
لاردا «پاكىز شەھەر» دەپ نامى مەشـھۇر
بولغان، ئەمدىلىكتە بولسا كوچىلىرى بۇـ

لۇك - پۇچقاقلىرىدا ئەخلەت كۆرگەزمىلە-
رى پات - پاتلا كۆزگە چېلىقىپ قالىدى-
غان، ئاسفالت يوللىرىدا ماشىنا، تىراكتور،
ئېشەك هارۋا، ۋېلىسىپىتلىقلار قەدەمدە
بىر ئۇچرايدىغان بۇ پېشانىسى ئىسسىق
شەهەرنىڭ هازىر ئەڭ پاكىزچىلىق ۋاقتى-
قىش پەسلى ئىدى.

زىننەت قاما ياقلىق قارا كۆك
پەلتۇسىغا چىپپىدە كەلگەن قامىتى بىلەن
شەهەر كوچىلىرىدىكى مۇزدا نەچچە يىگىت-
نى ئالاقزادە قىلىپ، تېيىلىپ، يىقىتىپ،
لۇرەخمەت خېتىدە ئېيتىپ بەرگەن ئادې-
رىسقا قاراپ كېتىۋاتاتتى. يولدا ئۇ بىر
نەچچە ماگىزىنغا كىرىپ ئۆلگۈردى. «قىز-
نىڭ كۆزى قىزىلدا» دېگەن بىكار ئېيتىل-
غان پاراڭ ئەمەستە! قوۋمنىڭ نەرخىدە ئا-
ۋۇپ كەتكەن، زامانىۋى پاسونىدىكى چوڭ-
كىچىك ماگىزىنلارنىڭ ئۇنئالغۇ كانايلى-
رىدىن «گۇم - قاس، گۇم - قاس» قىلىپ
ياڭرىغان مۇزىكىلار قۇلاق مېڭىنى يەپ كې-
تەتتى. ماگىزىنلارنىڭ پوكەيلىرى كۆپىنى-
چە چەت ئەل پاسونىدا، تاملىرىغا پوتون
بوي ئادەم كۆرۈنىدىغان ئەينەكلەر ئور-
نىتىلغان ۋە شۇ ئەينەكلەرگە يۆلەپ قو-
يۇلغان پاسون مال جازىلىرىغا تىزىلغان
غەيرىي ئاياغلار، غارايىپ كىيىملەر، كۆز-
نى چاقنىتىدىغان زىننەت بويۇملىرىنىڭ
هەر بىرى ئەينەك تام تۈپەيلى خېرىدار-
غا هەر بىرى تامام ئىككى بولۇپ كۆرۈ-
نەتتى. زىننەت ئاشۇلارغا قاراپ، ئۆزلى-
رىنىڭ چەت - ناهىيە بازىرىدىمۇ شۇنداق
يېڭىلىقلارنىڭ ئەمدىلا پەيدا بو-
لۇۋاتقانلىقىنى يادىغا ئالدى.

ئۇنىڭ بابا ئاپتوبۇستا جىممىدە
تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئۈچ يېرىم سا-
ئەتلىك يولدا ئويلىغان تۈگىمەس كۆ-
ڭۈلسىز خىياللىرى هازىر مۇنۇ «شەهەر
قىزىقچىلىقلىرى» ئالدىدا نەلەرگىدۇر ئۇ-
چۇپ كەتكەنىدى. يولدا ئۇ يەنە ئاخشام-
قى خىياللىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئەڭ مۇ-
هىمى، يولدىن كېيىن نېمە قىلىش مە-
سىلىسى ئىدى. ناهىيىلىك سەنئەت ئۆ-
مەكلىرىدىكى كۆپچىلىك ئارتىسلار ۋاقىت-
لىق شتاتتا بولىدۇ. زىننەتمۇ شۇلارنىڭ
بىرى. بۇقېتىمقى «ئىسلاهات، تەڭشەش»
تە ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى رەسمىي
شتاتتىكى ئۆزىگە ئوخشاش
«ئارتۇق خادىم» لارنىڭكىدىن
باشقىچە بولۇشى چوقۇم. بۇنى ئۆمەك
مەسئۇلى يىغىندا ئالاهىدە ئەسكەرتكەنىدى.
رەسمىي شتاتتىكىلەر سەنئەت ئۆمىكىدىن
ئايرىلسا، يا بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە بې-
رىپ سەنئەت مۇئەللىمى بولىدۇ ياكى بول-
مىسا ئاۋۇلارغا ئوخشاش بىرەر ماگىزىنىدا
غىمسىيىپ پېرىكازچىلىقتا ئولتۇرىدۇ.
زىننەتچۇ؟ تەشكىلغۇ ئۇنىڭغا بىرەر ئۇۋا
تېپىپ بېرەر، لېكىن ئۇ ئاسانلىقچە هەل
بولمايدۇ. زىننەت تالاي - تالاي ۋاقىت-
لارغىچە نەچچە چىرايلارغا سارغىيىپ،
قانچە كۆزلەرگە سەت كۆرۈنۈپ سوكۇلداي-
دۇ... ياق، زىننەت بۇنداق «ئىتتىرىش»
لەرگە ئەسلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ،
ئۇ سەنئەت ئۆمەككە هەرگىز «ئىشقا ئو-
رۇنلىشىش» مۇددىئاسىدا كىرمىگەن، بەل-
كى ئۇسسۇل ئىشتىياقى تۈپەيلى كىرگەن.
بولمىسا مەكتەپتە ئۇ ئەلاچى ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ بىرى ئىدى. ئوقۇشنى داۋاملاش-
تۇرىۋەرگەن بولسا بۇ شەهەردىلا ئەمەس،
بەلكى ئۇرۇمچىدەك چوڭ يەرلەرگىمۇ
بېرىپ ئوقۇيالىغان بولار ئىدى... زىننەت

شۇلارنى ئويلىغىنىدا: «ياق، ھەرگىز تەش-
كىلىنىڭ ئالدىدا بوغچا، يۇك بولۇپ سار-
ھىيىپ تۇرمايمەن، ئۆزۈم مۇستەقىل بىر
چىقىش يولى تاپىمەن!» دەپ ئۈنلۈك
سۆزلىۋەتتى ئۆزىگە.

لېكىن ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ-
نىڭ چىقىش يولى زادى نەدە؟ ئەلۋەت-
تە بۇلارغا ئۇ دەررۇ نەق جاۋاب تاپال-
مىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، خەلق قوشاق-
لىرىدا: «يار قېشىمدا ئولتۇرسا، تاغدەك
يۆلەك ئەمەسمۇ» دەپ ئېيتىلغاندەك،
بۈگۈن ئۇ شەھەرگە «تاغدەك يۆلەك»
كىشىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. زىننەتنى غەمگە
سېلىۋاتقىنى ھەرگىزمۇ پۇل ئەمەس، يەنى
سەنئەت ئۆمەكتىن ئالىدىغان ئېيىدىغا
سەكسەن بەش يۈەنلىك مائاش ئەمەس،
بەلكى كېلىچەك مەسىلىسى. بولمىسا زىننەت-
لەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالى خېلى -
خېلى ئائىلىلەردىن ياخشى ئىدى.

نۇرەخمەت ئىش ئۆگىنىۋاتقان يەر-
گە ئاز قالغاندا زىننەتنىڭ كۆزى تۇيۇق-
سىزلا بىر كىچىك دۇكاننىڭ داڭلىق تاماكا-
ھاراق ئەۋرىشكىلىرى پاسون چىقىرىپ تى-
زىلغان دېرىزىسىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ
ئەسنادا ئۇ نۇرەخمەتنىڭ ئاربلاپ ئېسىل
پاپىروستىن چېكىپ قويىدىغان مىجەزىنى
يادىغا ئالدى. ناھىيىدە ئۇلار ھەر ئۇچراش-
قاندا زىننەت نۇرەخمەتكە بىرەر قاپ
ئېسىل تاماكا ئالغاچ كېلەتتى. تېخى ئۇ-
نىڭغا يەتتە يۈەنلىك چىرايلىق گاز چاق-
ماقمۇ سوۋغا قىلغانتى... زىننەت شۇ تاپ-
تا نۇرەخمەتكە بىر قاپ ئېسىل تاماكا
ئېلىۋالماقچى بولدى - دە، بايىقى دۇ-
كانغا كىردى.

تاماكىنى ئېلىۋېتىپ زىننەت بۇ يېڭى
پاسوندىكى چىرايلىق دۇكاننىڭ ئىچىدىكى
تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر ۋىۋىسكىنى
كۆرۈپ قالدى. ۋىۋىسكىغا «گىرىم قىلىنىۋې-
لىڭ!» دېگەن خەتلەر ئىككى خىل يېزىق-
تا، ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغانىدى. ئۇ-
نىڭ يېنىدىلا، بۇلۇڭدا، ئىككى تامغا چاپ-
راس قىلىپ تارتىلغان، چۈچىلىرى يەرگە
تېگىپ تۇرغان نەپىس ھال رەڭ شايى
پەردە تۇراتتى. قىز ۋىۋىسكا ۋە شايى
پەردىگە قاراپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز رەۋىشە
تە نۇرەخمەتنى ئەسلەپ قالدى. ئۆزىنىڭ
بىر-ئىككى كۈندىن بېرىقى ھالىتىنى، ئاخ-
شام كېچىچە يىغلىغىنىنى، نەچچە كۈندىن
بېرى ئۆزىگە تۈزۈكرەك گىرىم قىلمىغىنى-
نىمۇ يادىغا ئالدى. سۆيگىنىنىڭ ئالدىغا
سۇلكەتلىكرەك بارمىسا بولامدۇ! شۇنىڭ
بىلەن ئۇ پېرىكازچىك قىزغا يەنە يېقىن-
لاشتى... بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇ شايى
پەردىنى قايرىپ ئېچىپ، ئۇچبۇلۇڭلۇق
تارغىنە «گىرىم ئۆيى» دىكى كىچىككىنە
تۆت بۇرجەك ئۈستەلنىڭ ئالدىغا قويۇلغان
ئورۇندۇققا ئولتۇردى ۋە ئۈستەل ئۈستى-
دىكى نەقىشلىك، يۇمىلاق تىكلىمە ئەينەك-
كە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئەينەك تۈۋىگە رەت-
لىك تىزىلغان گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلى-
تىشكە باشلىدى. تازا زېھنى ۋە ئىشتىياقى
بىلەن ئۆزىگە گىرىم قىلدى. گىرىم قىلى-
ۋېتىپ بىردەم ھېلىقى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى،
بىردەم نۇرەخمەتنى ئويلىدى. تۇيۇقسىز
ئۇنىڭ كاللىسىغا لىپ ئېتىپ بىر تاسادىپىي
خىيال كېلىپ قالدى. بۇ خىيال ئاجايىپ
ئېسىل، ئاجايىپ يېقىملىق خىيال ئىدى،
زىننەت بۇ خىيال تۆرتكىسىدە ئورنىدىن
دىككىدە تۇرۇپ كەتتى. يۈرىكى ئەنسىز
دۈكۈلدىدى...

## 5. دۇخاۋا تاملىق رېستۇرانىدا

زىننەت يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغانچە ئالدىراپ بايىقى كىچىك دۇكاندىن چىقتى. ئۇ تاشقىرىغا چىققاندا گۇڭگا، سوغۇق قىش مەنزىرىسى ئەمدى ئۇنىڭغا بۆلەكچە بىر لاتاپەت بىلەن قۇچاق ئاچتى. بىر يىل ئىلگىرى نەق مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاپئاق قار كۆزلەرنى چاقنىتىپ چىقىپ تۇرغان بىر تولۇن ئايلىق ئاخشىمى نۇرەخمەت زوق - ھاياجان بىلەن زىننەتكە قىش ھەققىدىكى شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەنىدى. ئاشۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدىكى «ھەم سوغۇق، ھەم ئاپتاپلىق ئاجايىپ بىر كۈن» دەپ باشلىنىدىغان بىر شېئىر نەق مۇشۇ تاپتا زىننەتنىڭ ئېسىگە چۈشتى. شۇنداق، راستىنلا خىرە، گۇڭگا ئېسىلىپ ياتقان شەھەرنىڭ قىشلىق ئاسمىنى، كۆڭۈلسىز قىش كۈنلىرى مۇشۇ تاپتا، مۇشۇ كىرىمخانىدا ھازىرلا چاقماقتەك ۋاللىدە يېنىپ قالغان، ئەمما چاقماققا ئوخشاش دەررۇ ئۆچمەستىن، بارغانسېرى بۇ زىلۋا، نازۇك، شەربەت چەشمىسى بەدەندە يانغىن پەيدا قىلىۋاتقان پىكىر، ئىلھام تۈپەيلى زىننەتكە پۈشكىن تەسۋىرلىگەندەك «ھەم سوغۇق، ھەم ئاپتاپلىق ئاجايىپ» تۇيۇلدى...
زىننەت شۇنداق خىيال، ھېسسىياتلارغا چۆمۈلۈپ، يۈرىكى تېخىچىلا بېسىقىغا چۈشمىگەن ھالدا نۇرەخمەتنىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتى. پۈتۈن دۇنيادا ھازىر پەقەت تۆتلا نەرسە، تۆتلا زات، يەنى ئۇ، نۇرەخمەت، «ھەم سوغۇق ھەم ئاپتاپلىق» قىش كۈنى ۋە ھېلىقى ئىلھاملا بار ئىدى.

زىننەت ئاخىرى مىڭبىر تەسلىكتە نۇرەخمەت ئىش ئۆگىنىۋاتقان مېھمانخانىغا يېتىپ باردى. شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىلىرىدىن بىرىگە، قارىمۇ قارشى كېسىشىپ تۇرغان ئالتە كوچىنىڭ ئەڭ چەتتىكىسىنىڭ ئايلانمىسىغا يېقىندىن سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك، كۆرۈنۈشى ئېگىز - پەس ئىشكاپنى ئەسلىتىدىغان بۇ چىرايلىق مېھمانخانىنىڭ ئىسمى مەنىلىك قىلىپ «ئىسلاھات» دەپ قويۇلغانىدى. راست، بۇ يەردە نۇرەخمەت ئىسلاھات داۋامىدا يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش، قەدىردان يۇرتىنىڭ خەلقىنى، ياشلىرىنى زامانىۋى، يارىشىملىق پاسوندىكى رەڭگارەڭ كىيىم - كېچەكلەر بىلەن بېزەندۈرۈش ئۈچۈن سۆيگەن مەھبۇبىسىنىمۇ ۋاقىتىنچە ئۇنتۇپ دېگۈدەك ھۈنەر، يېڭى تېخنىكا ئۆگىنىۋاتىدۇ. راست، زىننەتمۇ مانا ھازىر نەق شۇ «ئىسلاھات» قوشۇنىغا ئاجايىپ بىر يېڭى پىلانى بىلەن قېتىلىش ئۈچۈن سۆيگەن ئادىمىنىڭ يېنىغا مەسلىھەتكە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئاپتوبۇسقا چىققاندا پەقەت كۆڭلىدىكى مۈشكۈلچىلىكىنى نۇرەخمەتكە بىلدۈرۈش، ئىچى - قارنىنى بوشىتىش، سۆيگەن يارىنىڭ چېچەن تىللىرىدىن تەسەللى تېپىش نىيىتىدە بولۇۋىدى. مانا ئەمدى تۇيۇقسىزلا ئالتۇن كانغا يولۇققان سەيياھتەك شادىمان ھالەتتە كېلىۋاتىدۇ، يۈرىكى دالىدا ئۇزاق چاپقان توشقاننىڭ يۈرىكىدەك ئەنسىز دۈكۈلدىگىنىچە كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلار كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. مەلۇمكى، سۆيۈشكەنلەرنىڭ دەسلەپكى سالام - سائىتى ھەر دائىم ئەندىكىشلىك، سىرلىق، لېكىن چەك-

سىز لەززەتلىك بولىدۇ.
— بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى چىقىرا-
لامسىز؟— دەپ سورىدى زىننەت قېيىندى-
غانـدەك ئاھاڭدا سەل يانغا بۇرۇلۇپ تۇ-
رۇپ،— ئالدىراش ۋاقتىڭىزدىن...
— مېنىڭ ۋاقتىم پۈتۈنلەي سىزنىڭ
ئىختىيارىڭىزدا!— دېدى نۇرەخمەت، ئې-
گىز بويلۇق، تەنھەرىكەتچىدەك يارىشىملىق
قامەتكە ئىگە يىگىت زىننەتنىڭ نازىدىن
كۆيگەندەك، ئاۋازى ھەرقاچانقىدەك بىلىنەر-
بىلىنمەس تىترەپ. نۇرەخمەتنىڭ ئەڭ
چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ناھىيىدىلا ئەمەس
مۇنۇ شەھەردىمۇ ئۇنىڭدەك ياراشتۇرۇپ
قاملاشتۇرۇپ كىيىم كىيىدىغان يىگىتلەر
كەمدىن كەم تېپىلاتتى. «سەيپۇڭنىڭ
ئۆزى، ئۆز ھۈنىرىنىڭ يەرمەنكىسى» دەيت-
تى نۇرەخمەت دائىم بۇ ھەقتە. ناھىيە
يىگىتلىرىدىن بەزىبىرلىرى شۇ تۈپەيلى
ئۇنى «نۇرى پۇكىس» دەپ ئاتىشاتتى.
«قايسى نۇرەخمەت ئۇ؟»، «ۋايۋۇي، ھې-
لىقى نۇرى پۇكىسچۇ، ماشىنىچى!».
يەنە ئىككى - ئۈچ ئېغىز پاراڭدىن
كېيىن نۇرەخمەت يۈگۈرۈپ كىرىپ كې-
تىپ، ئۇستىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، كىيىـ-
نىپ چىقتى. ئىككىيلەن شەھەرنىڭ توڭ-
غىلاق، تېيىلغاق ئاسفالت يولىدا قولتۇقـ-
لىشىپ، شېرىن - لەززەتلىك پاراڭلىشىپ،
بايا زىننەت كەلگەن تەرەپكە قايتىشتى.

ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى — ناھىيىدە بولسا ئۇلار
ھەرگىز بۇ تۇرقىدا مېڭىشالمىغان بولاتتى.
ئۇلار بىرنەچچە چوڭ ماگىزىنغا
كىردى. كىتابخانىغا ئەلۋەتتە ئەڭ دەسلەپ-
تە كىرىپ، ئۇزۇن ھايال بولۇشتى. كېيىن
بولسا ھارغىنلىق ھېس قىلىشىپ، بىر ئاز
ئارام ئالغاچ قورساقنى توقلىغىلى، مۇھىمى
ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ بايىقى، يولدا زىننەت
نۇرەخمەتكە خام قىلىپ بەرگەن پاراڭنى
پىلاننى مۇھاكىمە قىلغىلى جاي ئىزدەپ
قېلىشتى. ئاشخانىلار قالايمىقانىدى. نۇ-
رەخمەت قىزنى يېڭى مودىدىكى رېستو-
رانلارنىڭ بىرىگە باشلىدى.
ئۇلار كىرگەن رېستوران ھەشەمەت-
لىك ئىدى. سانسىز ئالا - يېشىل چىراغ-
لار لاپىلداپ يېنىپ - ئۆچۈپ تۇرىدۇ.
دۈگىلەك، يوغان بەئەينى توپتەك بىر چى-
راغ تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ،
پىرقىراپ زەر چاچىدۇ. تۆت تامغا باش-
تىن بويى قېنىق جىگەررەڭ دۇخاۋا تار-
تىلغان. يەنە شۇنداق دۇخاۋا پەردىلەر
رېستوراننى يىگىرمىگە يېقىن كىچىك
بۆلۈملەرگە بۆلۈپ تۇرىدۇ.
نۇرەخمەت بىلەن زىننەت ئەنە شۇن-
داق كەڭلىكمۇ، ئۇزۇنلۇقىمۇ بىر يېرىم
مېتىردىن ئاشمايدىغان دۇخاۋا تاملىق پىنـ-
ھان خانىغا كىرىپ ئولتۇردى...

## 6. زىننەت ئىش تەۋرەتمەكچى

كىتابخانىلىرىمىزدىن يوشۇرمىدۇقكى،
زىننەت، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ
بۇ ئۇسسۇلچى بولالماي قالغان «ئارتۇقچە
خادىمى» ئەمدىلىكتە تۇمان ئىچىدىن يول
تېپىپ، جاسارەتكە كېلىپ ئۆز ئالدىغا

ئىش تەۋرەتمەكچى، تالاي - تالايلار
مېڭىۋاتقان ئىسلاھات يولىدا ئۆز ئىرادى-
سىنى سىناپ، تەلىيىنى ئىزدەپ مېڭىپ
كۆرمەكچى بولغانىدى، بۇ جاسارەتنىڭ ئىلـ-
ھامى بايىقى، نۇرەخمەتكە بىر قاپ ئېسىل

تاماكا سېتىۋالغان دۇكاندا، تۇخۇمدەك يۇ-
مىلاق ئەينەكنىڭ ئالدىدا گىرىم قىلىۋات-
قىنىدا قاراڭغۇ كېچىدەك بۇرۇقتۇم-چىلىقتا
ياتقان قەلبىنى مەشئەلدەك لاپىپىدە يو-
رۇتقان ئىلھام - پىكىر ئىدى. بۇ ئىلھام،
بۇ پىكىر «ئىسلاھات» مېھمانخانىسىدىن
تاكى دۇخاۋا تاملىق رېستورانغا كەلگىچە
بولغان ئارىلىقتا نۇرەخمەتكە چولتا بولسى-
مۇ بايان قىلىنغان ھەممىدە ھەدېمەيلا
بۇ ئەقىللىق يىگىت تەرىپىدىن قۇۋۋەتلەن-
گەنىدى.

— ھازىر بىرەر ئىشنى رىقابەتسىز ۋۇ-
جۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، — دېدى نۇرەخمەت
قولىدىكى «شىنجاڭ پىۋىسى» كۆپۈكلىنىپ
تۇرغان قورساقلىق نەپىس رومكىنى چاي-
قاپ ئويىنىغىنىچە، — لېكىن ئەڭ مۇھىممى،
رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەركىمنىڭ
يېڭى پىلانى، يېڭىچە شەكلى بولۇشى
لازىم. سىزنىڭ پىلانىڭىزنىڭ ئېسىل يېرى
نەق شۇ يېڭىلىقتا، زىننەت! گىرىمخانا
ئېچىش — شەكسىز يېڭى ئىش. بىزنىڭ
بۇ تاغلىق، كىچىككىنە ناھىيىمىز ئۈچۈن
ئەمەس، ھەتتا مۇشۇ مەدەنىي، قەدىمىي
شەھەر ئۈچۈنمۇ يېڭى شەيئىي!

— مېنى ئويلاندۇرغىنى مۇشۇ ئىش، —
دېدى زىننەت يىگىتكە خىيالچان تىكىلىپ، —
گىرىمخانىنى نەدە ئاچساق بولار؟ باشقى-
لارنى دوراپ يا ماگىزىن، يا ساتىراشخانا،
يا مۇنچىغا ئوخشاش رېستوران ئاچساققۇ،
ئۆزىمىزنىڭ ناھىيىسىمۇ بولۇۋېرەتتى.
لېكىن...

— يەنە مېنىڭكىدەك سەيپۇڭخانا دەپ
قويۇڭ! — دېدى نۇرەخمەت ئادىتى بويى-
چە كۆلمەي تۇرۇپ چاقچاق قىلىپ.

قىز سۆيگۈسىنىڭ يېقىملىق ھەزىلى-
گە جاۋابەن قاڭشىرىنى يېقىملىق پۇرۇش-
تۇرۇپ، سەل ھەييارلىق بىلەن ناز ئارى-
لاش كۈلدى. نۇرەخمەتنىڭ زىننەتتىن كۆ-
رۈشنى دائىم خالايدىغان قىياپەتنىڭ بىرى
مۇشۇ ئىدى. ئۇ يايراپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە شەھەردە ئاچسىڭىزمۇ، —
دېدى ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ، — راس-
تىنى ئېيتقاندا سىزنىڭ ئويلاشقان تىجا-
رىتىڭىزنىڭ بازىرى ھازىرچە مۇشۇ يەردە
ئوبدانراق بولىدۇ.

— مەن باياتىن ئويلىدىم، — دېدى
زىننەت ھاياجانلىنىپ، — قارىساق مۇشۇ ئىش-
نىڭ چىقىش يولى باردەك قىلىدۇ. ھازىر ئا-
دەملىرىمىز ياسىنىشقا، پەرداز قىلىشقا قىزىقى-
دىغان بولۇپ كەتتى، توي - تۆكۈنلەردە تو-
يى بولغان قىز - يىگىت، بولۇپمۇ قىز ئې-
سىل گىرىمغا موھتاج. كىممۇ ئۆمرىدە
بىر قېتىم كېلىدىغان چوڭ مەرىكىسىدە
(مۇشەگە كەلگەندە زىننەت بىر قىزىرىۋالدى
ئەندىكتى.) تېخىمۇ گۈزەللىنىپ كېتىشنى
خالىمايدۇ؟ يەنە شەنبىلىك، بايراملىق ئول-
تۇرۇشلارغا، تانسىلارغا ياشلار گىرىم قىلىپ
ياسىنىپ بېرىشنى خالايدۇ. ھەتتا...

— ھەتتا ئاشىق - مەشۇقلار ئۇچرىشى-
دىغان يېرىگە دەڭا! — نۇرەخمەت كۈلمەي
سۆزلىدى.

— ئەسكى! — قىز بايىقىدەك قاڭشىرى-
نى پۇرۇشتۇرۇپ قولىدىكى نەپىس ياغلى-
قىنى سىلكىپ نۇرەخمەتنى «ئۇردى». يى-
گىتنىڭ دىمىقىغا دەررۇ ئەتىر - مۇھەببەت
پۇرىقى يەتتى.

— مەنمۇ مۇشۇ شەھەردە ئاچساممى-
كىن دەيمەن، — دېدى زىننەت، — باغ كو-
چىسىدا چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيى بار ئەمەسمۇ.
ئۇلارنىڭ ئىشىكى كوچىغا قارايدىغان بىر

چوڭ دۇكىنى يېقىنىدىن بېرى بىكار تۇ-
رىدۇ. تازا چوڭ كوچىنىڭ ئۇستى.

— بولىدىغان گەپ. بىراق «ئاچساق»
دېگىنىڭىز... — يىگىت ئاسماقچىلاپ سورى-
دى. قىز قىزاردى.

— سىز ... ياردەملەشمەيدىكەنسىز - دە؟

نۇرەخمەت يايراپ كۈلدى.

— جان دەپ. بىراق چوڭئاپىلىرى-
ڭىز نېمە دەركىن؟

— ھەممە ئادەم سىزنىڭ دادىڭىز-
دەك مۇتەئەسسىپ ئەمەس، — زىننەت بىر
يىلدىن بېرى دېيەلمەي يۈرگەن گېپىنى
ئاخىرى ئېيپى كەلگەندە دەۋەتتى. ئۇ ئۇ-
نىنى بوم چىقىرىپ، دورىدى، — «ھىم، ئاڭ-
لىغۇدەك بولسام بىزنىڭ نۇر ئارتىس بالىنى
تېپىۋاپتۇ - دەك، پوقىنى يېمىسۇن!»

— ھا، ھا، ھا، — نۇرەخمەت ئىختى-
يارسىز كۈلۈپ كەتتى، — قامىلاشتى، قام-
لاشتى!

ئىككىيلەن مەنىلىك، مۇھەببەتلىك،
كۆڭۈللۈك چاقچاقلار ئارىلاش ئۆزلىرىنىڭ
بۈگۈنكى مۇھىم ئىشىنى، زىننەتنىڭ شەھەر-
گە كىرىپ گىرىمخانا ئېچىش پىلانىنى مۇ-
زاكىرە قىلىپ پۈتۈشتى.

— چوڭ ئاپام پېنسىيىگە چىققان
ئوقۇتقۇچى، — دېدى زىننەت خىيالچان
ھالدا، — ئۇ مېنى قوللايدۇ. بىراق گەپ
بىزنىڭ ئۆيدە، ئاتا - ئانامدا قالدى. ئۇلار-
نىمۇ قايىل قىلىمەن. «گىرىمخانا» دېسەم
بەلكىم دەسلەپتە چۆچۈپ كېتىدۇ. لېكىن
چۈشەندۈرىمەن. نېمىشقا بىز خەقنىڭ
قىزلىرى، ئاياللىرى باشقا ئىشنى قىلسا
بولىدۇ - يۇ، ساتىراشلىق قىلسا بولمايدۇ؟

— ياق، ئىسلىماخۇنكاممۇ، ئاپىڭىز
نۇرۋان ھەدەممۇ چۈشىنىدۇ. ئۇلار سىزگە
ئىشىنىدىغۇ. ئۆز ۋاقتىدا سەنئەتچى بولۇ-
شىڭىزغىمۇ قوشۇلغان ئەمەسمۇ!

قىز ئۈنچىقماي يەرگە قارىدى، خى-
يالغا چۆكتى.

نۇرەخمەت ئۆز سۆيگىنىنىڭ قەلبى-
نى چۈشىنىدىغان بۇ ئاقىلىق يىگىت زىن-
نەتكە مېھرى بىلەن تىكىلىپ، شۇ تۇر-
قىدا قىزغا ھەم ئىچ ئاغرىتتى، ھەم تېخى-
مۇ قايىل بولدى. قىزنى ھېچ بولمىغاندا
سۆز - چۆچەكلەر كۈتەتتى.

ئاخىرى زىننەت خىيالدىن بېشىنى
كۆتۈردى. ئۇنىڭ كەينىگە قايرىلىپ تۇرىدى-
غان تال-تال كىرپىكلىرىدە مارجانلار تىترەپ
تۇراتتى.

— ھەممىدىن مۇھىمى سىز مېنى
قوللايسىز، سىز ماڭا ئىشىنىسىز! — دېدى
ئۇ تىترەپ، — ماڭا شۇ يېتىدۇ. ئەڭ مۇ-
ھىمى، شۇ!

گەپ - سۆزلەر تۈگىگەندەك قىلدى.
ئۇلار قوزغالماقچى بولۇشتى. شۇ ئارىلىق-
تا نۇرەخمەت يەنە گەپ ئېچىپ قالدى.

— بىر گەپنى دېسەم باشقىچە چۈ-
شەنمەيدىغانسىز؟

— دەۋېرىڭ، — دېدى ئورنىدىن تۇر-
غان زىننەت يۇمشاق سافاغا قايتا ئولتۇ-
رۇپ.

— ئۆگىنىشىمىز تۈگەشكە يەنە خېلى
بار. تۈگىسە سىزگە رەسمىي، دائىملىق
ياردەمچى بولىمەن. شۇ تۇرقىدا مەنمۇ
بەزى پىلانلارنى ئويلاپ قويدۇم. بىراق
ھازىرچە سىزگە باشقا بىر ھەمراھ، يار-
دەمچى كېرەك. خالىسىڭىز كىملىكىنىمۇ
ئويلاپ قويدۇم.

— مەسلىھەتىڭىز توغرا، — دېدى زىن-
نەت، — كىمنى ئويلىدىڭىز؟

— نەپىسە.

— نەپىسە؟ — زىننەت ئەجەبلەندى، — سىز ئۇنى ياقتۇرمايتتىڭىزغۇ؟

— ئۇ قىزنىڭ بىكار تەلەپلىكىنى، مىشچانكىلىقىنى ياقتۇرمايتتىم. بىراق ئۇ سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزدا، قاراپ تۇرۇڭ، ناھايىتى قابىل ياردەمچىڭىز بولالايدۇ.

— رەھمەت سىزگە! — زىننەت ھەقىقەتەن خۇشاللىنىپ كەتتى، — نەپىسەنى مەنمۇ ئويلىغان، سىزنى خاپا بولامدىكىن دېۋىدىم.

— شۇنداق بولسۇن، — نۇرەخمەت قوزغالدى، — باشقا پىلانلارنى كېيىن بامەسلىھەت ئويلىشارمىز. يەنە ئابلەتنىڭ ئىشىمۇ بار.

## 7. «زىننەت گىرىمخانىسى»

خەلق باغچىسى ئالدىدىكى كوچا. بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرسى. باھار كېلىشى بىلەن «خەلق باغچىسى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ كەڭ باغنىڭ ئىچىدە ھايات — گۈللەرمۇ، مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ، ئادەملەرمۇ ياشنايدۇ. بولۇپمۇ ھەۋەس، ئىستەك، گۈزەللىكلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ياشايدىغان قىز-يىگىتلەر باغچىنىڭ جوشقۇنلۇقىغا ھاياتىي كۈچ قوشىدۇ.

زىننەتنىڭ چوڭ ئاپىسى رىزۋان ھەدىنىڭ ئۆيى مۇشۇ مېھرى ئىسسىق باغنىڭ بېقىنىدا. قوش قاناتلىق ئىشىكى تالاغا قارايدىغان، دەرۋازا بېقىنىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئورنىچىلىك دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ ئۈچ يىل ئىشلەتكەن دۇكاندار يىگىت ئىككى ئاي ئىلگىرى بوشىتىپ بېرىپ كۆچۈپ كەتكەن، ھازىر بىكار ئىدى. مانا ئەمدى تازا لايىقىدا بىر خېرىدار چىقىپ قالدى. يەنە كېلىپ بۇ خېرىدا رىزۋان ھەدىنى خۇشال قىلىۋەتتى.

— ياخشى ئويلاپسەن، قىزىم، — دېدى رىزۋان ھەدە دۇنيالىقتا بىر تاللا قېرىندىشىنىڭ — بۇ لاتاپەتلىك، پېشانىسى ئىسسىق قىزنىڭ تارتىنغىنىدىنمۇ ياكى قىسىلغىنىدىنمۇ ئۆزۈك-ئۆزۈك جۈملىلەر بىلەن بايان قىلغان ئىلتىماسى ۋە ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەن پىلانىنى ئاڭلاپ بولۇپ، دەررۇلا، — ئۆتكەندە كەلگىنىڭدە شۇ ھەقتە پاراڭ قىلغان ئەمەسمىدىڭ، شۇندىن بېرى پات-پاتلا يادىمغا چۈشۈپ قالساڭ، مۇشۇ تامانىدىكى غېمىڭنى يەپلا قېلىۋىدىم. «ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز» دەپ ئاڭلىۋىدىم. بۈگۈنكى دەۋردە قىز بالىغىمۇ شۇنداق، ھالال ئەمگەك، ھالال كەسىپنىڭ نېنىنى يەيمەن دېسەڭ، كىم تىلىكىڭنى بېشىدا كۆتۈرمەيدىكەن؟ خەق قىلىپ كۆرمىگەن، يېڭى كەسىپنى ئىشلە! بىز خەقنىڭ ھەممىلا ئوغۇللىرى ئاشپەزلىككە، ھەممىلا قىزلىرى ماشىنىچىلىققا يارالغانمىدى.

زىننەت چوڭ ئاپىسىنىڭ سەممىيلىك بىلەن دەۋاتقان گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ، يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئۇمتۇلدىيۇ، توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن «ئاپاممۇ مۇشۇ ھەدىسىدەك ئاڭلىق بولغان بولسىدى، ھە!» دەپ ئويلاۋاتاتتى.

رىزۋان ھەدە ئەقىللىق، ھوشلۇق

ئايال - دە، زىننەتنىڭ ئۇمتۇلگىنىدىن بىر نېمىنى سەزگەندەك بولدى.

— ئاپاڭ، داداڭ بىر نېمىدەپ كەتمەيدىغاندۇر، قىزىم؟

زىننەت يەرگە قاردى:

— دادامدا گەپ يوق، ئاپام...

— ئەمىسە خاتىرجەم بول! — دېدى رىزۋان ھەدە قېرىدلىقىغا باقماي تولغان، ئاپئاق يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — نۇرۋانىغا ئۆزۈم گەپ قىلىمەن. يامىنى كەلسە...

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن شەھەردىكى «خەلق باغچىسى» نىڭ بېقىنىدىكى قورۇغا تەۋە دۇكاننىڭ خېلىدىن بېرى بوش - ئاپئاق تۇرغان ماڭلىيىغا تولىمۇ سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن، ھۆسن خەت بىلەن «زىننەت گىرىمخانىسى» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلدى.

گىرىمخانا ئېچىش راسكالىقىنىڭ خىراجىتىنى نۇرەخمەت چىقاردى. ئۇستا ياغاچچىدىن ئىككىنى تەكلىپ قىلىپ، دۇكاننىڭ تۆت تېمىغا باشتىن بويى ئەينەك قاپلاتتى. دۇخاۋا پەردىلەر، رەڭگا رەڭ چىراغلارنى باياشات ئاستى. باشقا بېزەكلىرىمۇ تامامەن زامانغا لايىق، ھەتتا مۇشۇ كەملەردە، مۇشۇ شەھەردە يېڭىلىق، ئەڭ يېڭى مودا ھېسابلىنىدىغان شەكىل بىلەن پۈتتى. «ئەتە تىجارەت باشلىنىدۇ» دېگەن كۈنى كەچتە رىزۋان ھەدە بوۋىيىنى باشلاپ كىرىپ، دۇكان ئىچىگە شۇنداقلا بىر قاردى - يۇ، ۋارقىرىۋەتتى:

— يائاللا، قاراڭا دادىسى، بۇ شەھەردە مۇشۇنداق چىرايلىق يەنە بىر دۇكان تېپىلارمۇ؟ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «زىننەت گىرىمخانىسى» بوپتۇ، بۇ دۇكانغا تېخى سىلەر ئىككى پەرى قانچىلىكمۇ يارىشىپ كېتەرسىلەر!

رىزۋان ھەدىنىڭ ئاخىرى چاقچاق بىلەن چۈشكەن پارىڭى يېڭى دۇكاندا جاراڭلىق كۈلكە قوزغىۋەتتى. «پەرى» لەر ئوڭايسىز كۈلكىسىنى، نۇرەخمەت شادمانلىق ئارىلاش مەست - ئەلەسلىك كۈلكىسىنى، ئاقساقال بولسا تەمكىن رازىمەنلىك كۈلكىسىنى كۈلدى.

— راستىنلا قالتىس، قالتىس! — دېدى بوۋاي قىسقا، ئاق سانجىلىغان ساقالبۇرۇتىغا كۈلكە يامىرىتىپ، — كۆز تەگمىگەي، ئىشىڭلار خەيرلىك بولسۇن بالىلىرىم، ئامىن!

ئەتىسى «زىننەت گىرىمخانىسى» دا ئىش باشلاندى. بىر ھەپتىدىن بېرى، يەنى دۇكان راسكالىغىنى ئىشلەش داۋامىدا نۇرەخمەت شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسىدا «زىننەت گىرىمخانىسى» ھەققىدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى تىلدا كېلىشتۈرۈپ ئېلان ئاڭلاتقان ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ تىجارەت باشلىغان تۇنجى كۈنى (بۇ دەل شەنبە كۈنى ئىدى) بىر - بىرىدىن گۈزەللىك تالىشىدىغان قىزلار ھەم چىرايلىق، ھەم خۇش پۇراق، ئىشقىلىپ بىر خىل جەزىبىلىك سىرلىقلىقا ئىگە بۇ يېڭى - ياچە دۇكاننىڭ ئىشىكىنى تىنىمسىز ئېچىشىپ تۇردى. بۇ كۈنى ئاتايىن كۆرۈپ باقماقچى بولغانلار بىرقەدەر كۆپ بولدى. چۈشتىن كېيىنگە ئۆتكەندە گىرىمخانىنىڭ تام بويلىتىپ قويۇلغان ئالا - چىپار يىپەك تاشلىق سافالىرىدا ناز - كەرەشمە بىلەن ئولتۇرۇشقانلىرىچە نۆۋەت كۈتۈۋاتقانلارنىڭ سانى خېلىلا ئاۋۇپ قالدى.

## 8. ئىككى قىز

بۈگۈن «زىننەت گىرىمخانىسى» تىجارەت باشلىغىنىغا تۇپتوغرا بەش كۈن بولدى. بۇ بەش كۈن ئىككى قىز ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل، ھەتتا سىناق كۈنلىرى بولدى. بۇ بەش كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ قولى تىترىدى، يۈرەكلىرى ئەنسىز دۈپۈلدەپ سالدى. بەزىبىر شوخ تۇمشۇق قىزلارنىڭ ئالدىرىتىشى، «كۆڭلۈمدىكىنى تاپ» دەپ چىڭگىزلىك قىلىشلىرى بىلەن خىجىللىچىلىقمۇ چەكتى. قوللىرى ئىشتا، كۆزلىرى خېرىدارلارنىڭ چىرايىدا، قۇلاقلىرى گىرىمخانىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى گەپ - سۆز، باھالاردا بولدى. خەيرىيەت، ئەھۋال ئۇلار مۆلچەرلىگەن، تىلىگەندىكىدىنمۇ ياخشى بولدى. قوللىرىمۇ، يۈرەكلىرىمۇ ئەيتاۋۇر تىترەپ - تىترەپ بېسىلدى. ھەقىقىي پاراڭنى قىلغاندا، بۇ بەش كۈندىن بېرى تولىراق خاۋاتىرلەنگەن كىشى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل نۇرەخمەت بولدى. سۆيۈملۈك ئادىمىنىڭ ئاۋارىچىلىقى، چېكىشى ئېھتىمال بولغان غەم - دەردىنى يەڭگىللىتىش، ئازايتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يەنە نېمە قىلسا بولىدىغانلىقىنى تولا ئويلاپ، چۈشلۈكلىرى ھەتتا كېلىدىن غىزامۇ تۈزۈك ئۆتمەي قالاتتى. بۇ بەش كۈندە ئۇ گىرىمخانىغا كۈنىگە ئاز دېگەندە ئىككى قېتىمدىن قاتناپ تۇردى. ئىككى قىزنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، چاپىدىغان يەرلەرگە چېپىپ، گىرىمچىكلارنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىپ تۇردى.

زىننەتنىڭ ياخشى نىيىتى ئۇنى يۆلىگەن، قوللىغان بولسا كېرەك، ھەر ھالدا ھەممە ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ تۇردى.

نەپىسە ھازىرچە زىننەتكە شاگىرت ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كەلگەن خېرىدارلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارغا نەپىس ئىستاكانلاردا خۇش پۇراق چاي تۇتۇش، ئۇنىڭ ئالغۇنى باشقۇرۇش، «ئۇستام»غا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئالدىغا ئېلىپ بېرىش، كېلەر قېتىم گىرىم قىلىنىدىغان خېرىدارنى بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، تەييارلاندۇرۇش، پۇل ئېلىش ... قاتارلىق ئىشلار ئىدى. مۇشۇلار بىلەن بىللە ئۇ زىننەتنىڭ گىرىم قىلىۋاتقىنىغا قاراپ، ئۆگىنەتتى. زىننەتمۇ بەك ئالدىراش بولمىغان ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا كىچىك گىرىم، چوڭ گىرىم، سۇس گىرىم، قېنىق گىرىم، سەھنە گىرىمى، ئادەتتىكى گىرىم دېگەندەك گىرىملارنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. سۆزلەپ بېرەتتى. ھەتتا گاھىدا ئۆزىنىڭمۇ مۇجمەلرەك بىلىنگەن جايلىرىنى نەپىسە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىللە ئۆگىنىشەتتى. ئۆزلىرىگە گىرىم ئىشلەپ، مەشىق قىلىشاتتى. نەپىسەمۇ گىرىم قىلىشقا كەلگەندە خېلى ئۆتكۈر كۆزلۈك، زېرەك كاللىلىق ئىدى - يۇ، لېكىن شۇنچە يىلدىن بېرى بىللە ئۆتكەن زىننەتنىڭ گىرىمگە مۇنچىلا پۇختا، چەۋەرلىكىنى ئەمدىلا بايقاپ ئۇنىڭغا قول قويدى. سەنئەت ئۆمەكتە شۇنچىلا ۋاقىت گىرىمچى بولغان، ھازىر بولسا گىرىمخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىننەتنىڭ ھەر دائىم گىرىمسىز دېگۈدەكلا يۈرىدىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ چىرايىدا ئاجايىپ بىر نازاكەتلىك، نازىنىنلىقنىڭ تەبىئىي رەۋىشتە بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ ھەيرانلىق، ھەتتا

سەل ھەسەت... بىلەن ئويلىدى.

بۈگۈن ئىككى قىز كەچكى تاماقتىن كېيىن رىزۋان ھەدىسىنىڭ پېشايۋانلىق ئۆيلىرىنىڭ قاتارىدىكى ياتىقىغا كىرىپ ئارام ئېلىشقاچ، ئۇزاقىچە مۇڭداشتى. نەپىسە بايىلا كېلىپ كەتكەن نۇرەخمەتنىڭ گېپىنى زوق - شوقى بىلەن قىلىۋېتىپ، بىردىنلا ئارقا - ئارقىدىن ئۇھ تارتىشقا باشلىدى. دوستىنىڭ سۆزلىرىنى لەززەتلىك مۇزىكىدەك ئاڭلىغاچ، نۇرەخمەتنىڭ چاقچاقلىرىنى بىر شېرىن تۇيغۇ ئىلكىدە ئەسلەپ ئولتارغان زىننەت نەپىسەنىڭ ئۇھ تارتىشلىرىدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى، ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن دوستىغا تىكىلدى، نەپىسە يېقىندىن بېرى ئىش ئالدىراشلىقى تۈپەيلىمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ، خېلىلا تارتىلىپ قالغانىدى. زىننەت نەپىسەگە يېقىن سۈرۈلۈپ، ئابلەت ھەققىدە گەپ باشلىدى.

## 9. نەپىسە ئابلەتنى سېغىنماقتا

قىز قەلبى — گۈل ياپرىقى. بۇ بىر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نۇرەخمەت بىلەن زىننەتنىڭ ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك دەرىجىدىكى مۇھەببىتىنى كۆرگەن نەپىسەنىڭ پات - پات ئۆپكىسى ئۆرلەپ يۈرەتتى. ياق، نەپىسە ئىچى تار، كۆرەلمەس قىزلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككىيلەننىڭ تونۇشۇشىغا نەپىسەنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولغان. ئۆز ۋاقتىدا يول ماڭغان، زىننەتكە خىزمەت ئىشلىگەنىدى. ئۇ نۇرەخمەتنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنى ئۆز قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان، سالماقلىق، ئەقىللىق يىگىت دەپ بىلەتتى. خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپ، دەرسنى يېرىم يولدا تاشلىۋەتكەن نەپىسەنىڭ مىجەزى زىننەتتىن شۇ يېرى بىلەن پەرقلىنەتتىكى، ئۇ سەل بىغەم، «ھا - ھا، ھى - ھى»غا ئامراق قىز ئىدى. ئابلەتنىڭمۇ دەل شۇ جەھەتتىكى مىجەزى، قىزىقچىلىقى، شوخلۇقى يېقىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مەيلىنى بەرگەنىدى. نۆۋەتتە بولسا ئۇ نۇرەخمەتنى بەكمۇ ئېغىر - بېسىقلىقى تۈپەيلى ئاز - تولا ئەيىبلەيمۇ قوياتتى.

— ياش ئادەم دېگەن ئانچىلا بوپكەتسە بولمايدۇ، — دەيتتى ئۇ زىننەتكە گاھىدا، — قېرىغاندا قىلىۋالسىمۇ يېتەر...

زىننەت بولسا بۇ گەپلەرگە جاۋابەن كۈلۈپلا قوياتتى. بەزىدە ھەتتا كۆڭلىدە نەپىسەنىڭ شۇ گېپىنى ھەقلىقتەكمۇ ھېس قىلىپ قالاتتى.

مانا ئەمدى بۈگۈن كەچتە نەپىسە قارا، دۈگلەك كۆزلىرىدىن مۆل - مۆل ياش تۆكۈپ، ئابلەتنىڭ ئىلگىرى ئۆزى ماختايدىغان دەل شۇ مىجەزىنى ئەيىبلىدى.

— نۇرەخمەتكە زوقلىنىمەن، — دېدى ئۇ مۇڭلىنىپ، — بۇ ئابلەت نېمىشقا ئاغىنىسىنىڭ مىجەزىنى دورىمايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە كەم، نېمە يەتمەيدۇ؟ ئائىلىسى، ئۆزۈڭ بىلىسەن، خېلە بارلىق ئائىلە، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئىچكىرىگە ئوقەتكە كەتكىنىگە شۇنداق نارازى دېگىنە!

ئابلەت يېرىم يىل ئىلگىرى بىر چىرايلىق ساتىراشلىق ھۈنىرىنى تاشلاپ «شياڭگاڭ بازىرى»دىكى بىرنەچچە يېڭى ئاغىنىلىرىگە ئەگىشىپ ئىچكىرىگە، ئوقەت قىلىپ ۋاچىلدىتىپ پۇل تېپىشقا ھەممە ئۇ يەر-

لەردىكى «بايۋەتچە تۇرمۇشى»نىڭ پەيزىنى سۈرۈپ بېقىشقا كەتكەنىدى. ئۇ ماڭار چاغدا دادىسىدىن ئوغرىلىقچە ئاپىسىدىن بەش مىڭ سومنى ئالغانىدى. ئىچكىرىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى سەكسەن ساپاقتەك ئۇنداق غۇچچىدە ئېچىلماي، نامازشام گۈلىدەك قىسقىلا جىلۋە قىلىپ قالدى. ئابلەتكە ئوخشاش، سودىگەرلىكتىن بايۋەتچىگە ئايلىنىش تەمەسىدە سەپەر چەككەن يىگىتلەر ئاز دەمسىز؟ يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ-دە! يېرىم يىلغا يەتمەيلا ئابلەت بەش مىڭ سومنىڭ توپىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ ئەمدى قايسى يۈزى بىلەن تۇغۇلغان يۇرتىغا، ئاچچىقى يامان دادىسىنىڭ، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئانىسىنىڭ، ئۆزى كۆيىدىغان «مۇھەببىتى» نەپىسەنىڭ ئالدىغا بارالايدۇ؟ دەسلەپتە كۈنىگە يۈز سوملاپ خەجلەپ، ئەقەللىسى بىر قاپ تاماكىنى ئون ئىككى سومدىن ئېلىپ چېكىپ يۈرگەن (ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ چوڭ شەھەرلەردە شۇنچىلىك خىراجەتمۇ چۈپەيلىك سانىلارمىش!) ئابلەت ئەمدى، ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇق، روناق تاپقان سودىگەرلەرنىڭ «يۈگۈرپېتىم» ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىغان، شۇنىڭ بەدىلىگە قورسىقىنى تويغۇزۇپ، بۇ كاتتا شەھەرلەرنىڭ ۋاقىتلىق بولسىمۇ بىر ئەزاسى بولۇپ يۈرگىنىگە رازى بولۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

نەپىسە بىلمەيدىغان مانا شۇ ئىشلارنى نۇرەخمەت خېلە بۇرۇنلا ئىچكىرىدىن، سودىگەرچىلىكتىن يېنىپ كەلگەن بىرنەچچە تونۇشلىرىدىن ئاڭلىغان، بۇنى زىننەتكىمۇ ئېيتىپ بەرگەن، شۇنىڭغا قوشۇپ، ئابلەت ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ ئويى، شۇنداقلا ئىستىقباللىق پىلانلىرىنىمۇ سۆزلىگەنىدى. بايا ئۇ ئىككى قىزنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلىۋېتىپ، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىن يۈك-يۈغان تېڭىقلار بىلەن چۈشكەن بىر ناھىيىلىك ئوقەتچى تونۇشلىرىدىن بىرىگە ئۇچراپ قالدى. ئوقەتچى نۇرەخمەتكە ئابلەتنىڭ تولىمۇ سېغىنىشلىق سالىمىنى يەتكۈزدى. ئابلەتنىڭ سالىمى شۇ ئىكەنكى، نۇرەخمەت ئاغىنىدارچىلىقنى يەنە يەتكۈزۈپ، ئابلەتكە يول خىراجىتى ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل ئەۋەتىپ بەرسە...

نەپىسەنىڭ مۇنۇ ئايانچلىق ھالىتىنى كۆرۈپ، زىننەتنىڭ ئىچى سېرىلىپ كەتتى. نەپىسە يېقىندىن بېرى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ھالەتتە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتاتتى. ئىشسىزلىقتىن پەيدا بولغان نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى مەنپەئەتسىز تاماشىلار نەپىسەنى بىزار قىلغان. ئۇ ھازىر كۆڭلىگە جۈپ يېقىپ چۈشكەن يېڭى خىزمەتكە ئىشتىياق بىلەن بېرىلگەنىدى. بىچارە پەقەت ئابلەت تۈپەيلى مۇشۇنداق ئەزىيەت چەكمەكتە، دېمەك ئۇنىڭ مۇھەببىتى ھەققىي، چىن...

زىننەت ئاخىرى نەپىسەگە ئابلەتنىڭ ئۇ بىلمەيدىغان كېيىنكى ئەھۋالىنى ۋە نۇرەخمەتنىڭ ئابلەت ھەققىدىكى نەپىسە چوقۇم خۇشال بولىدىغان پىلانىنى، شۇنداقلا «زىننەت گىرىمخانىسى»غا دائىر ئۆزىنىڭمۇ خۇشاللىققا چۆمگەن بارلىق پىلانلىرىنى ئېيتىپ بېرىش قارارىغا كەلدى.

## 10. ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك

كېيىنكى ۋاقىتلاردا «زىننەت گىرىمخانىسى»نىڭ ئىشلىرى راستىنلا كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كەتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە زىننەتنى تېپىرلىتىپ قويغان بىر نەرسە، خېرىدارنىڭ دائىرىسى تار بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى ئەمدى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ بېرىۋاتاتتى.

گىرىمخانا ئېچىلىپ خېلى كۈنلەرگىچە دۇكان ئالدىدا شاۋ-شۇۋ بولۇپ تۇردى. بەزىلەر گىرىم قىلدۇرغىلى، بەزىلەر بۇ يېڭى تىجارەتنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باققىلى، يەنە بەزىلەر شاڭخو كۆلكىسى، كەمسىتىش نەزەرىنى سوۋغا قىلغىلى كېلەتتى. ئىككى قىز ھەرقانداق خېرىدارغا بىرلا خىل — ئەدەبلىك، يىللىق مۇئامىلە قىلىشاتتى. ئەمما كېرەك بولساجىددىي مۇئامىلىگىمۇ تەييارلىق كۆرۈشۈپ قوياتتى. نېمىلا بولسۇن، ئىشلار ئاخىرى بېسىقىغا چۈشتى. يېڭى تىجارەت شەھەردە بىر مەھەل داغدۇغا قوزغىدى. «زىننەت گىرىمخانىسى»نىڭ نامى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارالدى.

زىننەتنىڭ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەيدىغان ئاكىسى، ئايالى ۋە بالىسىنى ئېلىپ بىر يەكشەنبە كۈنى ئالايىتەن رىزۋان ھەدىسىنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا كەلدى. ئۇلار دۇكانغا كىرىپ ئىككى قىزنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇرۇشتى. زىننەتنىڭ ئاكىسى ۋاقىتسىز سەمرىۋالغان، غوچچىدە ئالتۇن چىشلىق ئايالىغا قەھرى بىلەن مۇنداق دېدى:

— كۆردۈڭمۇ، ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟ زىننەت ھالال ئەجرى، ئىقتىدارى بىلەن خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ. شۇنداق-تە! ئەمدى ئۆيگە بارغاندا ھېلىقى تىلى ئۇزۇن ئارتىس قوشنىلىرىڭغا كۆرگەنلىرىڭنى ئېيتىپ بەر. مەيلى بولسا ئۆزلىرىمۇ كېلىپ كۆرۈپ، زىننەت بىلەن نەپسەگە گىرىم قىلغۇزۇپ كەتسۇن. گىرىم دېگەن سەنئەت ئۆمەكتىلا يارىشىدىغان نەرسىمىكەن؟ كەچكىچە ئەينەكنىڭ ئالدىدىن كەتمەيدىغان نېمىلەر ئۆزىچە گەپ تېپىشىپ يۈرۈپتا!

راستىنمۇ ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتاتتى. زىننەتلەرنىڭ ناھىيىدىنمۇ ئادەملەر كەلدى. ئۇلار ئىككى قىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، زىننەتنىڭ سابىق ئۆمەك باشلىقى، شەھەرگە سودىلىققا كېلىپ، گىرىمخانىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، «زادى بىر كۆرۈپ كېتەي دېدۇق» دەپ كىرىپ كېلىشكەن يۇرتلۇقلار ئىدى.

— سىڭلىم، بىزنىڭ ئۆمەكتىكى باشقىلارمۇ سىزگە ئوخشاش جىگەرلىك، ئەقلى-ھوشلۇق بولغان بولسا، تولىمۇ ياخشى بولاتتى. ئىسلاھاتنى سىز ھەقىقەتەن ياخشى چۈشەندىڭىز، يارايسىز! — دېدى ئۆمەك باشلىقى ھاياجان بىلەن.

زىننەت ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئىچىدە نۇرەخمەتنى ئويلىدى.

يەرلىك گېزىتنىڭ بىر ئايال مۇخبىرى ئالايىتەن كېلىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلدى. زىننەت بىلەن نەپىسە ئاغزى-ئاغزىغا تېگىشمەي مۇخبىر ئايالغا ئىشلىرىنى، ھېسسىياتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. زىننەت ئوتتۇرا ياشلىق قاملاشقان بۇ ئايالغا ئاددىي گىرىم قىلىپ قويدى. مۇخبىر ئەينەكتىكى ئۆز جامالىغا زوقلىنىپ قارىغىنىچە،

ــ ئەزىبرايىي، ئۇن ياش ياشىرىپ
قاپتىمەن. ئۇ چاغلاردىمۇ مۇنچىلىك چىراي-
لىق ئەمەستىم! ــ دېدى چاقچاق قىلىپ،
قىزلار مەمنۇن كۈلۈشتى.

مۇخبىر ئايال كېتىپ ئۇن كۈنلەردىن
كېيىن يەرلىك گېزىتكە «زىننەت گىرىم-
خانىسى تېخىمۇ جانلانسۇن!» دېگەن تې-
مىدا ماقالە بېسىلىپ چىقتى. زىننەت ئۆز-
لىرى ماختالغان ماقالىنى ھاياجان ئىلكىدە
ئوقۇۋېتىپ، يەنە نۇرەخمەتنى ئەسلىدى.

نۇرەخمەت ئىككى ھەپتىچە ئىلگىرى
ئۆگىنىشنى پۈتتۈرۈپ ناھىيىگە چىقىپ
كەتكەن، كېتەر ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بىر ھەپ-
تىگە قالمايلا يېنىپ كىرىدىغانلىقىنى، شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى ئىس-
تىقباللىق پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
دەرقەمتە مەسلىھەت بىلەن كىرىشىدىغانلىق-
لىرىنى ئېيتقانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ۋە-
دىسىدىن يەنە بىر ھەپتە ئېشىپ كەتتى.
بۇ كۈنلەردە زىننەت ھەر كۈنى دېگۈدەك
نۇرەخمەتنى چۈشىدە كۆرۈپ چىقاتتى،
ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ مۈگدىنەتتى، كەچ-
كىرگىچە دۇكاننىڭ ئىشىكى تىرىقىدە
قىلىسا چۆچۈپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ شۇ
ياققا قارايتتى. نەپىسەنىڭ چاقچىقىغا جاۋا-
بەن مەيۈسكىنە كۈلەتتى.

بۈگۈن ئىككى قىز سائەت ئۈچتىلا
ئىشنى يىغىپ، بىرلىكتە پوچتىخانىغا بېرىپ
ناھىيىگە، نۇرەخمەتنىڭ دۇكىنىنىڭ يېنىدى-
كى يەرلىك ماللار شىركىتىگە تېلېفون
بەرمەكچى بولۇپ كېلىشتى. ئۇلار ئىشىكنى
قۇلۇپلاي دەپ تۇرغاندا دۇكانغا بىر جۈپ

قىز - يىگىت كىرىپ كېلىشتى.

ــ بۈگۈن كەچ ئىككىمىزنىڭ تۇنجى
پەرزەنتىمىزنىڭ بىر ياشقا كىرگەنلىكىنى تەب-
رىكلەپ بەزمە ئۇيۇشتۇرغانىدۇق، ــ دېدى
يىگىت يېلىنىش تەلەپپۇزىدا، ــ مېھمانلى-
رىمىزغا بولتۇرقى توي كۈنىمىزدىكى سىيا-
قىمىز بىلەن كۆرۈنسەك دېۋىدۇق. تېلېۋى-
زىيە ئىستانسىسىدىن ئاپپاراتچىمۇ تەكلىپ
قىلغانىدۇق...بىزنى نا ئۈمىد قايتۇرمىساڭ-
لار كەن. ئالايتەن «قازانچى» مەھەللىسىدىن
كەلدۇق!

نەپىسە زىننەتكە ئارىسالدىچىلىقتا قا-
رىدى. زىننەتنىڭ كۆز ئالدىدا بولسا بۇ
بىر جۈپ ئامراق، بەختلىك، ياش ئەر-
خوتۇننىڭ ئۆيىدە ئۇلارنى كۈتۈپ گۈگىراپ
ياتقان ئوماق پەرزەنتى كەلدى. نېمىشقى-
دۇر ئىچى كۆيگەندەك بولدى. كېيىن
ياش ئەر - خوتۇنغا كۈلۈپ قارىدى:

ــ قېنى، بۇ ياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭلار،
ھازىرلا...

شۇ كۈنى ئاخشىمى زىننەت ئۈچۈن
كېچە ئازابى بۆلەكچە بىلىندى. ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا ھەدەپلا ھېلىقى بەختىيار ئەر-
خوتۇن ۋە يېشىغا تولغان ساغلام بىۋاق
كېلىۋالاتتى. تۇرۇپلا ئەر - خوتۇننىڭ ئور-
نىغا نۇرەخمەت بىلەن ئۆزى چىقىپ قالات-
تى. بوۋاق بولسا...

ئاخىرى زىننەت نۇرەخمەت بىلەن
سۆيۈشكەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم بۇقۇلداپ
يىغلاپ كەتتى. كەشتىلىك پەر ياستۇق
ياشتىن تېخىمۇ ھۆللەندى. بۇ كېچە نە-
پىسەمۇ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى.

## 11. يىگىتلەر كەلدى

نۇرەخمەت نېمىشقا شۇنچىلىك كېچىك-
تى؟ ئۇ ئەسلىدە ئىچكىرىگە، ئابلەتنى قاي-
تۇرۇپ كېلىشكە كەتكەنىدى.

نۇرەخمەت ئابلەتتىن پۇل ئايىمايتتى.

ئابلەتمۇ قەرز پۇلنى يۇتۇۋېتىدىغان بالا ئەمەس، ھەم ئائىلىسىمۇ ئۇنچىلىك ئەھۋالدىكى ئائىلە ئەمەس. نۇرەخمەت ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئىچكىرىگە ئۆزىلا بېرىپ كېلىش قارارىغا كەلدى. ئابلەتنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ نۇرەخمەت ئەۋەتكەن پۇلنى كۆرۈپ، ئىككىلىنىپ قېلىشى، بىرەر «شەيتان» نىڭ «يەنە بىر قېتىم تەلىيىڭنى سىناپ باقمامسەن!» دېگەن مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسا، جەزمەنلا قايتىپ كېلەلمەي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا نۇرەخمەت ئۆزى بېرىپ ئاغىنىسىگە «زىننەت گىرىمخانىسى» نىڭ ئەھۋالىنى، زىننەت بىلەن نەپىسەنىڭ ھازىرقى ئىشلىرىنى، ئۇچەيلەن يۇرتلىرىدا تۈزگەن ياخشى تىلەكلىك پىلانلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرمەكچى، ئابلەتنى ئۆزى قولتۇقلاپ ياندۇرۇپ كەتمەكچى بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى سەيپۇڭلۇق كەسپى ئۈچۈن ۋە زىننەتلەرنىڭ گىرىمخانىسى ئۈچۈن بۇ يەرلەردە تېپىلمايدىغان ئەڭ يېڭى لازىمەتلىك مال، نەرسە-كېرەكلەرنى ئالغاچ كېلەلەيتتى. ئەنە شۇ نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن ئۇ سەيپۇڭلۇق كۇرسىنى تاماملاپ ناھىيىگە قايتتى-دە، ھايالشىمايلا جابدۇنۇپ، شەھەرگە يېنىپ كىردى ۋە ئىككى قىزغا يولۇقماستىنلا ئىچكىرىگە يۈرۈپ كەتتى.

نۇرەخمەتنىڭ بېرىشى ئابلەت ئۈچۈن دەل «بۇ مۇساپىرلىق كۈنلەردە، ئاتا-ئانام بولسىدى» دېگەن مىسرالىرى بار قوشاقتا تەسۋىرلەنگەندەك خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئىككى ئاغىنە ياتاقتا بىر كېچە كىرپىك قاقماي مۇڭداشتى. نۇرەخمەت ئابلەت ئۈچۈن ئەزىز يۇرتىغا قايتىشقا يېتەرلىك خىراجەتلا ئەمەس، بەلكى خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئابلەت ساتىراشلىق كەسپىدىن قول ئۈزگەندىن بېرى ئۆزىنىڭ كۆڭلى ئارامسىز ھالدا ياشىغىنىنى ئويلاپ، ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتەندى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئۆزى دائىم «ئەقلى كەم، تۇراقسىز» دەپ ئەيىبلەيدىغان، ئەمما يېقىملىق قىلىقلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان سۆيگىنى نەپىسەنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىقراق چىققانلىقىغا قول قويدى. يۇرتىنىڭ ئاجايىپ ئىچىشلىك، داڭلىق ھاراقلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان ھاراقنى ئىچىپ ئولتۇرۇشقان ئىككى يىگىتنىڭ دۇنيادا دېيىشمىگەن گەپلىرى قالمىدى. ئىككىلىسى ئۆز مەھبۇبلىرى ھەققىدە سېغىنىپ، ئىپتىخارلىنىپ سۆزلەشتى. نۇرەخمەت ئېلىپ كەلگەن خۇش خەۋەر، «زىننەت گىرىمخانىسى» نىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى ئۈمىد بېغىشلايدىغان خىياللارنىڭ تاشقىن سۈيىدە بېلىق بولۇپ ئۈزۈشتى.

ئاز كۈندىن كېيىن، باھارنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرى يەر-جاھانغا ئىز سېلىپ، كوچىلاردا كۈننىڭ ئانا مېھرىدەك ئىللىق، مەيىن تەپتى بىلەن ئېرىپ، سەل بولغان ئەگىزلەر يامراپ ئېقىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نەپىسە تالادىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، ۋارقىراپ، زىننەتنى چۆچۈتىۋەتتى:

— ز... زىننەت، كەلدى، ئۇلار... كەلدى

— كىم كەلدى نەپىسە؟ — زىننەتمۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان خېرىدار — بۇدۇر چاچلىق، قارا قۇمچاق قىزنى تاشلاپ قويۇپ، نەپىسە تەرەپكە تاشلاندى.

نەپىسە دېمى سىقىلغان ھالدا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يەنە شۇنىلا ئېيتالىدى:

— ئۇلار... ئىككىسى كەلدى!

## 12. نازىنىن باشلىق

نۇرەخمەت بىلەن ئابلەت ئىچكىرىدىن يېنىپ كېلىپ، ئىككى قىزنى غايەت خۇشال قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە رىزۋان ھەدىنىڭ ئاستى - ئۈستى تاختايلىق كەڭ مېھمانخانىسىدا ئېلېكتر چىرىغى يېرىم كېچىگىچە يېنىق تۇردى. قىرىق يىلغا يېقىن پېداگوك بولۇپ ئىشلىگەن رىزۋان ھەدە نۇرەخمەت بىلەن زىننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتنىڭ شېرىن مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇنلا بايقاپ سېزىپ بولغانىدى. زامانىسىدا، بۇ ئىككى مويسىپىتنىڭ «نۇرەخمەت، زىننەت» يېشى مەزگىلىدە، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ لەرزىلىق ھېكايىلار يۈز بەرگەنىدى. دېمەكچى، ئۇلار مۇھەببەتنىڭ، ياشلىق سىرلىرىنىڭ قەدرىگە يېتەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، رىزۋان ھەدىگە نۇرەخمەت تولىمۇ يېقىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا مۇنداق يىگىتلەر «قىزلارنىڭ بەختى» ئىدى. ئەنە شۇڭلاشقىمۇ ئىككى يىگىت قايتىپ كەلگەن كۈنى رىزۋان ھەدە ئىككى جۈپ ياشقا ئەتىۋارلىق سارىيىدا زىياپەت بەردى. ئابلەت بىلەن نەپىسەنىڭ مۇناسىۋىتىنى بولسا ئۇ تېخى باياتىن ئاسماقچىلاپ سوراپ، بىلىۋالغانىدى.

شۇ كۈنكى زىياپەت ئۈستىلىدە بەكمۇ نۇرغۇن پاراڭلار بولدى. تۆتەيلەن ئۆزلىرى خاس قالغان ھالدا ئۇزاقتىن بېرى دېيىشمىگەن، يىغىپ قويۇشقان گەپلىرىنى دېيىشىۋالدى. ئۈنئالغۇدىن لەرزان كۈي ياڭرىتىشىپ، تانسا ئوينىدى. ئاخىرىدا بولسا ئەڭ مۇھىم نەرسىنى، «زىننەت گىرىمخانىسى» نىڭ كېيىنكى قەدەملىرى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشمىدى، بىرلىككە كېلىشتى.

«زىننەت گىرىمخانىسى» شۇ مەسلىھەت بويىچە كۆلەم ۋە تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى. رىزۋان ھەدىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ گىرىمخانىغا يانداش تۇرغان ئىككى ئېغىز ئۆيىنىڭ قورۇ ئىشىكلىرى ئېتىلىپ، تالاغا قارىغان جۈپ دېرىزىلىرىنىڭ بىرىدىن ئىككىسىگە ئىشىك ئورنىتىلدى. بۇ چاققان - چاققان ئىككى دۇكاننىڭ بىرى نۇرەخمەتنىڭ «مودا كىيىملەر تىكىش ئىشخانىسى»، يەنە بىرى بولسا ئابلەتنىڭ «زامانىۋى ساتىراشخانا» سى ئىدى. بۇ ئىككىلا دۇكان «زىننەت گىرىمخانىسى» نىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، ئۈچ دۇكاننىڭ بىرلەشمىسى خېرىدارلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك زىننەتلىنىش ئېھتىياجىنى باشتىن - ئاياغ بىر تۇتاش تەمىنلىيەلەيدىغان ئۇنىۋېرسال دۇكان ھېسابلىناتتى.

نۇرەخمەت، تەبىئىيكى ھەممىدىن ئاۋۋال يېڭى دۇكانلارنىڭ بىرلەشمە نامى، ۋىۋىسكىسى ئۈچۈن باش قاتۇردى. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن تۆتەيلەن جىددىي ھالدا يېڭى نام توغرىلىق باش قاتۇرۇشتى. ھەركىم بىرنېمە دەيتتى، ئىسىملار يامغۇردىنمۇ جىقراق تۆكۈلدى. نۇرەخمەت باشتىن - ئاخىر باشقىلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ جىم تۇرغانىدى. ئاخىرى ئۇ ئاغزىنى ئاچتى:

— مېنىڭچە، بىز يەنىلا ئاۋۋالقى نامنى ئىشلىتەيلى، — دېدى ئۇ، — پەقەت بىرلا سۆزنى «ئۇنىۋېرسال» دېگەن سۆزنى قوشىمىز...

نەپىسە ئۇنىڭ گېپىگە دەرھال گەپ ئۇلىدى:

— «زىننەت ئۇنىۋېرسال گىرىمخانىسى» دەمسىز!؟

— شۇنداق، — دېدى نۇرەخمەت قىزىرىپ كەتكەن زىننەتكە لاپپىدە بىر قاراپ، — ئەڭ مۇۋاپىق ئىسىم شۇ!

زىننەت ئىندىمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپلا ئولتۇراتتى.

— بىراق ... «گىرىمخانا» دېگەن گەپ؟ — ئابلەت راستىنلا ئاڭقىرالماي سورىدى.

— سېنىڭ ساتىراشلىقىڭمۇ، مېنىڭ تىككۈچىلىكىممۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئىنسانلارنىڭ گىرىمى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن يېڭى پاسوندىكى، چىرايلىق بىر كىيىمنى تىكسەم، ئۇنى كىيگەن ئادەم زىننەتلىنىدىغۇ. سەن بولساڭ ئۇنىڭ چېچىنى زامانىۋى مودىدا بۇدۇر قىلسەن ياكى باشقا كۆپتۈرۈپ ياسايسەن. بۇمۇ ئۇنىڭ زىننىتى، گىرىمى ئەمەسمۇ؟

— بىزنىڭ يېنىمىزدىن چىقىپلا، بۇلارغا كىرىپ بىر قۇر گىرىم قىلدۇرۇۋەتسە «ئاپىرىن» بوپ كېتىدۇ دېگىنە! — ئابلەت دائىملىق قىزىقچىلىقى بىلەن چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. نەپىسەمۇ كۈلۈپ كەتتى.

شۇ كەمگىچە ئىندىمەي، ئوڭايسىز ھالەتتە ئولتارغان زىننەت بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ياق، مېنىڭچە بىز باشقا بىر ئىسىم تاپايلى، ئاندىن يەنە بىرگەپ، بىز ئۆزىمىزگە بىر باشلىق سايلايلى، — دېدى.

— ياق، يەنىلا سەن باشلىقىمىز بولسەن، — دېدى نەپىسە، — بۇ ئىشنى باشتا سەن ئويلاپ تاپقان، ئاندىن كېيىن...

— زىننەت، گىرىم دېگەن گەپلەرنىڭ ئوقتى بولغاندىن كېيىن قىز باشلىق بولسا قاملىشىدۇ - دە، — ئابلەتمۇ نۆۋىتىنى كەتكۈزمەي چاقچاق قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا قايسى ئىش قانداق بولسىمۇ بولۇۋېرەتتى. چۈنكى ئۇ ئوقتىنى تېپىۋالدى. سۆيگىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. سەرسانلىقتىن، غەملەردىن قۇتۇلدى. شۇ تۇرقىدا جاھاندا ئۇنىڭدىنمۇ شادىمان ئادەم يوق ئىدى.

— مېنىڭچە ئابلەت بىلەن نەپىسەنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق، — دېدى نۇرەخمەت ئاخىرىدا، — زىننەت ھەرگىز خىجىللىق ھېس قىلمىسۇن. بىزنىڭ مۇشۇ ئىستىقباللىق يولىمىزنى دەسلەپتە بىخلاتقان، بەرپا قىلغان ئادەم، ئاخىرغىچە بىزنىڭ مەسئۇلىمىز بولالايدۇ. مۇھىمى بىزگە شۇ تاپتا زۆرۈرى بۇنداق قىلىپ ئاققۇزۇش، خېرىدارنى كۆپ جەلپ قىلىش يېڭىلىق ئىزدەپ - ئالماشتۇرۇپ، رىقابەت ئىچىدە ئىلگىرىلەش. شۇڭا مېنىڭچە «زىننەت ئۇنىۋېرسال گىرىمخانىسى» دېگەن نامغا ۋە زىننەتنىڭ باشلىق بولۇشىغا قوشۇلىدىغانلار قول كۆتۈرسۇن!

گېپىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا نۇرەخمەت بىرىنچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردى. ئارقىدىنلا ئابلەت بىلەن نەپىسە تەڭلا قول كۆتۈرۈشتى. زىننەت بولسا يەنىلا ئىندىمەي، قىزىرىپ ئولتۇراتتى.

ئاخىر نەپىسە چىدىماي ئۆزىنىڭ يەنە بىر قولىنىمۇ كۆتۈردى.

— مانا بۇ زىننەت ئۈچۈن!

ئابلەت يۈگۈرۈپ قوپۇپ زىننەتنىڭ بىر قولىنى مەجبۇرىي كۆتۈرگۈزدى - دە، چاقچاق قىلدى:

ـــ تولا ئېزىقماڭ، نازىنىن باشلىق. هازىر باشقۇرمىسىڭىزمۇ نۇرەخمەتنى بەرىبىر كېيىن سىز باشقۇرىسىز، خىجالەت بولماڭ!

مەسلىھەتنىڭ ئاخىرى مۇشۇ چاقچاق تۈپەيلى كۆتۈرۈلگەن ياڭراق كۈلكە بولدى. ھەتتا زىنىنەت ئۆزىمۇ چىدىيالماي كۈلۈۋەتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۈچ دۇكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تازىمۇ يوغان قىلىپ ئىشلەنگەن ۋە تولىمۇ كۆركەم نەقىشلەنگەن «زىنىنەت ئۇنىۋېرسال گىرىمخانىسى» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلدى.

ئۇنىۋېرسال تىجارەت ياخشى قەدەملەر بىلەن باشلاندى. نۇرەخمەت سەيپۇڭلۇق كۇرسىدا ئۆگەنگەنلىرى بويىچە ياشلارغا ئەڭ ياقىدىغان، كۆزلەردىن ئوت چاقنىتىدىغان مودىلاردا كىيىم تىكەتتى. ئابلەتنىڭ چىۋەر قولى ئاز ئۆتمەيلا دۇكاننى ھېسىپ تىققاندەك قىلىۋەتتى. ئىككى قىزنىڭ يۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان تىجارىتى ئاۋۋالقىدەكلا داۋاملاشماقتا ئىدى. ئەمدى قىزلىرى باشلاپ كەلگەن يىگىتلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئۆكسىمەس خېرىدارلىرى بوپقالدى. باغ كوچىسىدىكى بۇ پۇچماق شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات، ئەڭ باس ـ باس جايىغا ئايلىنىپ قالدى.

بۇ كۈنلەردە ئابلەت خۇددى باغنىڭ گۈلىدەك ئارغانىسېرى ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولى ئىشتا، ئاغزى گەپتە، ناخشىدا! ئىشتىن سەللا بوشاپ قالسا «گىرىمخانا» غا يۈگۈرەيدۇ. ئىككى قىزغا چاقچاق قىلىدۇ. زىنىنەتنىڭ نامى ئىسمى يوقلا «نازىنىن باشلىق» ئىدى. ئابلەت زىنىنەتنى ھەر قېتىم «نازىنىن باشلىق» دېگەندە زىنىنەت شەلپەردەك قىزىرىپ، يەر تېگىدىن نۇرەخمەتكە قارايتتى. نۇرەخمەت بولسا مەمنۇنىيەت بىلەن سالماقلىق، مۇھەببەتلىك كۈلۈمسىرىگىنىچە زىنىنەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياشناپ كېتىۋاتقان جامالىغا زوقلىنىپ قاراپ قالاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

ئابدۇغوپۇر تۇردىھاجى

# تىترەك

(ھېكايە)

ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا سەل ئىككىلىنىپ قالدىم، ئۆزۈمگە بەكمۇ تونۇش بولغان بۇ ئىشىك يېپىقلىق تۇراتتى، ئۇن نەچچە كۈنلەر ئالدىدا بۇ ئىشخانىغا ئۇسۇپلا كىرىۋېرەتتىم. مانا ئەمدى، نېمىشقىدۇر، بۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايۋاتىمەن. بارماقلىرىم ئۆزى بىلەن ئاللىقاچان قەدىناس بولۇپ كەتكەن ئاشۇ پارقىراق تۇتقۇچنى تۇتتى-يۇ، كۈچىيەلمىدى. ئىشىك يېپىق پېتى قالدى. قولۇمنىڭ ئاجىزغىنا تىترىشى كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ، ۋۇجۇدۇمنى ئاستا-ئاستا بوشاشتۇرۇۋەتتى، تۇتقۇچنى قويۇۋەتتىم.

كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى مېنى چۆچۈتىۋەتتى، ھودۇققىنىمدىن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلدۇم. ئاياغ تىۋىشى يىراقتىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، جىمجىت ئادەمسىز كارىدوردا شۇنچىلىك ئېنىق ۋە رىتىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇ كىمدۇر؟ مەن ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىدىم. ئۇنىڭغا قارىساملا، قىلماقچى بولغان ئىشىمدىن بىرەر چاتاق چىقىدىغاندەك، بىرەر پېشكەللىك يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلدى، كەيپسىزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىۋالدىم. شۇنىدىلا سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدۇم، كېيىن يەنە بۇ قىلىقىمنىڭ خۇددى كىچىك بالىنىڭ قىلىقىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇيالغىنىمدىن يۈزلىرىم چىمىلداپ كەتتى، تۇرۇپلا، ئۆزۈمنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە كايىدىم. ئېسىت...

ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى ئېنىق، يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى، بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتىم، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرمىسام بولمايدىغاندەك بىلىندى. ئالدىمدىكى نەرسىلەر پىرقىراشقا باشلاپ، پارقىراق تۇتقۇچلۇق ئىشىك بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى. كۆز ئالدىم غۇۋالىشىپ، ۋۇجۇدۇمنىڭ ناھايىتىمۇ چوڭقۇر يەرلىرىدىن يېقىمسىز، ئاچچىق بىر تىترەك ئۆرلەپ چىقىپ مېنى قىيناشقا باشلىدى.

ئاياغ تىۋىشىنىڭ ئەمدى يېنىمدىلا ئاڭلىنىشى مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى، ئاخىرى دىر-دىر تىترەپ پۈكۈلۈپ كېتىۋاتقان تىزلىرىمنى زورۇقۇپ رۇسلاپ، ئۆزۈمنى ئىشىككە ئۇرغاندەك قىلدىم. قانچىلىك ۋا-

قت ئۆتتىكىن، ئۆزۈمنى سەل تۇتۇۋېلىپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ماڭا تونۇش بولغان ئازادە ئىشخانا يەنە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرى يېشىل پەردىلىك دېرىزىلەردىن شۇڭغۇپ، ئىشخانىنى سۇس بىر يېشىللىق بىلەن بېزەپ، ئۇنى بەكمۇ يېقىملىق، كۆركەم قىلىۋەتكەندى. ماڭا ئاشۇ يېشىللىق ئىچىدىن يىللىقلىقتا ئورالغان سۆرلۈك بىر نېمە ماراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى. بىراق ئاياغ تىۋىشىنىڭ يىراقلاپ كېتىشى بىلەنلا يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى نورماللاشتى. قاپساپ كېلىۋاتقان تىترەكلىرىممۇ بېسىقىپ، پۇتقولۇمغا جان كىردى، خاتىرجەم بولۇپ، ئادەمسىز ئىشخانا ئىچىگە قايتىلاپ قارىدىم. ھەممە نەرسە ئىلگىرىكىدەك ئۆز جايىدا، گويا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاندەك. مەن سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم، مۇشۇ ئوخشاشلىق ئىچىدىن بىر پەرقنى — ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى بولغان بىرەر ئۆزگىرىش، يېڭىلىقنى تېپىش ئاشۇ ئوخشاشلىق ئىچىگە سىڭىشىپ قالغان ئۆزۈمگە تەۋە بىرەر ئىزنى كۆرۈش ئىستىكى مېنى قىزىقتۇرۇپ، خۇشالمۇ قىلىپ قويدى. مانا، قارا خۇرۇمدا قاپلانغان راھەتلىك دىۋان. ئىلگىرى مەن ئۇنىڭدا پات-پات ئولتۇرۇپ قالاتتىم. قاپاقلىرىم تۈرۈلگەن، كۆزلىرىم چەكچەيگەن ھالدا باشلىقىمنىڭ ئاچچىقلاپ چالۋاقاشلىرىغا، تەنبىھلىرىگە سۈكۈت قىلىپ، ئاچچىقىمنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولاتتىم. شۇ چاغدا سىقىلىپ، ئىچئىچىمدىن بىر ئاچچىق تىترەك قاپساپ چىقىپ، مېنى ھالسىزلاندۇراتتى، تەرلىگەن ئالقانلىرىم بىلەن ئۇنىڭ يۇمشاق گىرۋەكلىرىنى سىلاپ ھۆل قىلىۋېتەتتىم. مەن دىۋانغا قارىدىم، نېمىشقىدۇر ئۇ ماڭا ھازىر مېنى بەزلەۋاتقاندەك، مېنى ئۆزىگە چىللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ھى... ھى...ھى...— يېنىككىنە شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشىغا ئۇلۇشۇپلا كۆتۈرۈلگەن جاراڭلىق كۈلكە مېنى چۆچۈتىۋەتتى. مەن قورقۇمسىراپ ئارقامغا قارىدىم. بوسۇغىدا كۈلكىدىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تىكىپ كونا باشلىقىم تۇراتتى، ئۇ بىر قولى بىلەن ئىشىكنىڭ گىرۋىكىگە تايىنىپ، بىر قولىدا كۆكسىنى باسقىنىچە ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى، كۈلكىدىن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆڭلەككە لىق كەلگەن زىلۋا تېنى تىترەپ تۇراتتى، ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، مەن قورۇنغىنىمدىن مۇزدەك تەر بىلەن ھۆل بولغان ئالقانلىرىمنى بىر-بىرىگە سۈركەپ يەرگە قارىدىم. شۇ تاپتا يىللىق، ئازادە بۇ ئىشخانا بىردىنلا مۇزلاپ كەتكەندەك، مۆڭلانغاندەك، تارلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى، تىترەپ تۇرغان تېنىمدىن بىردىنلا ماغدۇرۇم قاچقاندەك كۈچسىزلەندىم.

— ھى... ھى... ھى... قارا سېنى ئەبلەي... — بايىقى رىتىملىق ئاياغ تىۋىشى يەنە شۇ رىتىمى بىلەن ماڭا يېقىنلاشتى. ئاپئاق، نازۇك بىر قول ماڭا سوزۇلدى، — كۆرۈشۈپ قويايلى، بىزنىڭ زىيالىي...

مەن قورۇنۇپ، كۈچسىز قولۇمنى ئاستا كۆتۈردۈم، ئۇنىڭ كېلىشكەن بارماقلىرى قولۇمنى يېقىملىقىنا قىسىپ ئاندىن قويۇۋەتتى.

— ھى... ھى... ھى... بۇ بىزنىڭ زىيالىيمىز-زە... — ئۇ كۈلگىنىچە بىلىكىمدىن يېنىككىنە تارتىپ، مېنى ھېلىقى دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، — نېمىشقا يەرگە قارايسەن، مەندىن تېخىچە قورقۇپ يۈرگىنىڭنى قارا، ھىم، مەن ئەمدى سېنىڭ باشلىقىڭ ئەمەس. تەنقىدلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ، شۇنداققۇ؟ ھا... ھا... قورقمىغىن، قەھۋە ئىچەمسەن؟

ئۇ، جاۋابىمنىمۇ كۈتمەستىن، بىر ئىستاكاندا قەھۋە ئەكىلىپ ماڭا سۇندى.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئاچچىق بىلەن تىكىلىدىغان سۇرلۇك كۆزلىرى شۇ تاپتا مېھىر بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى، پەقەت نېپىز لەۋلىرىلا مەڭسىتمىگەندەك بىر يانغا قىيسىيىپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنى سەل تۇتۇۋېلىپ، ئىستاكاننى ئالدىم، قولۇم ئاجىزغىنا تىترەپ كەتتى، مەن ئەپسىز بىر ھەرىكەت بىلەن قىمىرلاپ، دۇدۇقلىدىم:

— بىر ئىش بىلەن... سىزنى يوقلاپ كېلەي دەپ... — مەن ئۇنىڭغا قاراۋېرىشكە پېتىنالماي يەرگە قارىدىم، كۆڭلۈم ئۆيۈپ تۇراتتى. جىددىيلەشكىنىمدىن يۈرىكىم تېز - تېز سوقۇپ، تارتىشقاندەك قىلدى، ەنلىرىم تالغاندەك، ئېغىرلاشقاندەك سېزىلىشكە باشلىدى، ئالقانلىرىم مۇزدەك تەر بىلەن ھۆللەندى، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەۋاتقان ئاجىزغىنا تىترەكنى باسماقچى بولغاندەك، ئىستاكاننى ئاۋايلاپقىنا تۇتۇپ لەۋلىرىمگە تەگكۈزدۈم. چۈچۈمەل، قاڭسىققىنا سۇيۇقلۇق پۈتۈن تېنىمگە يىللىقلىق بېغىشلاپ، جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرىمنى ئاستا - ئاستا ئارامغا چۈشۈردى...

— ھى... ھى... ھى... مەن تېخى سىنى پۇشايمان قىلغان چېغى دەپ...— ئۇنىڭ يەنە شۇنداق جاراڭلىق كۈلكىسى مەسخىرىلىك بىر تەرىزدە ئىشخانا ئىچىدە جاراڭلىدى. ئۇ ئىشخانا ئىچىدە رىتىملىق دەسسەپ، سىپايە بىر ھەرىكەت بىلەن ئاستا ماڭدى،— خاتالىشىپتىمەن، ھىم قانداق، ئىشلىرىڭ خېلى ئوڭۇشلۇقتۇ؟ يېڭى خىزمەت ئورنۇڭغا كۆنۈپ قالغانسەن؟ ھا... ھا... قىزىقسەن - دە، جاھىللىقىڭ تۇتۇپ ئاخىرى كېتىپ قالدىڭ، بىزنى سېغىندۇردۇڭ، مەنمۇ سىنى... پات - پات تەگىشىپ قالاتتۇق ئەمەسمۇ... — ئۇ، ئۇدۇلۇمغا كېلىپ توختاپ، ماڭا قاراپ خىرىلداپ كۈلدى،— سەنمۇ غىلجىڭلىق قىلىپ تولا كىردۇۋالاۋاتتىڭ، مېنى جىلە قىلاتتىڭ، مەنمۇ سىنى ئايىمايتتىم، شۇنداقمۇ؟ ھەي زىيالىي، كەسىپ، كەسىپ، دەپ بەش يىل مەن بىلەن تىركەشتىڭ، ئاخىرى پېشىڭنى قېقىپ، بىزنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىڭ. شۇ تاپتا ساڭا نېمە دېسەم بولار؟!

ئۈندىمىدىم، يۈزلىرىم چىمىلداپ كەتتى. ئۇ بولسا كۈلكىسىنى توختىتىپ، سۈكۈت ئىچىدە ماڭا ئۇزۇنغىچە تىكىلدى، كېيىن ئېغىر تىنىپ ئىستاكاندىكى قەھۋەنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى - دە، گەپمۇ قىلماستىن ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن كېرىلدى، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ، ئالدىدىكى ماتېرىيالغا ئېڭىشتى، گويا مېنى ئۇنۇتقاندەك جىمجىتلا ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئېغىر ئۇھ تارتتىم، شۇ تاپتا كېلىش سەۋەبىمنى ئېيتىش ماڭا شۇنچىلىك قىيىن بىلىنىۋاتاتتى، ئۆزۈمنىڭ بۇنچىۋالا جۈرئەتسىز ئىكەنلىكىمگە ئۆكۈندۈم. كەيپسىزلەنگەن ھالدا ئىشخانا ئىچىگە، ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا سوغۇق نەزەر بىلەن بىر - بىرلەپ تىكىلدىم، نەرسىلەر شۇنچىلىك تونۇش، يەنە شۇنچە يات ئىدى. ئىشخانىنىڭ ماھارەت بىلەن جايلاشتۇرۇلغان ھەر بىر ئالىي جاھازلىرى مەندە رەشىككىمۇ، ئۆچلۈككىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر ھېسسىيات قوزغىدى. تالغان كۆزلىرىمنى ئېلىپ قېچىپ ئاستىمدىكى قارا خروم قاپلىق دىۋانغا تىكىلدىم. مەن ئۇنىڭدا قانچە قېتىملاپ مۇشۇنداق ئولتۇرغانىدىم. شادلىنىپ، راھەتلىنىپ ئولتۇرغان چاغلىرىممۇ بولغان، ئازاب بىلەن بىئارام بولۇپ ئولتۇرغان چاغلىرىم بولسا كۆپ بولغانىدى.

— جىمىپلا كەتتىڭغۇ؟— باشلىقىمنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزۈمگە كېلىپ بېشىمنى كۆ-

تۇردۇم. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن بىر نەرسە يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى،— ماڭا ئېيتىدىغان يېڭىلىقلىرىڭ يوقمۇ، ئىچىمنى سىقىپ... جىمىپ كەتمىگىن...

— مەن سىزگە... — ئۇڭايسىزلانغىنىمدىن دۇدۇقلاپ، يانچۇقۇمدىن بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم،— بۇنى سىزگە...

ئۆزۈمنى شۇنچە ھارغىن سېزەتتىم، گېلىمگە بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازىم بوغۇلۇپ چىقتى، شۇ تاپتا خېلىلا جىددىيلەشكەنىدىم، ئىچ - ئىچىمدىن ئوتتەك قىزىق، يېقىمسىز بىر ھارارەت ئۆرلەپ چىقىپ، پۈررىدە تەرلىدىم، پۈتۈن تېنىم ئاشۇ ھارارەتتىن ئېسىلگەندەك چىڭقىلىپ، ئارامسىزلاندى.

لېكىن شۇنداقتىمۇ ئىلاجىسىز ھېلىقى قەغەزلەرنى تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟— دېدى ئۇ، قەغەزلەرگە ئىرەڭسىزلىك بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ.

— ھەئە... — دېيەلىدىم ئۇنىڭ تىكىلىشلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ يەرگە قاراپ. بىرەر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك تېپىرلاپ كەتتىم. ئۆزۈمنى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ئەنسىز سەزدىم.

— ھە، مۇنداق دە،— ئۇنىڭغا قارىمىساممۇ، ئۇنىڭ ماڭا سىنچىلاپ قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئۇ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئېغىر تىندى،— راست، جۇدەپلا كېتىپسەن، ياخشىراق داۋالىنىپ، كۆپرەك ئارام ئالغىن... — ئۇ ئىچ ئاغرىتقاندەك نەزەر بىلەن قاراپ قەغەزلەرنى ماڭا سۇندى،— بۇلارنى كۆتۈرۈۋاپسەنغۇ؟

— سىزگە تەستىقلىتاي دېگەنىدىم،— دېدىم بوش ئاۋاز بىلەن.

— ماڭا؟ ئاتچوت قىلماقچىمىدىڭ؟— ئۇ بىر ھازا ماڭا تىكىلىپ، كېيىن تۇيۇقسىز كۈلۈپ كەتتى،— ھەي زىيالىي، خاتىرەڭ جايىدىمۇ قانداق؟ يا دوختۇرخانىدىن ساقايمايلا چىقىۋالدىڭمۇ؟

ئۈندىمىدىم. ئۇ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى. قولىدىكى قەغەزنى يېنىككىنە سىلكىپ قويۇپ يەنە كۈلدى، ئاخىرى كۈلكىسىنى ئاران - ئاران توختىتىپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى، لەۋلىرى تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى.

— بۇنى يېڭى باشلىقىڭغا ئېلىپ بارماي، ماڭا ئەكەلگىنىڭنى قارا...— ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە كۈلدى،— ھەي... سەن ئاللىقاچان بۇ يەردىن يۆتكىلىپ چىقىپ كەتكەن تۇرساڭ... قارا سېنى، بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ بۇنىمۇ بىلمىسەڭ، شۇ ھالىڭغا مەن بىلەن... ھى... ھى... بەش يۈز يىگىرمە يەتتە يۈدن سەكسەن ئۈچ پۇڭ... بۇنى مۇشۇنداق پۈتۈنلا ئالاي دەپتىكەنسەن - دە، قىزىق، تولىمۇ قىزىق...

— مەن تېخى ئىشقا چۈشمىگەن. رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەن كۈنى تۇيۇقسىزلا...— ئىككىلىنىش ئىچىدە ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن،— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ،— سەنزە ھەممىشە مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى تېپىپ، باش - ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرسەن،— ئۇ بېشىنى چايقاپ، قەغەزنى قولۇمغا تۇتقۇزدى،— بۇلارنى ئېلىۋالغىن.

قەغەزلەرنى قولۇمغا ئالدىم، قەغەزلەر تەر بىلەن ھۆللەنگەن ئالقانلىرىم ئارىسىدا پۇرلاشتى، يۈرىكىم قىسىلغاندەك بولۇپ، دېمىم سىقىلدى، تېنىمنى ئاچچىققىنا بىر تىترەك جىغىلدىتىپ ئۆتتى.

— مەندىن رەنجىمىگىن، — دېدى ئۇ

مېنى بىنا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، — مەنىمۇ ئامالسىز، باشقىچە ئامالىنى قىلىپ باقىن، شۇنداق بولسۇن، خەير، كېلىپ تۇرغىن — ھە.

قانداق يېنىپ كەلگەنلىكىمنى، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى ئۇقمايمەن، پەقەت قورۇ ئالدىغا كەلگىنىمدىلا ئېسىمنى يىغىپ ئەتراپقا قارىدىم، ساپىقىدىن ئۈزۈلگەن سارغايغان يوپۇرماقلار ھاۋادا بىر پەس لەيلەپ، ئاستا - ئاستا يەرگە قونماقتا، كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرى ئۇلارنى يېنىككىنە ئۇچۇرتۇپ، ئېرىقلارغا، تام تۈۋلىرىگە قاپسىماقتا. ئىختىيارسىز ئالقانلىرىمنى ئاچتىم، قەغەزلەر قولۇمدىن سىرغىپ يەرگە چۈشتى. يوپۇرماقلارنى پىرقىرىتىپ يۈرگەن شاماللار ئۇنى ئۇچۇرۇپ ئاستا - ئاستا يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

* *

قار ياغماقتا، ئادەمسىز، جىمجىت ئىدارە قورۇسى ئاپئاق قار بىلەن چۈمكۈلۈپ، بوۋاقنىڭ يۈزىدىكى غۇبارسىز، سەبىي تەبەسسۇمدەك جىمىرلىماقتا. چاناقلىرىمدا لىققىدە ياش. قار گويا پۈتكۈل زېمىننى، ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆممەكچى، يوشۇرماقچى بولغاندەك تېخىمۇ ئەدىمەكتە. قوللىرىمدا بولسا بىرنەچچە ۋاراق قەغەز، بىر ھەپتە دوختۇرخانىدا يېتىپ ئېلىپ چىققان بەكمۇ ئېغىر... بەكمۇ ئېغىر قەغەزلەر...

بۇ يەردە قانچىلىك تۇرغاندىمەن؟ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، بايىلا قار ئۈستىدە قېپ قالغان ئىزلىرىمغا قارىدىم، ئۇلارنى قار كۆمۈپ تاشلاپتۇ، ھەممە يەر ئاق. ئەتراپتا بولسا بىرمۇ ئىز يوق. ئىختىيارسىز سەل يىراقتا تۇرغان بىناغا كۆز تىكتىم.

بىنا ئىشىكىنىڭ سەل يۇقىرىسىدىكى بالكونلارمۇ ئاق، پەقەت ئۇنىڭ ئاستىلا كىشىلەرنىڭ قالايمىقان ئاياغ ئىزلىرى بىلەن ئالىبۇلىماچ بولۇپ قاپتۇ.

قولۇمدىكى قەغەزلەرگە قارىدىم، تېخى ھېلىراقتىلا بۇ قەغەزلەرنى باشلىقىم ئالدىغا ئەكىرگەنىدىم.

— ئاتچوت قىلامسىز؟ — دېگەنىدى ئۇ ھەيرانلىقتىن سەل چەكچەيگەن يوغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ — ... بۇ ھەي، بۇ مۇنداق ئىش، ئىدارىمىزگە كەلگىنىڭىزگە تېخى ئىككى ئايمۇ بولمىدى، سىزنىڭ يىللىق داۋالىنىش خىراجىتىڭىز كونا خىزمەت ئورنىڭىزغا بېرىلگەن، شۇڭا... — ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك كۈلۈمسىرەپ، قەغەزلەرنى ئاستا ئالدىمغا سۈرۈپ قويغانىدى، — شۇ يەرگە ئاپىرىپ بېقىڭ. يېڭى يىلدىن ئېتىبارەن بۇنىڭغا بىز ئىگە، قانداق، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ يېڭى يىلغىمۇ پەقەت ئون نەچچە كۈن قاپتۇ.

ئۇ شۇنداق ئەركىن، بەھۇزۇر كۈلگەنىدى...

قار ياغماقتا، سوغۇق ئۇچقۇنلار يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا. شۇنىڭغا قارىماي ئىچ - ئىچىمدىن ئوتتەك قىزىق بىر ھارارەت ئۆرلەپ چىقىپ مېنى تەرلەتتى، بەدەنلىرىم بوشىشىپ، بارغانسېرى قار ئاستىغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ئېغىرلاشماقتا. قاچانلاردىدۇر قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكەن قەغەزلەر قارغا كۆمۈلۈشكە ئاز قاپتۇ، ئۇلارنىڭ خەتلىرىمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ.

ئېغىر تىنىدىم، قەدەملىرىم ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ۋۇجۇدۇمنىڭ ناھايىتىمۇ چوڭقۇر يېرىدىن ناھايىتى يېقىمسىز، بەكمۇ ئاچچىق بىر تىترەك چىقىۋاتاتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

قۇربان ئېمىن

## سۇ

ھاياتنىڭ گۆھەرىدۇر سۇ، سائادەت كەۋسەرىدۇر سۇ،
كىشىنىڭ مېھنىتى ـ ئەجرى، تەبىئەت جەۋھەرىدۇر سۇ.
چۈشۈپ تاغدىن ئېقىپ كەلسە ئېرىق ـ ئۆستەڭدە ئويناقلاپ،
كۈلۈپ كەتكەن چېچەك، لالە ... گۈلىستان سەرۋەرىدۇر سۇ.
كۆكەرگەچ باغۇ ـ بوستانلار ئانار، ئالما ـ مېۋە بەردى،
ۋەتەننىڭ بايلىقى، زەر ئۈنچە ـ مارجان، مەر ـ مەرىدۇر سۇ.
زېمىنغا قان تومۇر بولغان ھاياتىي كۈچ دېمەكتۇر ئۇ،
شەھەر، سەھرانى گۈللەتكەن سۆيۈملۈك دىلبىرىدۇر سۇ.
ۋەتەننىڭ سۈيى مىڭ ئەلا، ماڭا ئول ئابى زەمزەمدىن،
تەبىئى باقۇۋۋەت، تاتلىق گويا قەنت ـ شېكەرىدۇر سۇ.
شوراپ شەربەتنى تۇپراقتىن ئۆزگە شىرنىلەر يىغقان،
جىمىكى نازۇ نېمەتنىڭ كېپىلى، گۈل پەرىدۇر سۇ.
كىشىنىڭ قۇدرىتى ئۈستۈن، شۇڭا غالىب تەبىئەتتىن،
قايانغا باشلىساق ماڭدى، جاھاننىڭ كەمتەرىدۇر سۇ.
تېگىشمەيمەن ئۇنىڭ بىر قەترىسىنى نۆكچە ئالتۇنغا،
ئېلىمنىڭ شۆھرىتى ـ شانى، كارامەت شەمشەرىدۇر سۇ.
ئەگەر ئۇ بولمىسا يۇرتتا، ھايات قانداق تاپار روناق؟
قەدىرلەشكە تېگىشلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرىدۇر سۇ.

1990 - يىل 25 - ئىيۇن. يەكەن

جاپپار ئەمەت

## كېچىكمەي كەلگەن ئىلھاملار

### زۇمرەت بۇلاقلار

بۇلاقلار، بۇلاقلار، زۇمرەت بۇلاقلار،
سەن ئانا زېمىننىڭ قۇتلۇق ئەمچىكى.
سېنىڭدىن سۈت ئېمىپ يېشىل قىرغاقلار،
رەڭمۇ رەڭ تۈس ئالدى ھايات چېچىكى.

مەن قاچان ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان،
ئىچىپ كەلمەكتىمەن شەربەت سۈيۈڭنى.
سەن بىلەن ياشىسا دەريالار قىيان،
ئاڭلايمەن شاۋقۇنلۇق ياڭراق كۈيۈڭنى.

سېنىڭ شۇ سىمابتەك تىنىق سۈيىڭدىن،
تەبىئەت جانلاندى، ياشىنىدى كۈلۈپ.
مېھرىنى ئۈزەلمەس يېشىل بويۇڭدىن،
ئادەملەر ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ.

سەن ھايات بېغىشلاپ تاقىر چۆللەرگە،
قۇملۇقلار باغرىدا ئېچىلدۇردۇڭ گۈل.
قۇيۇلۇپ ئۈزلۈكسىز دەريا - كۆللەرگە،
بۇ گۈزەل ۋادىغا جان بەردىڭ پۈتكۈل.

سەن گويا ئانامنىڭ ئوغۇز سۈتىدەك،
سىڭگەچكە بۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ھەم؛
گوياكى رۇستەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدەك،
بىر ئۇلۇغ جاسارەت ۋۇجۇدۇمدا جەم.

بۇلاقلار، سەن ھايات مەنبەسى گويا،
سەن بولغاچ ۋەتەندە ھەمىشە كۆكلەم.
تۇرغاندا سېنىڭدەك كەۋسەر، بىباھا،
نە كېرەك ھەرەمدىن ئەكەلگەن زەمزەم.

## تۇنجى قېتىم بىز ئۇچراشقان جاي

تۇنجى قېتىم بىز ئۇچراشقان ئاشۇ جاي،
چىقماس مېنىڭ ئەس - يادىمدىن زادىلا.
كۆز ئالدىمدا بىر نازىنىن گۈل چىراي،
تۇرار، قىلىپ مېنى ھەرچاغ مەھلىيا.

گۈزەل جايلار شۇنچە كۆپتۇر ئالەمدە،
گۈزەللىك — ئۇ جەۋلان قىلار توختىماس.
لېكىن ھېچ جاي گۈزەللىكى قەلبىمدە،
بىز ئۇچراشقان ئاشۇ جايغا ئوخشىماس.

ئۇندا باردۇر ئۈن - تىنسىز سۆيگۈنىڭ
كۆڭۈللەردىن كۆڭۈللەرگە كېزىشى؛
ئۇندا باردۇر بىر يوشۇرۇن كۈلكىنىڭ
ئالەمشۇمۇل خۇشاللىقىنى سېزىشى.

ئۇندا باردۇر ئىككى ئوتلۇق يۈرەكنىڭ
بىر - بىرىگە تەلپۈنۈشى، تىترىشى؛
ئۇندا باردۇر شېرىن ئارزۇ - تىلەكنىڭ
بىر - بىرىگە قوشۇلۇشى، پارتلىشى.

بىز ئۇچراشقان ئاشۇ خىلۋەت بوستانلىق،
كۆزلىرىمگە شۇڭا يىللىق كۆرۈنەر.
بولۇپ گويا ماڭا خۇمار، ئارمانلىق،
ھەركۆرگەندە قەلبىم شۇنچە سۆيۈنەر.

شۇڭا ھەرگىز بۇ جاي كەتمەس يادىمدىن،
ياشار كۆڭلۈم ئەينىكىدە مەڭگۈلۈك.
ئۆتۈپ تۇرار ھەر كۈنى كۆز ئالدىمدىن
بىز تونۇشقان ئاشۇ بوستان — شۇ گۈللۈك.

1988 - يىل، ئۆكتەبىر.

## ئەكس تەسىر

كۆرسەم ئەگەر گۈل يۈزۈڭنى مەن،
يۈرىكىمگە سانجىلار تىكەن.
كۆرسەم يېقىنق كۆزلىرىڭنى مەن،
چاقماق تېگىپ ئۆرتىنەر بەدەن.

تاشلىغاندا مەن ساڭا نىگاھ،
كۆزلىرىڭدە چاقنايدۇ يۇلتۇز.
ۋۇجۇدۇمنى قىلىپ ئارامگاھ،
دىل خانەمنى قىلدۇ كۈندۈز.

سۇمبۇل چېچىڭ تاڭ شامىلىدا
ئۆتسە ئەگەر يەلپۈنۈپ لەرزان؛
زەنجىر بولۇپ بوينۇمغا گويا
نەپەسىمنى قىسار شۇ ھامان.

سەن ئەگەردە تۇتساڭ قولۇمنى
توك سوققاندەك جىغىلدار يۈرەك.
تاپالماستىن ئۇوك ۋە سولۇمنى،
ۋۇجۇدۇمنى باسىدۇ تىترەك.

سەن ئولتۇرساڭ ماڭا روبىرو،
دىماقىمغا ئۇرۇلار ئىپار.
بولۇپ گويا كىرپىكلىك قىراۋ،
دىل خانەمگە ياغدۇرىدۇ قار.

سەن سۆزلىسەڭ خۇش ئاۋاز بىلەن،
بۇلبۇل سايرار قۇلاق تۈۋىمدە.
سەن كۈلگەندە جىلۋە - ناز بىلەن،
يۈرىكىمنى قىلىدۇ زىدە.

كۆرگۈم كېلەر سېنى ھەر قاچان،
كۆرسەم كۆزۈم كېتەر جىمىرلاپ.
قىلسام دەيمەن دەردىمنى بايان،
تىلىم سۆزگە كەلمەس قىمىرلاپ.

سۆيدۈم دېسەم سېنى يۈرەكتىن،
بەرمەس ئىشقىڭ دىلىمغا ئارام.
ئۈمىد كۈتۈپ ئېزگۈ تىلەكتىن،
قاچان شىپا تاپار دىل يارام؟

**ھىجران دەردى**

بەرداشلىق بېرەلمەي پۈكۈلدى قەددىم،
تاغدىنمۇ ئېغىركەن ھىجراننىڭ يۈكى.
كۈنسېرى ئاشماقتا بۇ مېنىڭ دەردىم،
يوق ئىكەن بۇ دەردنىڭ چېگرىسى - چېكى.

كېچىسى كۆزۈمگە كەلمەيدۇ ئۇيقۇ،
كۈندۈزى ئۆتىمەن پەرىشان، غەمناك.
باغرىمنى ئىگىلەپ يۇشۇرۇن تۇيغۇ،
بولماقتا يۈرىكىم ھىجرانىڭدا چاك.

تەلمۈرۈپ ئاسمانغا قىلىمەن نالە،
ئاھىمدىن يۇلتۇزنىڭ كۆزلىرىدە ياش.
ھىجرىڭدە يۈرىكىم بولدى مىڭ پارە،
ئىشق ۋولقانىغا بېرەلمەي چىداش.

يېتەلمەي تەكتىگە بولدۇم ئاۋارە،
بۇ ھىجران غارىنىڭ يوق ئىكەن تېگى.
نە ئىلاج سەن ئۆزۈڭ تاپمساڭ چارە،
ياندۇ دىلىمدا ۋىسال ئىستىكى.

**خىيال ئەينىكىدە**

كۆزلىرىمنى يۇمسام ئەگەردە،
كۆز ئالدىمدا كۆرىمەن سېنى.
سىياقىڭغا بولۇپ مەن بەندە،
قېنىپ - قېنىپ سۆيىمەن سېنى.

كۆزلىرىمنى ئاچسام شۇ ھامان،
سەن يىراقتا مەنمۇ يىراقتا.
يوللىرىڭغا قاراپ مەن ھەيران،
يۈرەك - باغرىم كۆيەر پىراقتا.

**ئالىمجان ناسىر**

## تاڭ ئويغاتقان ئېزگۈ تۇيغۇلار

### تونۇدىڭمۇ مېنى، ئەي ساھىل

ئەي دەريا ساھىلى، ئېسىڭدىمۇ مەن
ئۇيلاپىپاق، بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم.
بارمىدى قوينۇڭدا كەپسىز ۋە تېمەن،
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئالغا ئۈزگەن ھەم
توققۇز - ئون ياشتىكى سەبىي بىر بالا
ئاپتاپتا ئەتلىرى قارىداپ كەتكەن.

قۇملارغا كۆمۈلۈپ ئۈزۈندىن - ئۈزۈن،
قۇشلارنىڭ كۈيىگە قۇلاق سېلىپ مۈگلۈق،
چاچرىسا تېنىڭگە زەررىچە بۇژغۇن،
خىيالچان رەۋىشتە ئۇھ تارتىپ ئۇلۇغ.
قاپقارا كۆزىنى تىككەن يىراققا،
ھېسلىرى گىرىمسەن، ھېسلىرى ئازغۇن.

كىيىكتەك قىيغىتىپ چىمەنلىرىگدە
ناخشىلار توۋلىغان چۈچۈك ئاۋازدا؛
تاش ئېتىپ ۋە يەنە ئويناق سۈيۈگگە،
چەمبەرلەر رېتىگە قاراپ بىر ھازا.
شەپەقنىڭ نۇرلىرى تارىغان گۇگۇم
قىيماستىن ئۆيىگە قايتقان شۇندىلا؛

ھە، شۇنداق بىر بالا ئۆتكەنمۇ بۇندا،
گاھىدا تىنىمسىز، گاھى خىيالچان.
ھەر كۈنى سەھەر-كەچ سەن ئۈچۈن ھەمرا،
يامغۇرلار چاچسىمۇ ئۈستىگە ئاسمان.
كۆر مانا شۇ تەنتەك ئالدىڭدا شۇ تاپ
ئۇ ئەمدى بىر يىگىت، بۇركۈتتەك قىران.

ئېھ، دەريا ساھىلى كەلدىم بويۇڭغا
شۇ سەبى بالىلىق چاغلارنى ئەسلەپ،
ھەمشىرىك بولسامدىم تەنھا ئويۇڭغا،
بىر دەملىك بولسىمۇ كەچمىشلەر سۆزلەپ.
قۇمساڭغۇ توپاڭغا يېقىپ باغرىمنى،
ياشلىقتىن بالىلىق تۇيغۇغا پەسلەپ!

## دېھقان

قۇياش ئۆزەر ئۆپۈق يولىدا،
ھارارەتلىك نۇرىنى چېچىپ،
چاڭقاپ كەتكەن كارۋان شۇ كويدا،
قېنىۋالسام مۇزدەك سۇ ئىچىپ.

شۇ تاپ دېھقان ئورماقتا ئورما،
بەرداش بېرىپ ئىسسىققا ھەيھات.
چاڭقاقلىقنى سەزمەيدۇ ئەسلا،
چۈنكى ئاڭا چىدامسىزلىق يات.

چېكىسىدىن ئاققان ئاچچىق تەر،
قاڭشار بويلاپ ئاقىدۇ تارام.
كىيىملىرى تېخىمۇ بەتتەر،
چىلىق - چىلىق سۇ بولغان تامام.

دېھقان ئۇلۇغ، دېھقان قەدىرلىك،
ئۇ جاپاكەش، ھالال مېھنەتكار.
ئاڭا ئالەم كەڭلىكچىلىك
دىلدا پۈتمەس مۇھەببىتىم بار.

## ياڭرىتىمەن ئۈن

كەلدى گۇگۇم بەكمۇ سىپايە
كائىناتنى ئۇيقۇغا ئۈندەپ.
تىنچلىقلا قىلسا كۇپايە،
جان قىينايدۇ شائىر نېمىدەپ.

چۈشۈرەلمەس دامىغا ھەرگىز
قانچە قىلىپ ئۇيقۇ پەرىسى.
ھېسلىرىمنى ئۇچۇرۇپ ئېگىز،
يازغان شېئىرىم خەنجەرنىڭ بىسى.

چۈشەكىسۇن ئۇخلىتىمەن دەپ
ئەللىيىنى توختاتمىسۇن تۈن،
ئاھ، يازارمەن، ئىرادىدە گەپ،
ئاخىر بىر كۈن ياڭرىتىمەن ئۈن.

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇراخمان

## ئاتا قەسىدىسى

نىمىلەر ۋەجىدىن پۈكۈلدى قەددىڭ،
گويا كى تاغلارنىڭ دۈمچەكلىرىدەك؟
ئاھ ئاتا، ئىپىتىشقا بارمايدۇ تىلىڭ،
ئۈنىگسىز سىرلارنى تۈيىدۇ يۈرەك.

بېشىڭدا ئاق چېچەك جىلۋىسى ئۆزگە،
ئاجايىپ قىسمەتتىن بېرىدۇ دېرەك.
تىلىلىرىم ئالدىڭدا كەلمەيدۇ سۆزگە،
ھاياجان ئىچىدە سوقىدۇ يۈرەك.

ھېيىنتىڭ ئالدىدا قۇياشمۇ خىجىل،
ئەپقېچىپ ئۆزىنى مۆكەر شۇ سەۋەب.
شەپەقلەر ئۈياتچان قىزلار چېھرىسى،
ئۈزىدۇ تولۇن ئاي ئىزانى سۆرەپ.

ئەي ئاتا، يىقىلماس تۆۋرۈكىم ئۆزۈڭ،
ئەرزىيدۇ قەددىڭنى بۈيۈك تاغ دېسەم.
يۈزۈڭدىن بالقىيدۇ قىزىللىق ھەردەم،
ئەرزىيدۇ قەلبىڭنى گۈزەل باغ دېسەم.

ئاھ ئاتا، كۆزۈڭدىن چاچرىغان ئۈچقۇن،
مۈشكۈللەر ئالدىدا قەلبىمگە چىراغ.
بولۇرمەن قاچانمۇ دەردىڭگە دەرمان،
دىلىمنى ئۆرتەيدۇ شۇنداق ئىشتىياق!

داۋۇتجان سەئىدىن

## ئىككى شېئىر

### كۆمۈلدى ئارمانلىرىمىز

چىغىريول،
ھەممىمىز تەك پاتمايمىز،
سەپ ئالدىدا.
كۆكرەك كىرىپ ماڭغانلارنىڭ ئالدىغا،
ھەسەتلىنىپ
تىكەنلەرنى تاشلايمىز.
ئاڭا تاقەت قىلالماي،
يىقىلسۇن دەپ پۈتلايمىز.
بىزمۇ يەنە پۈتلىنىمىز،
شۇڭا،
مەنزىللەرگە،
يېتەلمەيدۇ كارۋانلىرىمىز.
قەبرىلەرگە يۈدۈپ ھەسرەتنى،
كۆمۈلدى ئارمانلىرىمىز!

### پەرۋايىم پەلەك

مەيلىلا،
تۆھمەتلەرگە پەرۋايىم پەلەك،
ھەسەتخورلار دېسۇن ھەر نېمە.
خۇداغىمۇ كەلتۈردىغۇ شەك؟
ئۇنىڭ ئالدىدا مەن دېگەن نېمە!

غوجا ئابدۇللا ناسىرى

## تومۇچۇق

چىغىرىيولدا كېتىپ بارىمەن،
يالغۇز ئۆزۈم قەلبىم مۇڭلۇنۇپ.
كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى،
شۇ قەدىردان دەرەخنى كۆرۈپ.

شۇ قەدىردان دەريا بويىدا،
تۇرار دەرەخ شۇ پېتى يەنە.
شاخلار ئارا بىر جۈپ تومۇچۇق،
سايرىشىپ شوخ قىلار تەنتەنە.

بىر چاغدىمۇ سايرايتتى شۇنداق
ئاخشىمىزغا بولۇشۇپ تەڭكەش.
سىڭىلدەكلا كۆرۈندى نىگار،
بىزگە گۇۋاھ بۇ تونۇش دىلكەش.

بالىلىرى ئەگەشكەن ئاڭا،
جۈپ تومۇچۇق سايرايدۇ غەمسىز.
ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ،
چاڭقاقلىقتا ئاھ جېنىم سەنسىز.

كەلگىن ئۇچۇپ ئەي تومۇچۇقۇم
مۇڭدىشايلى ئولتۇرۇپ بىر پەس.
ئۆزگەرمەپتۇ بۇ جاي پەقەتلا،
ئۆزگەرمەيلى بىزمۇ، كەل دىلكەش!

مۇھەممەت روزى

## قەشقەر قىزى

قۇياش سۆيگەن گۈل سۈپەت پەرى،
بولدى ساڭا نەزەرىم چىرماش.
ئىشقىم بىلەن قاتقان كۈيۈمنى،
يولۇڭلىرىڭغا چاچاي گۈل ئوخشاش.

ئىشقىم بىلەن قاتقان كۈيۈمنى،
ئېتىز - قىرلار بىلىدۇ تولۇق.
قەشقەر قىزى، قەشقەرنىڭ قىزى،
سەن ئاق لالە ۋە ياكى چوغلۇق.
يېشىل قىرغاق سېنى كۈيلەيدۇ،
ئۇندا باھار قىلمايدۇ قۇۋلۇق.
ھېكىرلىقنى دىللار سەزمەيدۇ،
قۇياش بېرەر مېھرىنى نۇرلۇق.

يەرۇ - زېمىن ئويغىنار بالدۇر
كۈيلىرىڭنى ئاڭلىماق ئۈچۈن.
قەشقەر قىزى ئاي يۈزلۈك جانان،
سېنى كۆرمەك ئۈچۈن چىقار كۈن.

بۇ ساندىدىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن



# تىمتاس گۈگۈم

ئالىمجان ئىسمايىل

(پوۋېست)

## 1

ئىشىك بوشقىنا چېكىلدى. دالان ئۆيدە قولىنى يۇيۇۋاتقان سابىر تامغا ئېسىقلىق لۆڭگىلەرنىڭ بىرسىنى تارتىپ ئېلىپ قولىنى چالا-بۇلا ئېرتتى-دە، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكنى ئاچتىيۇ بوسۇغىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، يوغان كۆزلۈك زىلۋا بىر ئايالنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. بوغۇزىغا نېمىدۇر قاپلىشىپ، تىلى قېتىپ قالغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئايال سابىرنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئوڭايسىزلاندى بولغاي كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ياخشىمۇ سىلەر؟ تېنىچ ئامان كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى.

سابىر شۇندىلا ئۆزىگە كەلدى.

— ھە، كېلىڭ غۇنچەم ... كېلىڭ، — دېدى سابىر. ئۇ بىرخىل خىجالەتچىلىك ئىچىدە تەمتىرەپ قالدى. قولىدىكى لۆڭگىنى نەگە قويۇشىنى بىلمەي ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئالاتتى. ئاندىن ئىچكىركى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى، — ئاممىنە، ھەي ئاممىنە! ماياقا چىقىڭ، مېھمان كەلدى.

ئىچكىركى ئۆيدە نېمىدۇر تاراقشىپ ئۆرۈلدى، ئايال كىشىنىڭ غۇدۇرىغان ئاۋازى كەلدى. ئاندىن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ دالان ئۆيگە پاكار بويلۇق، ئاق-سېرىق كەلگەن سېمىز ئايال ئۆدەكتەك ئېغاڭلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا گۈللۈك چىت ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان، كۆڭلىكىنى جەينەككىچە تۈرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ دىقماق، كالتە بىلەكلىرىنى سېرىق تۈكلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ بوسۇغىدا تۇرغان كېلىشكەن ناتونۇش مېھماننى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى ھەم ئىتتىك سابىرغا قارىدى. سابىر ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مېھمان ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتكىنىچە كۈلۈمسىرەپ:

— قانداق، جايلىشىۋالدىڭلارمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، بىرقۇر جايلىشىۋالدۇق، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئايال ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — قېنى، ئۆيگە كىرىڭ ...

مېھمان سىپايە مېڭىپ ئىچكىركى ئۆيگە كىردى ۋە ئۆي ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن نەگە ئولتۇرۇشنى ئۇقماي تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە ئۆي ئىگىسى ئايال ئىنتىك بېرىپ تامغا تىرەپ قويۇلغان سافانىڭ ئۈستىدىكى چېچىلىپ ياتقان كىيىم - كېچەكلەرنى پۇرلاپ يىغىپ تۆردىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ئېلىۋەتتى ۋە:

— بۇ ياققا ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ، سافانىڭ ئۈستىنى قولى بىلەن سىپاپ سۈپۈرۈپ، — بىر يەردىن بىر يەرگە كۆچمەكتىن تەس ئىش يوق ئىكەن. كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق، دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. بۇ ئەسكى - تۈسكىلەرنى جىمىقتۇرۇپ بولغۇچە خېلى ئىش بار ئوخشايدۇ. قېنى، يۇقىرى ئۆتۈڭ.

مېھمان سىرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن، قوپال ياسالغان يالغۇز كىشىلىك سافا تەرەپكە ئۆتتى ۋە ئۆرە تۇرغىنىچە ئەھۋال سورىدى.

— تىنچ - ئامان كەلدىڭلار؟! ھە نېمە بولسا جايلىشىۋاپسىلەر، سىلەرنى كۆچۈپ كەلدى، دەپ ئاڭلىدىم. تۈنۈگۈن كىرەي دېسەم پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. بۈگۈن كەچ بولسىمۇ كۆرۈشۈپ چىقاي دەپ كىرىشىم.

— رەھمەت، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن سالغاچ ۋە بۇ كىم بولدى دېگەندەك سابىرغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى سابىر مېھماننى ئىما قىلىپ، — بۇياقنىڭ ئىسمى غۇنچەم، مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئالدى مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، بەش يىل بىر قازاننىڭ تامىقىنى يېگەن، — ئۇ غۇنچەمگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئاندىن ئايالىنى ئىما قىلىپ، — بۇياق بىزنىڭ بالىلارنىڭ ئانىسى، ئىسمى ئامىنە ...

ئىككى ئايال باشقىدىن ئامانلاشتى.

— بۇ مەكتەپتە ساۋاقدىشىم بار دېمىگەنتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئامىنە سابىرغا قاراپ رەنجىگەندەك، — مۇشۇنداق ساۋاقدىشىڭىز تۇرۇپ بۇ مەكتەپكە كېلىشتىن نېمانچىلا ئەندىشە قىلىپ كەتكەن بولغىيدىڭىز، قاراڭ، غۇنچەم، سابىر بۇ مەكتەپكە مېنىڭ زورۇم بىلەنلا كەلدى جۇمۇ. بۇ ساۋاقداشلىرىڭىز مەكتەپتە قانداق ئىدىڭىز، ياۋايى مىجەزى بارمىتى؟ سىز بىز تۇرغان يەرگە بېرىپ باقمىغان بولغىيتتىڭىز ھەقاچان، ئۇ يەر بىر جاڭگال. توپتوغرا 20 يىل تۇردۇق، ياشلىقىمىز ئۆتتى، بالىلار چوڭ بولدى، ئۆزىمىزنى ئويلىمىساقمۇ شۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئويلاش كېرەكتە، بۇنىڭ خىيالىغا بۇ ئىشلار كىرىپمۇ چىقمايدۇ. ئۇنىڭغا دەرس بولسىلا بولدى، مانا سىلەر ساۋاقداش ئىكەنسىلەر، سىز شۇنداق ئوبدان تۇرۇپسىز، سابىرغا قاراپ بېقىڭا، بەئەينى بوۋايلا بولۇپ قالدى، ھازىرقى كۈننىڭ جاپا تارتقۇچىلىكى بارمۇ قاراڭ. ئاخىرى ئاچچىقىم كېلىپ بۇ يەرگە بەك ئاشىق بولسىڭىز سىز قېلىڭ، مەن بالىلىرىمنى ئېلىپ كېتىمەن، دەپ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردۇم ئاران ماقۇل بولدى ...

— ھوي، ھوي، سز ئۆز دەردڭزگە چۈشۈپلا كەتتڭزغۇ، — سابر ئايالنڭ
كېپنى بۆلدى، — چاي - پاي ...
— ھازر قلمەن، — ئامنە ئۇنڭغا قولنى سلكدى، — بردەم ساۋاقداشڭزغا
ئچمدكنى دەۋالاي، مەن قاراڭ، غۇنچەم، بۇنداق غەمسز ئەر كشنى كۆرمەپتم-
كەنمەن، ئۇنداقمكن دېسە ئۆي بلەن كارى بولمغنى بلەن مەكتەپنڭ ئشى دېسە
يەۋاتقان تامقنى تاشلاپ قويۇپ يۈگۈرىدۇ، توۋا دەيمەن. ئوقۇغان چېغدسمۇ
شۇنداقمدى؟

غۇنچەم كۆلۈمسرگنچە ئامنەنڭ سۆزلرنى تڭشاپ ئولتۇرغنى بلەن كۆڭ-
لدە بولسا ساۋاقدشنڭ بۇ ئايالنى باھالماقتا ئدى. ئۇنڭغا ئامنەنڭ ئوچۇق كۆ-
ڭۈللۈكى ياردى، بۇنداق مجەزدكى ئايالار كۆڭلدە كر ساقلمايدۇ، گەپ بولسا يۈ-
زدە دەيدۇ، لېكن تۇنجى تونۇشقان برسگە ھەدېمەيلا ئېرنڭ ئەيبنى قلش
غۇنچەمگە ئانچە ياقمدى. غۇنچەمگە ئامنە ئۆزنى سابردن ئۈستۈن قويۇۋاتقاندەك
تۇيۇلدى ۋە ئۆز كۆڭلدە ئۇلارنى سېلشتۇردى. ئۇ ئۇنڭغا قانچە زەن سېلپمۇ ۋاي
دېگۈدەك بر يېرنى تاپالمدى. سابر بولسا ئېگز بويلۇق، ئورۇق ئدى. كەڭ يەلكسى
ئۇنڭ بەستگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. غۇنچەم ئۇنڭ مەكتەپتكى چاغلرنى كۆز ئال-
دغا كەلتۈردى. مەكتەپتە ئۇ تونۇلغان توپچى ئدى، ئۇ تانسدا پەيدا بولسا قزلارنڭ
كۆزدن ئوت ياناتتى، ئۇنڭ بلەن تانسا ئويناشنى ئارزۇ قلشاتتى. قزلار ئارس-
دمۇ كۆپرەك شۇنڭ گېپى بولاتتى. ئۆز ۋاقتدا خېلى قزلارنى ۋەسۋەسگە سالغان،
مۇھەببەتنڭ يوشۇرۇن ئوتدا كۆيدۈرگەن يگتنڭ تاللاپ ئالغان ئايالى مۇشۇمۇ؟
سابرنڭ چاچلرى شالاڭشپ، چېكسدە ئاقلار قويۇقلاپتۇ، كۆزنڭ ئەتراپدا تلم-
تلم قورۇقلار پەيدا بولۇپتۇ. پەقەت ئۇنڭ كۆزلا يەنە بۇرۇنقدەك شوخلۇق بلەن
كۆلۈمسرەيتتى.

ئامنەنڭ سۆزدن توختاپ قېلشى غۇنچەمنڭ خيالنى ئۈزۈۋەتتى.

— مەكتەپتە دەمسز؟ — دېدى غۇنچەم قارشسدكى كچك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان
سابرغا قاراپ قويۇپ، — مەكتەپتە ئانچە ئاكتپ ئەمەستى. تولراق توپقا ئامراق ئدى.

— ئەمسە نەدە يۇقتۇرۇۋالدكن بۇ كېسەلنى، ئاكتپلق دېگەننڭمۇ يولى بار
ئەمەسمۇ، ھازر خەقلەر دېگەن قۇۋ بولۇپ كەتتى، بزنڭ بۇ سابر تازا ساددا، تۈز
كەتكەن ئادەم. سز بلمەيسز، بز تۇرغان ئۇ يەردە سابرچلك ئوقۇغان، بلمى بار
ئادەم يوق، تولسى چالا ساۋات نېمىلەر. لېكن ئۇلار بلمدە قارا قورساق بولغنى
بلەن كۆن ئۆتكۈزۈشكە ئۇستا. ھاكم، شۇجلارنڭ ئەتراپدا پەرۋانەدەك ئايلنپ يۈرۈشدۇ،
ئككى كۈننڭ برىدە ئۇلارنى مېھمانغا چاقرپ تۇردۇ. ئاز كۈن ئۆتمەيلا
ئۆسۈپ كېتپ بارغان، بزنڭ بۇ سابر بولسا باشنى ئچكە
تقپ ئشلەشنلا بلگەن، ھازر ئشلگەننى كۆردغان چاغمۇ. بولمسا ئۇ ناھيەنڭ
تارخدا ھېچكم مۇشۇ سابرچلك تۆھپە قوشقنى يوق، ئالدنقى يلى بر يلدلا
بۇ مەسئۇل بولغان سندپتن 20 بالا ئالي مەكتەپكە ئۆتتى. كېين بۇنڭ نامى ۋلايەتكە

كەتكەچكە ئامالسىز مەكتەپكە مۇدىر قىلماقچى بوپتۇ. شۇ مەزگىلدە ناھىيىگە شېرىپ ۋالىي بېرىپ قاپتىكەن ساببرغا ئۇقتۇرماي ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ ھەممىنى دېدىم. ساببرغا قارىسام بۇ مۇدىرلىققا گول بولۇپ ئۆتىدىغاندەك، بىزنىڭ تۇپرىقىمىز شۇ جاڭگالدا قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، بىزنى پالىۋەتمىگەندىكىن ھېلىمۇ 20 يىل ئىشلەپ بەردۇق، بۇمۇ يېتەر. ئاڭغىچە ساببرنى مۇرۇمچىدىنمۇ تەلەپ قىلىپ قەغەز كەلگىلى تۇردى. شۇڭا شېرىپ ۋالىي ۋىلايەتكە يۆتكەلسۇن دەپ قول قويۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردىن ئاران قۇتۇلدۇق، قاراڭ، ھېلىمۇ سابىر مەندەك بىر ئايالغا ئۇچراپتىكەن...

— ئامىنە، — سابىر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — مېھمانغا گەپلا قىلىپ بېرەمسىز، ئۆزىڭىزمۇ ئۇسساپ قالغانسىز؟

— ۋىيىيەي، مەن گەپ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز جېنىم، مۇشۇ ساۋاقداشىڭىزنىڭ بىغەملىكىدىن سۆزلەپ قالاي دېدىم، قاراڭ، — ئامىنە ئورنىدىن قىچقىرىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. سابىر ئامىنەنىڭ قىلىقلىرىدىن خىجالەت بولغاندەك قىزىرىپ كەتكەندى. ئۇ غۇنچەمگە ئوڭايسىزلانغان بىر قىياپەتتە قارىدى ۋە:

— بۇنىڭغا ھە دەپ قويسا سۆزلەۋېرىدۇ، — دېدى.

غۇنچەم ئۆزىچىلا ئوڭايسىزلانغان ھالدا سافانىڭ تۇتقۇچلىرىنى سىلاپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇتقۇچقا يېپىپ قويۇلغان لۆڭگىگە چۈشتى. لۆڭگىلەر كىرنىڭ دەستىدىن دەسمالغا ئايلىنايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ ئىتتىك قولىنى تارتىپ ئالدىغا قاراۋالدى. ئۇ سابىرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قالدى.

— تېخى جايلىشىپ بولالماپسىلەر، — ئۇنىڭ ئاغزىغا شۇ گەپ ئاران كەلدى، — ئۆي كۆچمەكمۇ تەس...

— ئۇنى بىر دېمەڭ، بۇ ئەسكى - تۈسكىنى جاي - جايىغا كەلتۈرمەكمۇ بىر گەپ ئىكەن دەڭا، تاشلىۋەتەي دېسىڭىز بەزىدە لازىمى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئامىنەگە بىر ئىش ياراتماق تەس، ھېلى مايا قىقا يۆتكىگەن، ھېلى يەنە بولمىدى دەپ چوگۇۋاتقان، تۈنۈگۈندىن بۇيان مۇشۇ ھەلەكچىلىك.

— ئۆيمۇ كىچىك كېلىپ قاپتۇ، نەچچە بالىڭىز بار؟

— ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىمىز بار. بالىلار چوڭ بولۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا بۇ ئۆيگە قىسىلىپ قالغۇدەكسىلەر...

شۇ ئەسنادا داستىخان كۆتۈرۈپ ئامىنە كىرىپ كەلدى ۋە غۇنچەمنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى:

— ئۇنى بىر دېمەڭ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ناھىيىدە قىسىلىپ ئولتۇردۇق. ئەمدى چوڭراق شەھەرگە كېلىپ كەڭتاشا بولارمىزمىكىن دېسەم بۇ يەردىمۇ بىزنى بۇ ئەسكى ئۆيلەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. سابىر مۇدىر تۇرۇپ ئۆيى مۇشۇ بولسا ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيى بۇنىڭدىنمۇ ناچاردۇر تايىنلىق. ناھىيىدىكى ئۆيىمىزمۇ تۈزۈككىرەك ئىكەن.

— شۇنداق، — دېدى غۇنچەم ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — بۇ ئۆيلەر 1955 - يىلى

سېلىنغان ئىكەن، شۇنىڭدىن بۇيان تۈزۈك بىر كورپۇس ئۆي سالماپتۇ.

سابىر گەپكە ئارىلاشتى:

— قىزىق ئىش، شۇنچە كونا مەكتەپ تۇرۇپ ئەجەب قۇرۇلۇشقا كۆڭۈل بۆلمەپتۇ؟

— بۇ ھەقتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ پىكرى كۆپ، — دېدى غۇنچەم، — ئىلگىرىكى مۇدىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرمايتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى، يۇقىرىدىنمۇ نېمىشقىدۇر بۇ مەكتەپنى تاشلىۋەتتى. ئەمدى سىز كەلدىڭىز، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەمدى ھەل بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئۈمىد قىلىشىۋاتىدۇ، — غۇنچەم چاقچاق قىلغاندەك سابىرغا قاراپ قويدى.

— غۇنچەم توغرا دەيدۇ، — چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن ئامىنە گەپكە قوشۇلدى، — پارتىيە ھە دېسە زىيالىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈڭلار دەۋاتسا بۇ يەردە زىيالىيلارنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى مۇشۇ تۇرسا قانداق بولغىنى؟ بۇ چوڭ ئىشتە. سابىرا-خۇن ئەمدى ئاكتىپلىقنى مۇشۇنداق يەرگە ئىشلەتسە بولغۇدەك. قانداق دېدىم، غۇنچەم؟...

غۇنچەم بېشىنى لىڭشىتىپلا ئۇشۇق گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا ئامىنە سابىرنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. «بۇ سابىر نېمىشقا گەپ قىلالمايدۇ؟ بىرەر تىل قىسىن-چىلىقى بارمۇ ياكى ھازازۇللۇقىدىن قورقامدۇ؟ توۋا، سابىر شۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەت-تىمۇ؟ ...» غۇنچەمنىڭ كۆڭلىنى تۈرلۈك خىياللار كەزمەكتە ئىدى. سابىرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلە-دىكىنى سەزدىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ غۇنچەمگە قارىدى ۋە:

— قېنى، غۇنچەم چايدىن ئېلىڭا، — دېدى.

ئامىنە ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ: — سىزنىڭ بالىلىرىڭىزچۇ؟ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟ — دېدى.

غۇنچەم ئاغزىغا ئاپارغان پىيالىنى ياندۇرۇپ داستىخانغا قويدى:

— چوڭ بولۇپ قالدى ... مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

— يولدىشىڭىزمۇ مەكتەپتە ئىشلەمدۇ ياكى باشقا ئورۇندىمۇ؟ — سورىدى ئامىنە.

غۇنچەم ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈپ قويدى، سابىر ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانتىمغۇ؟

غۇنچەم بىر پەس نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئوڭايسىزلاندى. ئۇنىڭ تۇر-قىغا قاراپ سابىرمۇ ئالدىراپ سوراپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. غۇنچەم سابىرنىڭ سوئالىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئاستا-ئاستا قىزىللىقىمۇ تارقاپ چىرايى ئۆز ئەك-سىگە كەلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بىز ئايرىلىپ كەتكەنتۇق، — دېدى.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى، ھەتتا ھەرقانداق ئىشقا لايىقىدا گەپ قوشالايدىغان ئامىنەمۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ قالدى. سابىر ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلدى-دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى ...

غۇنچەم ئۇزاپ چىققان ۋاقىتتا خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى. ئامىنە چارچاپ كەت-كەچكىمۇ ئورنىنى سېلىپ يېتىپلا خورەك تارتىشقا باشلىدى. سابىر مېھمانخانىغا چىقىپ سافادا ياتتى. دېرىزىدىن ئاينىڭ غۇۋا شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. كېچە تىپتىنچ،

سالقىن ئىدى. ئۇ يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ھامانلا غۇنچەم كەلدى. ئوقۇغۇچىلىق ھايات، دەسلەپكى مۇھەببەت، جۇدالىق كۈنلەر بىر - بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. يېقىندىن بۇيان، بولۇپمۇ مۇشۇ مەكتەپكە يۆتكىلىش خەۋىرى چىققاندىن بۇيان غۇنچەم پات - پاتلا چۈشىگە كىرىدىغان بولۇۋالدى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئامىنەگە بۇ مەكتەپتە ساۋاقدىشىنىڭ بارلىقىنى دېمىگەنىدى. ئۇ نېمىدېگەن بىلەن ئايال كىشىدە.

«ئۇ نېمىشقا يولدىشىدىن ئاجرىشىپ كەتتىكىنا؟ — دەپ ئويلىدى سابىر ئۆزىچە، — شائىر دېگەنغۇ تۇتامى يوق خەق، بەلكىم باشقا بىرسىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالدىمىكىن، ھېچنەرسە دەپ بولمايدۇ، غۇنچەمدەك ئايالنىڭ قەدرىگە يەتمىسە ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى بار. چىراي دېسە چىرايى بار، ئېغىر - بېسىق، بىلىملىك ... يەنە نېمە كېرەك؟ ... ھوي مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، ئۇنى ئەمدى ئويلىماسلىقىم كېرەك. ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى، ئەمدى مېنىڭ ئويلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، بىزنىڭ تەقدىرىمىز بېكىتىلىپ بولدى، ئەمدى بالىلارنىڭ غېمىنى قىلىشىمىز كېرەك ... ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ كەلدىم، ئەمدى مەكتەپنىڭ غېمىنى يېيىشىم كېرەك، ئىش دېگەن تولۇپ يېتىپتۇ. ھەممىدىنمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرى بەكمۇ كونىراپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىر چارىسىنى قىلىش كېرەك، باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار قەۋەتلىك بىنالاردا ئولتۇرۇۋاتىدۇ، بۇ شۇنچە كونا مەكتەپ تۇرۇپ ھازىرغىچە مۇشۇ ھالەتتە تۇرسا، ھېلىمۇ ئوقۇغۇچىلار رازى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ، مەن مۇشۇ ئىشتا ئاز - تولا ئىش قىلالىغان بولسامتىم ...»

تورۇستىكى قەغەزنىڭ شىتىرلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى چېچىۋەتتى، چاشقانلار بولسا كېرەك، ئۇ باشتىن بۇ باشقا گۈلدۈر - گۈلدۈر يۈگۈرۈپ ئۆتتى ۋە تورۇسنىڭ گىرۋەكىدىن شىرقىراپ توپا قۇيۇلدى، بىر نەرسە ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە پوكلا قىلىپ چۈشتى. سابىرنىڭ تېنى شۈركىنىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، چىراغنى ياقتى.

ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى. ياندىكى ئۆيدىن بىرخىل رىتىملىق خورەك ئاۋازى كېلەتتى.

2

— قېنى، سابىر مۇدىر، ماۋۇ بىرە نېمىلەردىن ئالغاچ ئولتۇرسىلا، زېرىكىپ قالدىلا ھە، ئاخشام ۋالىينىمۇ ئېيتىپ قويۇۋىدىم، لېكىن بۈگۈن جىددىي بىر يىغىن چىقىپ قاپتۇ، بولمىسا ئۇ ئادەم كېلەتتى، سىلى ئۇ ئادەم بىلەن تازا ئەسرا بولمىدىلا ھەقاچان، چوڭچىلىقى يوق، كىچىك پېئىل ئادەم، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆرۈك پىشسا يەنە ئولتۇرارمىز، بۈگۈن پەقەت سىلىگە ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويايلى دەپلا ئاۋارە قىلدۇق، ئەمدى لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ مەن خۇش بولۇپ قالاي، ماۋۇ قاتتىق - قۇرۇقلاردىن ئالغاچ ئولتۇرسىلا ...

ئېگىز بويلۇق، قورساق سېلىپ كەتكەن، سوزۇنچاق قارامتۇل يۈزلۈك ئۆي ئىگىسى

قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ سابىرنى دەستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ بەستىگە باققاندا
يەلكىسى تار، بېشى ئۇچلۇق ئىدى. سېمىزلىك ئۇنىڭ پەقەت قورسىقى بىلەن بويىنىغىلا
يىغىلغان بولۇپ، ئادەمگە غەلىتىلا كۆرۈنەتتى. ئۇ شۇنداق سېمىز بولۇشىغا باقماي ھەرد-
كىتى ناھايىتى چاققانىدى. بۇ كىشى مەكتەپنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بارات
ئىدى. بۈگۈن ئۇ مەكتەپتە بىرىنچى بولۇپ سابىرنى ئۆيىگە چاقىرغانىدى.
سابىر ئۇنى دەسلەپ كۆرگەندە، تازىمۇ غەم يېمەس، ئىقتىدارسىز ئادەم ئوخ-
شايدۇ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
بۇ ئادەمگە باھاسى تامامەن ئۆزگەردى. ئىچىدە ئۇنىڭغا قايىل بولدى، ئۇ مەكتەپنىڭ
پۈتۈن مۈلكىنى يادقا بىلىدىكەن، بېرىلگەن پۇلنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى، مەكتەپكە جىددىي
زۆرۈر خىراجەت تۈرلىرىنى ناھايىتى ئىدىتلىق دوكلات قىلدى.
لېكىن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئادەمنىڭ ئانچە ياخشى گېپىنى قىلمايتتى.
ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا قارىغاندا ئىلمىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى ئەزىزنى ھۆرمەت قىلىشاتتى.
ۋىجىككىنە كەلگەن، دائىم قاپىقىنى سېلىپلا يۈرىدىغان بۇ ئادەم گەپ قىلغاندا سەل دۇ-
دۇقلايتتى. سابىر ئۇنى كۆزەتكەنسېرى ئىلمىي بۆلۈمنىڭ ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى رەتلىك
بولغانلىقىنى، ئەزىزنىڭ ناھايىتى تەلەپچان كىشى ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپى كونا، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. شۇڭا
سابىر ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن خېلى خاتىرجەم بولدى. ئۇنىڭ ئويىغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئۆي ئىشىلا كىرىشىپ بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆز ئويىدا ئىشنى شۇنىڭدىن
باشلاشنى نىيەت قىلدى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل كېرەك، يۇقىرىدىن پەقەت سېلىنى-
ۋاتقان ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كەم ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈنلا پۇل بېرىلىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ،
تېخى شۇمۇ نەق تەگسە چوڭ گەپ، دېمەك يەنە بىرنەچچە يىلغىچە ئۈمىد يوق دې-
گەن گەپ. ئۇنداقتا پۇلنى نەدىن ھەل قىلىش كېرەك؟
ئۇنىڭ خىيالىنى بارات بۇزدى:
— سىلىنىڭ كۆچۈپ كېلىشلىرىدىن تازا خەۋىرىمىز بولماپتۇ، — دېدى ئۇ سابىرنىڭ
پىيالىسىغا چاي قۇيۇپ تۇرۇپ، — بولمىسا ئۆيىنى بىرەر قۇر ياسىتىپ قويارگەنمىز، تازى-
مۇ سەت بولدى...
— ھېچقىسى يوق، مەكتەپنىڭ شارائىتى شۇ تۇرسا قانداق قىلىمىز.
— بىزنىڭزە مەكتەپتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقىمىز مۇشۇ مەسىلە بولۇپ قالدى، مەك-
تەپتە ئادەم يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ، مۇشۇ ياپتا ياشلاردىن بىرمۇنچىسى توي قىلىمىز،
ئۆي ھەل قىلىپ بېرىڭلار، دەپ باشنى ئاغرىتىۋاتىدۇ. بەزىلەرگە ئامال قىلالماي سىرتتىن
شەخسلەرنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ئۇ ئۆيلەرنىڭ قىممەتلىكچۇ، يۇقىرىغا
دېسەك پۇل يوقلا دېگەن، ھازىر بىرەر ئىشنى ھەل قىلماقمۇ تەس بولۇپ كەتتى. قارى-
سا مەكتەپنىڭ نامى بار، ئەمەلىيەتتە ھەممىدىن ۋەيرانە، كەمبەغەل مەكتەپ
بولۇپ قالدى.
— دەرۋەقە شۇنداق بوپتۇ، بىز ئىلگىرى تۇرغان ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ

ئۆيلىرىمۇ بۇنىڭدىن جىق ياخشى ئىكەن.

— توغرا دەيلا، بىزنىڭ بۇ ئۆيلەرگە ئوتتۇز نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ھېلىمۇ ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇرۇۋاتىدۇ ... يۇقىرىغا ھە دېسىلا دوكلات يازىمىز، بىزنىڭ ئىلگىرىكى مۇدىرلىرىمىز دوكلاتنىمۇ هارماي يېزىشتى، لېكىن بىرسىمۇ كارغا كەلمىدى، ھازىرقى ۋاقىتتا، قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ. يۇقىرىدىكىلەر «ھە، ماقۇل مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى» دەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن يىلنىڭ تەڭ يېرىمى ئۆتىدىكەن، ئۇ چاغ بولغاندا، ئەمدى كېلەر يىلى ئويلىشايلى دەيدۇ، ۋەسسالام ... بىز دوكلات يېزىپ هارمىدۇق، يۇقىرى مۇزاكىرە قىلىپ هارمىدى، كۈنىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆتۈۋاتقان.

— سىلىچە بۇنىڭ قانداق يولى بار؟ — سابىر ئۇنىڭ پىكرىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ سورىدى، — سىلى دېگەندەك بۇ ئىشنىڭ بىرەر چارىسىنى قىلمىساق بولمايدىغان يەرگە بېرىپ قاپتۇ.

بارات خۇشامەت بىلەن ھىجايدى.

— ئەمدى سىلى سوراپ قالدىلا ... ھازىر قارىسىلا ھەممە ئىش مۇناسىۋەت بىلەن، بىر-بىرىگە نەپ يەتكۈزۈش بىلەن پۈتىدىغان گەپ ئىكەن، ئەسلىدە ئۆتكەن يىلىلا خىراجەت ئاللايتتۇق، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ يولىنى ئۆزىمىز توسۇپ قويدۇق، قانداق دېمەملا، ئۆتكەن يىلى مائارىپ ئىدارىسى ئىدارە باشلىقلىرىغا ئۆي سالماقچى بولۇپ مۇۋاپىق يەر تاپالمىدى، ئەيسا جۇيجاڭ بىر كۈنى مېنى چاقىرىپ مەكتەپتىن ئازراق يەر ھەل قىلىپ بەرسەڭلار دەپ قالدى. ھېسابلاپ كۆرسەك ئۇلارغا ئىككى مودەك يەر كېتىدىكەن، مەنزە يەرنى بېرەيلى، لېكىن مەكتەپكىمۇ بىرەر يۈزمىڭ كوي ھەل قىلىپ بەرسىلە دېۋىدىم، ئۇ ئادەم ماقۇل بولدى. مەن قايتىپ كېلىپ ياسىن مۇدىرغا دېسەم سەكرەپلا كەتتى. سىلى ئۇ ئادەم بىلەن ئەسرا بولۇپ باقمىغانغۇ دەيمەن، ئاجايىپ پىرىنسىپچى، ئۆتۈپ كەتكەن كاج ئادەم، نېمە دەيدۇ دېسىلە، مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بار، ھېچقانداق ئورۇننىڭ مەكتەپ يېرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. مەركەزنىڭ يوليورۇقىغۇ بار، ئۇنىمۇ جانلىق ئىشلىتىش كېرەكتە. قانداق دېدىم؟ مەن ئۇ ئادەمگە مۇشۇ ئالقانچىلىك يەرنى دەپ چوڭ ئىشتىن زىيان تارتىپ قالارمىزمىكىن، دەپ قايتا-قايتا ئېيتتىم، ئۇئادەم زادىلا ئۇنىمىدى. ئاخىرىدا مانا قۇرۇق يەرنى تۇتۇپ يېتىۋاتىمىز، ھازىر مائارىپتىكىلەر بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپمۇ قويمايدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئەھۋالنى ئۇقماي مېنى تىللايدۇ لېكىن بىزدە نېمە ئامال؟ بەزىدە ئادەم زىدە بولۇپ خىزمەتتىنمۇ بەسىنىپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ ئۇ ئادەمدىن ئاران قۇتۇلدۇق جۇمۇسىلا، بولمىسا مەنمۇ يۆتكىلىپ كېتەي دېگەن يەرگە كېلىپ قالغانىدىم، راست.

سابىر باراتنىڭ دېگەنلىرىگە قىزىقىپ قالدى.

— مائارىپ ئىدارىسى ئۆيىنى سېلىپ بولدىمۇ؟

— ياق تېخى، مۇۋاپىق يەر تاپالماي تۇرۇۋاتىدۇ، ئەيسا جۇيجاڭنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئولتۇرغۇسى بار ئىكەن، ئاپالىنىڭ خىزمىتىگە قولايلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە با-

لىلىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئاڭلىسام باشقا مەكتەپلەر يەر بېرەيلى، دەپتىكەن، لېكىن بازاردىن چەترەك بولغاچقا ئۇلار ئانچە قىزىقمايۋاتقان ئوخشايدۇ، — بارات سابىرنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جانلاندى، — مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى مەكتەپتە ئولتۇرسا بىرەر ئىشنى ھەل قىلماقمۇ ئاسان دېسىلە، ئەتىسى، ئاخشىمى ئۆيگە كىرىپ دەپ تۇرىمىز، ئۇلارمۇ مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

«بۇمۇ توغرا، — ئويلىدى سابىر باراتنىڭ تەكلىپىگە قايىل بولۇپ، — كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق دېگەن گەپ بار. ئۇلار بۇ يەردە ئولتۇرسا ئېتىبار قىلىشى تۇرغانلا گەپ. ئاۋۋال يەرنىڭ ھېسابىغا بىر-ئىككى كورپۇس ئۆيلۈك پۇلنى ھەل قىلىۋالساق، كېلەر يىلى يەنە كۆرمەيمىزمۇ؟ ... بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك...»

سابىر شۇ خىياللارنى قىلىۋاتقاندا باراتمۇ بۇ يېڭى مۇدىرنى كۆڭۈل تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەممىگە پىشقان ئۆتكۈر كۆزى سابىرنى دىتلاپمۇ بولدى. «بۇ ئادەم ياسىندەك گىرى ئەمەستەك قىلىدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ئىشنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن باشلايدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ شۇنىڭ بىلەن ئابرويى قازانماقچى بوپتۇ، بۇمۇ تازا كەلگەن يېرى، ياسىن دېگەن پىت كۆز ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قول تىققۇزماي نۇرغۇن نەپتىن قۇرۇق قويدى، ماۋۇ ئادەم خېلى مەردتەك قىلىدۇ، ھەدەپ قويۇپ ئىشنى توغرىلىمايمەنمۇ...» بارات ئۆز ئويىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىۋاتقىنىدىن كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۇ ئۈمىد بىلەن سابىرنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى.

— بارات مۇدىر، — دېدى ئاخىرى سابىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەگەر مائارىپ ئىدارىسى يەرنىڭ ھېسابىغا بۇ يىل بىرەر يۈز مىڭ كوي پۇل ھەل قىلىپ بەرسە يەرنى بەرسەكمۇ بېرەيلىمىكىن، سىلى قانداق دەيلا؟

باراتنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

— ھازىر ئىشنىڭ يولى مۇشۇ، — دېدى ئۇ دەرھال ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — بۇ يىل چاتاق يوق پۇلنى بېرىدۇ، تازا توغرا ئويلاپلا، ئانداق بولسا بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەسەك بولار.

— ئاۋۋال ياچېيكىدا باشقا يولداشلارنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتكۈزەيلى.

— ھە، بوپتۇ، ئەمما ھېلىقى ئەزىز دېگەن ئاداشقا ئاۋۋال بىر خىزمەت ئىشلەپ قويمىسىلا تازا بىر تەتۈر نېمە، ئۆتكەندىمۇ ياسىن مۇدىرغا شۇ دوست تارتىشىپ ئىشنى بۇزغان، سىلىمۇ ئۇ ئاداشنىڭ خۇيىنى چۈشىنىپ قالغانلا؟ — بارات ئۆز سۆزىنىڭ قانداق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سابىرغا قاراپ قويدى.

— قانداق خۇيىنى دەيلا؟

— ئەمدى خەقنىڭ غەيۋىتى ئەمەس، سىلى يېڭى كەلدىلە، مەكتەپتىكىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تېخى ئوقۇپ كەتكۈدەك بولمىدىلا، بۇ زىيالىيلارنىڭمۇ ئىچىدە ھەرخىل ئادەملەر بولىدىكەن، ئەزىز بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچى، دەسلەپ مەنمۇ ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلاتتىم. لېكىن بىلىملا بولۇپ نىيەت تۈز بولمىسا چاتاق ئىكەن. كېيىن تازا زەن قويسام بۇ ئادەمنىڭ مەكتەپنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش ئىكەن. بۇنداق ئادەمنىڭ ھىيلە-نەيرىڭىمۇ كۆپ بولىدىكەن. شۇنىڭ دەستىدىن بىزنىڭ

بۇ مەكتەپتە مۇدىر تۇرمايدىغان بىر كېسەلگە قالدۇق، بىرسىنى قارا قورساق دەۋاتقان، بىرسىنى مائارىپنى بىلمەيدۇ دەۋاتقان، تاپمايدىغان گېپى يوق، خەقلەرنىڭ دېيىشىچە سىلى توغرىلىقمۇ گەپ تارقىتىپ يۈرگۈدەك.

— نېمە دەپتۇ؟

— ھەي، ئاڭلىمايلا قويسىلا...چىدىماسلىقتىن دېگەن گەپقۇ، ئەسلى ئۇ بۇ قېتىم ياسىنىڭ ئىزىغا چوقۇم مۇدىر بولىمەن دەپ ئويلىغانتى، قارىسا سىلى كەپ قالدىلا، شۇڭا جان ئاچچىقىدا ھە نېمە دەيدۇ-دە، مەنزە ئۆمرۈمدە بۇنداق ھەسەتخور، ئىچى تار ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن.

باراتنىڭ گەپلىرى سابىرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. ئۇ مەكتەپتە تېخى ئۆزى توغرىلىق بىرەر گەپ-سۆزنىڭ چىقىشىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. چۈنكى ئۇ تېخى بىرەر ئىشقىمۇ قول تىقمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە نېمىلەرنى دېگەندۇ؟ ياكى بۇ باراتنىڭ ئۆزىنىڭ تېپىۋاتقان گېپىمۇ يا؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئىككىسى ئوت بىلەن سۇ ئوخشايدۇ، قايەرگە بارسا بۇنداق ئىش بار ئىكەندە، ناھىيىدىمۇ مۇشۇنداق غىژ-غىژدىن تويۇپ كەتكەنىدىم، بۇ تۇرقىدا بۇ يەردىمۇ بار ئوخشايدۇ، مۇنۇ ئادەمنىڭ ئۆزى زادى قانداق ئادەمدۇ؟ غۇنچەمدىن بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقمايمەنمۇ، ئۇ مەكتەپكە كونا بولغاندىن كېيىن ئوبدان بىلىدۇ، بەلكىم مەن توغرۇلۇق نېمە گەپلەرنىڭ چىققانلىقىنىمۇ ئاڭلىغاندۇ؟

سابىرنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بارات مېنىڭ گېپىم تەسىر قىلدى دەپ ئويلىدى ۋە ئىچ-ئىچىدىن يايراپ كەتتى.

— مۇدىر، ھېرىپ قالدىلىغۇ دەيمەن، تاماق تەييار بولغىچە بىردەم ئارام ئېلىۋالاملا، — دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن.

— ياقەي، بىكار ئولتۇرۇپ نېمىگە ھارىمىز، — سابىر ئۆزىنى ئوڭشاپ ئولتۇردى، — ئۇنىڭدىن كۆرە باغلىرىنى كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟



— بولىدۇ. بولىدۇ، دەرۋەقە ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىپ كەتتى، بۈگۈن ھاۋا بۆلەكچىلا قىزىۋاتىدىغۇ، — بارات چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سابىرغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

ھويلا خېلى چوڭ ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىنى ئۈزۈنىسىغا كەتكەن ئۈزۈم بارىڭى ئىگىلىگەنىدى. باراڭنىڭ كەينى تەرىپى كۆكتاتلىق بولۇپ، ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنى مېۋىلىك باغ قورشاپ تۇراتتى. باغنىڭ يېنىدىن چاققانغىنا بىر ئېرىق سۇ ئېقىۋاتاتتى. سابىر باغنى ئارىلاپ ماڭدى. باغدا ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار ئىدى. لاپاستا

يېقىن يەرگە چوڭ بىر توپ ئەنجۈر جايلاشقانىدى. دەرەخلەرنىڭ ئارىسى ياپيېشىل چىملىق ئىدى.

باغنىڭ نەمخۇش سالقىن هاۋاسى سابىرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، قەيەردىدۇر كاككۇكنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئارىلاپ چوڭ يولدىن ئۆتكەن هارۋىلارنىڭ تاراقشىشى، كىمنىڭدۇر ئۇزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بۇ باغ سابىرنىڭ يۇرتىنى ئېسىگە سالدى. سابىر كىچىك چاغلىرىدا ئۇلارمۇ مۇشۇنداق باغلىق مەهەللىدە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بېغىدا كۆپرەك ئالما، گىلاس قاتارلىق مېۋە بولىدىغان، پات-پاتلا دادىسىنىڭ ئاغىنىلىرى باغدا مەشرەپ ئويناشاتتى. ئۇنداق كۈنلىرى ئۇلارنىڭ هويلىسى بايرامدەك قىزىپ كېتەتتى، سابىرنىڭمۇ دۇكانغا يۈگۈرۈشى كۆپىيەتتى، هەر قېتىم ئاپىسى ئۇنى دۇكانغا بۇيرۇغاندا، ئۇ ئاپىسىنىڭ بەرگەن پۇلىدىن ئۇنىڭ تېيىننى قايرىپ خوراز كەمپۈتتىن بىرنى ئېلىپ يەيتتى. سابىر ئۈچۈن هەممىدىن هۇزۇرى شۇ ئىدى...

بارات ئۆيدىن بىر پارچە گىلەمنى ئېنجىقلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ ئېرىق بويىدىكى قېرى ئۈجمە تۈۋىگە سالدى.

— قېنى گىلەمگە كەلسىلە، — دېدى ئۇ بىر بوتۇلكا پىۋىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ پىيالىلەرگە قۇيدى، — ئۇسساپمۇ قالغانلا، ئىچىپ باقسىلا.

— باغلىرىدا هەممە نېمە بار ئىكەن، كۆزدىن جەننەت بولۇپ كەتكۈدەك-تە، — سابىر گىلەمگە ئولتۇرۇۋېتىپ دېدى.

— ئىچ پۇشۇقىنىڭ ئورنىدا قىلىپ قويغانتۇق، يامان ئەمەس، — بارات پىيالىدىكى پىۋىنى كۆتۈرۈۋېتىپ دېدى، — ئىلگىرى مەن دېهقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدا ئىدىم، مېۋىلەرنى ئۇلاشتىن ئاز-تولا خەۋىرىم بار، باغدىكى مۇشۇ كۆچەتلەرنىڭ هەممىسىنى ئۆزۈم ئۇلىغان. ئەمدى قارىسىلا، ئەل-ئاغىنىلەر بار ئىكەن، ئۆيۈڭ خالىي دەپ چىقىپ قالىدۇ، شۇلارنى دەپ ئەنە ئاۋۇ كاۋاپدانىنىمۇ ياسىتىپ قويدۇم.

— مەشرەپمۇ ئويناپ تۇرىمىز دېسىلە.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆرۈك پىشسا ئۇنىمۇ باشلىۋالىمىز، شېرىپ ۋالىيمۇ تولا چىقىدۇ، سىلى ئۇقمايلا، قالتىس ئويۇنچى ئادەم ئۇ. سەللا ئىچى پۇشۇپ قالسا ئۆزى تېلېفون بېرىدۇ. نەچچە ياز بولدى، ئۆيىنى سالىمەن دەپ چولا تەگمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. بولمىسا ماتېرىيالىنىمۇ تەق قىلىپ قويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خوجىلىق دېگەننىڭ ئىشى بولۇمسىز خوتۇننىڭ چېچىدەك چىگىش، جاڭگال بىر ئىشكەن، بۇ مۇئەللىملەر بىر ۋاراق قەغەز لازىم بولسىمۇ مېنى ئىزدىگەن، ئوچۇقىدىن ئىس يېنىپ كەتسىمۇ مېنى تۇتقان، ئۇششاق-چۈششەك ئىشتىنمۇ قول بىكار بولمايلا كېتىدىكەن، يازلىقى مۇئەللىملەر ئىككى ئاي تەتىل قىلىدۇ. قىشتا يەنە قىشلىق تەتىلى بار. بىزگە بولسا بىر كۈنمۇ ئارام يوق ئەمەسمۇ، خوتۇن هەر ياز كەلسە بىر قاقشايدۇ، باللار چوڭ بولۇۋاتىدۇ، تەييارلىقنى قىلمايمىزمۇ دەپ كوتۇلدايدۇ. ئايال كىشىنىڭغۇ گېپى تۈگىمەيدۇ، مەن بەزىدە خاپا بولۇپ «هەي خوتۇن، هېلىمۇ مۇشۇنىڭغا شۈكرى قىل، بىزنىڭ مەكتەپتە نى-نى كونا ئو-

قۇتقۇچىلار ئىككى ئېغىز كونا ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارغا قارىغاندا بىزنىڭ كونىراق بولسىمۇ ئۈچ ئېغىز ئۆيىمىز بار، هويلا - ئارامىمىزمۇ كەڭتاشا، هېلىمۇ ئاتا - ئانىمىز قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا بىزمۇ ئاشۇلاردەك تارچۇقتا قىسىلىپ ئولتۇراتتۇق» دەپ بېسىپ قويىمەن. ئۆزۈمنىڭ خىيالىدا بۇ يىل بىر غەيرەت قىلىپ باقارمەن دەۋاتىمەن. هازىر خەقلەر ئۆيىنى قالتىس سالىدىغان بولۇپ كەتتى. بازاردىن چىققۇچە كۆرگەنلا، مانا مۇشۇ ياندىكى قوشنىمىز ماشىنىچىلىق قىلىدۇ، بالىلىرىمۇ جىق، سېلىۋەتكەن ئۆيىنى كۆرسىلە، ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ، يۇقىرىسىدا تېخى ئادەم ئەيمەنگۈدەك نى - نى ئۆيلەر سېلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ بولسا مانا شۇ. بۇ يىلىزە ئىرادەم خېلى چىڭ، خۇدايىم ئامانلىقنى بەرسە ئۆز خىيالىمدا ماۋۇ تال ئۈزۈمنى ئۇ چەتكە يۆتكەپ كونچىقىشقا ئالدىنى قىلىپ ئالتە ئېغىز ئۆي سېلىش پىلانىم بار. ئەگەر كۆڭۈللىرى تارتسا بىللە ئولتۇرارمىز...

— رەھمەت، — سابىر باراتنىڭ تۈيۈقسىز تەكلىپىدىن هودۇقۇپ كەتتى، — سىلىنىڭ ئۆيىنى ئىگىلىۋالساق قانداق بولىدۇ؟

— بالىلار هەممىسى ئوقۇشقا كەتتى، هازىر ئۆيدە بىز ئۈچ جانىلا قالدۇق. هازىر بىزگە ئوشۇق دەيمەنغۇ، قېنى ئاۋۋال بىر سالاي تېخى...

باراتنىڭ ئايالى چىقىپ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، سابىر بۇ يەرنى قىيمىغان هالدا ئورنىدىن تۇردى.

## 3

بۇ مەكتەپنى ئەڭ دەسلەپ سالغۇچىلارنىڭ خېلى دىتى بار ئادەملەر بولسا كېرەك، مەكتەپنى تولىمۇ هاۋالىق يەرگە قۇرغانىدى. مەكتەپنىڭ غەربىي تەرىپى شەهەرنى قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن چوڭ دەرياغا، ئىككى يېنى بولسا ۋىلايەتتىكى ئەڭ چوڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىغا تۇتىشاتتى. مەكتەپنىڭ دەرياغا تۇتاشقان تەرىپىدە خېلىلا چوڭ بېغى بار ئىدى. باهار پەسلىدە مەكتەپنىڭ ئىچى رەڭگا رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركىنىپ، بۆلەكچە چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. ئىلگىرى بۇ يەر شەهەرنىڭ چېتى هېسابلىنىپ، ئانچە دىققەتنى تارتمىغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەهەر مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېڭەيدى، دەرياغا كۆۋرۈك چۈشتى، هازىر مەكتەپنىڭ ئالدى ئاۋات كوچىغا ئايلاندى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مەكتەپنىڭ ئورنىغا كۆز تىكىدىغانلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. 60 - يىلنىڭ باشلىرى مەكتەپنىڭ ئورنىغا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلىدىغان گەپ چىقتى، دەرۋەقە هەر خىل ئەسۋاب - سايمانلارنى كۆتۈرگەن كىشىلەر پەيدا بولۇپ ئۆلچەشكە باشلىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ ۋىلايەتنىڭ تەستىق قەغەزلىرىنى كۆرسىتىپ رەسمىي سۆھبەتكە كەلدى، كېلىشىم بويىچە ئۇلار شەهەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى سايلىقتا مەكتەپنى سېلىپ بېرىدىكەن، مەكتەپنىڭ هازىرقى ئورنىنى ئۇلار ئىگىلەيدىكەن. شۇ چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرى

يۇسۇپجان كەلگەنلەرنى ئىللاپ ياندۇرۇۋەتتى ۋە بۇ ئىشنى شۇ كۈنلەردە ئېچىلىۋاتقان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سالدى. بۇ ئىش قۇرۇلتايدا چوڭ غۇلغۇلىغا سەۋەب بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىكار قىلىندى، مەكتەپ ئۆز ئورنىدا ساقلىنىپ قالدى، ئەمما يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن يۇسۇپجان مەكتەپتىن يۆتكەپ كېتىلدى. ئىككىنچى قېتىم مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىرى يۇقىرىنىڭ بۇ مەكتەپكە يەنە كۆزى چۈشتى ۋە مەكتەپنى قەبرىستانلىققا يۆتكەپ، بۇ يەرنى كادىرلار ساناتورىيىسى قىلماقچى بولۇشتى. بۇ قېتىم مەكتەپنىڭ باشلىقلىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئەمما ئوقۇتقۇچىلار ئۆكتى قوپتى. ئۇلار ئاپتونوم رايونغا، مەركەزگىچە ئەرز سۇندى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىپ پىكىر ئالدى، شۇنىڭ بىلەن كۆچۈرىدىغان گەپمۇ جىمىپ قالدى. مەكتەپمۇ ساقلىنىپ قالدى. لېكىن يەنە ئىگى-چاقىسى يوق ئورۇندەك تاشلىنىپمۇ قالدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ بۇ مەكتەپ بىلەن خۇشى قالمىدى، ئۇ خۇددى ئاشقان-تاشقاننى يەيدىغان يېتىم بالىدەك بولۇپ قالدى. مەكتەپتىكىلەر ئۇزۇن يىل يىغلاپ-قاقشاپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە بىر ئوقۇتۇش بىناسى سالدۇردى، ئۇلار شۇنىڭغا بولسىمۇ شۈكرى-قانائەت قىلىشتى.

مەكتەپنىڭ ھالى مۇشۇ ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يۇقىرىنىڭ ئىنساپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ ياكى بىرەر چارە ئىزدەپ بېقىش كېرەكمۇ؟ سابىرنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قاتتى. ئاخىر ئۇ باراتنىڭ تەكلىپىنى لايىق كۆردى. ئۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامال بار. كىم بىكارغا پۇل تاشلايدۇ...

سابىر پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ بۇ مەسىلىنى قويدى. بارات دېگەندەك ئاۋۋال ئەزىز قارشى چىقتى:

— بۇ قىزىق ئىش ئىكەن، — دېدى ئۇ تېرىكىپ، — بۇ مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر مەكتەپلەرنىڭ بىر غېرىچ يېرىگە تېگىشكە بولمايدۇ، دەپ تازا سۆزلىشىدۇ. ئەمدى ئۆزلىرى قوپۇپ مەكتەپنىڭ يېرىگە قول ئۇزۇتىدىكەن، بۇ نەق «ھەممىنى مۇللام بىلەر، مۇللام قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەننىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟

— بۇمۇ ئامالنىڭ يوقىدىن بولۇۋاتىدۇ، — دېدى سابىر ئاخىرىدا، — بىزنىڭمۇ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى، ھازىر راست گەپنى قىلغاندا قۇرۇق يىغىنغا ھېچكىم ئەمچەك سالمايدىغان گەپ ئىكەن. ئازراق يەرنى بەرگەنگە قىسلىپ قالماسمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى بىلەن ئارىنى بەك ئايرىۋەتسەك زىياننى ئۆزىمىز تارتىپ قالارمىزمىكىن. شۇنداق قىلىپمۇ مەكتەپ چەتكە قېقىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. يولداشلار ئەتراپلىق ئويلاپ باقساق.

بارات سابىرنىڭ پىكرىنى قوللىدى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى توختى بىلەن يەنە بىرەيلەنمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئاخىرى يىغىن يەر بېرىش ھېسابىغا ئائىلىلىكلەر قورۇلۇشىغا پۇل ھەل قىلىش قارارىغا كېلىشتى. يىغىندىن چىقىۋاتقاندا ئەزىز سابىرنى توختىتىۋېلىپ:

— مەن سىزنىڭ ياخشى نىيىتىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ سابىرغا، — ئەمما مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر مەكتەپتىن يىراقراق ئولتۇرسا ياخشىراق بولاتتى، ئۇلار دېگەن بىزگە

قېيىن ئانا ئۆرنىدا، ئامال بار قېيىن ئانىدىن يىراقراق يەردە ئۆي تۇتقىنىمىز تۈزۈك ئىدى. كېيىنچە بېشىمىزغا پىت سېلىۋالمىساق بولاتتى.

سابىر ئىچىدە كۈلۈپ قويىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ بۇ ئادەمنىڭ ئەيسا جۇيجاڭ بىلەن ئېپى كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ئەزىزنىڭ ھازىرقى سۆزىنى شۇ ئاداۋەتتىن دەۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى سابىر باراتنى باشلاپ مائارىپ ئىدارىسىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئەيسا جۇيجاڭ ئىشخانىسىدە بار ئىدى.

— كېلىشلى، كېلىشلى، — ئەيسا جۇيجاڭ ئۇلارنى تولىمۇ ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى، ئالايىتەن ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ سافاغا تەكلىپ قىلدى، — ئىككىلىرىنى بۈگۈن قانداق شامال ئۇچۇرۇپ ئەكىلىپ قالدى؟

ئاق سېرىق، چىرايىدىن ھەمىشەملا كۈلكە كەتمەيدىغان بۇ ئادەم توغرۇلۇق سابىر ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. بەزىلەر ئۇنى ئۆتۈپ كەتكەن ھىيلىگەر تۈلكە دېيىشەتتى، يەنە بەزىلەر بولسا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، دىتى بار ئادەم دەپ تەرىپلىشەتتى. سابىرغا بولسا ھازىرچە ئۇنىڭ بىرلا تەرىپى — كىبىرىنىڭ يوقلۇقى ياردى. سابىرنىڭ ئادەتتە ئەمەلنى پەش قىلىپ گىدىيىپ، سۇرلۇك بولۇۋالىدىغان كىشىلەر بىلەن خۇشى يوق ئىدى.

ئەيسا جۇيجاڭ تارتمىسىدىن بىر قاپ ئالىي دەرىجىلىك تاماكا ئېلىپ ئۇلارغا تۇتتى. بارات ئادەتتە چەكمىسىمۇ باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغىسى كەلمىدىمۇ تاماكىنى ئورنىدىن تۇرۇپ قوبۇل قىلدى.

— سابىر مۇدىر ئۆي - پۆيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالدۇقمۇ؟ — ئەيسا جۇيجاڭ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى سافاغا ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدى.

— ئورۇنلىشىپ قالدۇق.

— ئۇبدان بوپتۇ، ئەسلىدە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسى بويىچە سىلى كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن پەتە قىلىپ ھاردۇق سورايدىغان يولىمىز بار ئىدى. بۇنىڭغىمۇ يېتىشىپ بولالمىدۇق. ئۆيدىكىلەر بىلەن نەچچە دېيىشتۇق بولمىسا، ئەجەب بىر ئالدىراشلا بولۇپ كەتتۇققۇ تاڭ. مانا مۇشۇ بارات مۇدىرنىڭ مەلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى خېلى بولدى، يا بارات مۇدىر ئۆزىمۇ ئۇجمە - پۇجمە يەپ كېتىڭلار دېمەيدۇ، — ئۇ باراتقا قاراپ چاقچاق قىلدى.

— ھەر قايسىلىرىنىڭ ۋاقتىلا بولسا بىز تەييار جۇيجاڭ.

— سابىر مۇدىرمۇ كۆچۈپ كەلدى، ئەمدى بىر چىقمىساق بولمايدۇ، قانداق دېدىم سابىر مۇدىر؟ بارات مۇدىرنىڭ قالتىس بەلەن بېغى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلاپ كاۋاپ - پاۋاپمۇ يەپ تۇرمىساق قۇشناچىمىنىڭمۇ پىكرى چىقىپ قالىدىكەن، ھا - ھا - ھا...

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئاندىن ئۇ ئۇجمىنىڭ پايدىسى، ئۆزىنىڭ نېرۋا ئاجىزلىقىنى قانداق داۋالىغانلىقىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلەشكە باشلىدى. گەپ سوزۇلغانسېرى سابىر ئىچى پۇشۇپ تىتىلداشقا

باشلىدى. ئۇ بىرەرسىنىڭ كىرىپ باشلىقنى چاقىرىپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. ئۇ بىر - ئىككى قېتىم ئەتەيگە سائىتىگە قاراپ قويدى. لېكىن باشلىق ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن ھەدەپ قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

«تازا بىر تېتىقسىز ئادەممۇ نېمە، — سابىر ئاخىرى بىزار بولۇشقا باشلىدى، — بايىلا تېخى ئالدىراشلىقتىن قاقشاۋاتاتتى، مانا بىز كىرگىلى بىر سائەت بولاي دەپتۇ، نەدىكى بىر يوقىلاڭ گەپكە چۈشۈپ كەتتىغۇ؟»

شۇ ئارىدا ئۈستەلدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ باشلىقنى گەپتىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى. سابىرمۇ يېنىك تىن ئېلىپ باراتقا گەپنى باشلايلى دېگەندەك شەرەت قىلدى. تېلېفون قايسى بىر مەكتەپتىن كەلگەندەك ئىدى. باشلىق سائىتىگە قاراۋېتىپ قارشى تەرەپكە يېرىم سائەتتىن كېيىن باردىغانلىقنى ئېيتتى.

— مانا مۇشۇنداق بىردەم خاتىرجەم ئولتۇرغىلى بولمىغان، — دېدى باشلىق تۇرۇپكىنى قويۇۋېتىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە لىيۇ جۈيجاڭ بالنىستا يېتىپ قالغاچقا يالغۇز ئۆزۈم ئىشلارغا يېتىشەلمەي قالدىم. ئىككىلىرى بىرەر ئىش بىلەن كېلىشكەنمىتىلە؟ يا...

سابىر ئالمان - تالمان ئۆزە بولۇپ مەكتەپنىڭ ئۆي ئەھۋالىنى قىسقىچە دوكلات قىلدى. ئەمدى باشلىقنىڭ باياتىنقى خۇش چاقچاق كەيپىياتى نەلەرگىدۇر يوقاپ، ئېغىر بېسىق، سالماق قىياپەتكە ئۆتكەنىدى. ئۇ سابىرنىڭ گەپلىرىنى خۇشياقمىغاندەك تىڭشاۋاتاتتى، ئارىلاپ ئالدىدىكى ھۆججەتلەرنى ئېلىپ ۋاراقلاپ قوياتتى، ئاخىرى ئۇ سابىرنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— مەكتەپنىڭ ئەھۋالىدىن بىزنىڭمۇ خەۋىرىمىز بار، — دېدى ئۈستەلنى قولىدا چېكىپ تۇرۇپ، — ھېلىمۇ يىغىنلا بولسا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىۋاتىمىز، بىزمۇ سىلەردىن بەكرەك غەم يەيمىز، لېكىن بۇ يىل تەس ئوخشايدۇ، يۇقىرىدىن قۇرۇلۇش خىراجىتىگە بىر تىيىنمۇ بەرمىدى. ھېلىمۇ ئوقۇتۇش بىناسىنى سېلىۋالدىڭلار، شۇنىمۇ مىڭ تەستە ھەل قىلدۇق. ھېلى ئاپتونوم رايونغا يۈگۈرگەن، ھېلى ۋالىي، شۇجىلارغا يالۋۇرغان، قىلىنمۇ بولۇپ كەتتۇق، مەكتەپتىكى ئاغىنىلەر ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق. ياسىن مۇدىر دېگەن ئاداشقۇ ھەممە يەردە بىنانى مەن سالغۇزدۇم دەپ پو ئېتىپ يۈرۈپتۇ، ئۇ نېمىنى ھەل قىلدۇ، قۇرۇق دوكلات يېزىشنىلا بىلدۇ، شۇنداقمۇ بارات مۇدىر؟

— شۇنداق، شۇنداق...

— ھازىر قارىسىلا، قۇرۇق ئىلتىماسقا نېمە ھەل بولىدۇ. قىيىنچىلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ھەممە ئورۇندا ئۆزىگە چۇشلۇق بار، ھەممىنىڭ قىيىنچىلىقنى بىر دورەمدە ھەل قىلدىغانغا نەدە ئۇنچىۋالا پۇل، بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق دىت - پەم بولۇش كېرەكتە. مەن سىلەرگە كۆپرەك دەۋىرەي دېسەم باشقىلار، «ھە، مانا، بۇ ئەيسا جۈيجاڭ 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بەك يان باسىدۇ» دېيىشىپ چىقىدۇ. ھېلىمۇ ئاز گەپنى ئاڭلىمىدۇق. بوپتۇ، ئۇقتىلىق كونا مەكتەپ، باللىرىمىزمۇ شۇ يەردە ئوقۇيدۇ، قولىمىزدىن كەلگىنىچە ئىش قىلىپ قويايلى، بۇ جۈيجاڭلىقمۇ بىزگە باقىۋەندە ئەمەس، دەپ خەقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىۋاتىمىز، لېكىن شۇنچىلىك قىلساق مەكتەپلەر يەنە بىزدىن رازى ئەمەس؛ ئەڭ ئەقەللىسى ئۆتكەن يىلى سىلەرنىڭ ئاشۇ بىناغا پۇل كەملەپ قالدى، يەرلىكتىن زادىلا

ئامال بولمىدى، ئاخىرى ۋالىيلار مېنى ئاپتونوم رايونغا ئەۋەتتى، مەنزە قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ، ئاز-تولا بىر نەرسە ئالغاچ باراي دەپ مەكتەپكە ئۈچ-تۆت ساندۇق نەشپۈت قاچىلاپ بەرسۇن دەپ ماشىنا ئەۋەتتىم. ياسىن مۇدىر دېگەن ئاداش نېمە قىپتۇ دېمەمسىلەر، ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك بىر ساندۇق نەشپۈت ئەۋەتىپتۇ. بارات مۇدىر سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بارغۇ دەيمەن؟

بارات ئۈستىكلا بېشىنى لىڭشىتتى.

—راست، مەن شۇ چاغدا ياسىن مۇدىر بۇ ئىشىمىز قاملاشمىدى دېسەم ئۇ تەرسالىق قىلىپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇڭا خەقلەرمۇ بىلىپ «قاتتىق» دەپ لەقەم قويۇشقان-دە.

—نەشپۈتنى بەرمىسىمۇ مەيلىتى، تېخى مېنىڭ ئۈستۈمدىن بىرمۇنچە گەپ تارقىتىپتۇ. سىلەر بىلىسىلەر ماڭا كېلىدىغان نەشپۈت ئازمۇ... مەن ئۆزۈمچە بۇ ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئىشى بولغاندىكىن دەپتىمەن. لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلار چۈشەيلىك قىلغاندىن كېيىن ھەل بولغىنىچە بولار، دەپ قۇرۇق قول بارغىلى بولامدۇ، ئاخىرى ماشىنىنى تۇغقانلارنىڭكىگە ئەۋەتىپ قاچىلىتىپ كەلدىم، باقسا-كۆرسە تۆت-بەش ساندۇق نەشپۈت دېگەن قانچە تۇرىدۇ، ئۆتۈپ كەتسە بىرە يۈز كويلۇق ئوقەت، باغ دېگەندە ئۈنچىلىك نەرسە تۆكۈلۈپ سېسىپمۇ كېتىدۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ نېمە ئادەمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدۇ ئەمەسمۇ!؟ دەرۋەقە ئاشۇ قېتىم ئون تۈمەن پۇل ھەل قىلىپ كەلدىم، بۇ ئىشلارنى مەكتەپتىكى ئاغىنىلەر بىلمەيدۇ، قارىسىلا، راستىنى ئېيتقاندا بۇ مەكتەپكە بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشتىن پەندىيات قىلدىم.

سابىر باشلىقنىڭ سۆزىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزدى. بۇ تۇرقىدا ئۇنىڭغا مەكتەپنىڭ يېرىمىنى بېرەيلى دېسىمۇ ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سابىر نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇنى سەزگەن بارات ئالمان-تالمان گەپكە ئارىلاشتى.

—ئەيسا جۈيجاڭمۇ توغرا ئېيتىدۇ، بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ قالتىس ئادەملەر بار، يا ئۆزى قىلالمىغان، خەق قىلسا ئۇنىڭغا چىدىمىغان، يەپ كەتتى، ئىچىپ كەتتى، دەۋاتقان. زادى ياخشى بولغىلى بولمايدۇ. ئەمدى جۈيجاڭ، ئۇنداق گەپلەرنى تىڭشاپ كەلسەك ئىش جىق، بېشىمىزنى سىلى سىلىمىسىلا كىم سىلايدۇ، سىلىگە يىغلىماي كىمگە يىغلايمىز؛ قانداق دېدىم سابىر مۇدىر؟

سابىر مەقسەتنى ئۇچۇق قويدى:

—مەن مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇقسام مەكتەپكە يەرنىڭ گېپىنى قىلىشىپتىكەنلا.

ئەيسا كىنتىك ئۇنىڭغا قارىدى.

—ھە، بۇ دەسلىپىدە دەپ باققان گەپ ئىدى. ھازىر باشقا يەردىن ئۇقۇشۇۋاتىمىز.

—بىز مەكتەپتە مۇزاكىرە قىلدۇق، ھەممەيلەن يەرنى بېرىشكە قوشۇلدى.

ئەيسانىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ بۇ گەپ راستمۇ دېگەندەك باراتقا قاراپ قويدى.

—سابىر مۇدىرنىڭ پەمى بار ئادەم ئىكەن جۇمۇ، —ئەيسا باراتقا قاراپ دېدى،— ئۇياقتىن كېلىپ بۇياقتىن بىزنى قاپقانغا دەسسىتەي دەۋاتامدۇ نېمە؟

—بىز بىر ئائىلىدە جۇيجاڭ...

ئەيسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ يايراپ كەتتى. مەكتەپنىڭ ئورنىدەك قاملاشقان يەر نەدە بار. بازار ئىچى، مەنزىرىسى ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورنىمۇ كەڭ. ھويلا ئارامىنىمۇ كەڭتاشا قىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ تەلىپىمۇ يۇقىرى ئەمەس، بۇ يىل بىرەر كورپۇسلۇق پۇلنى بەرسەك رازى بولىدۇ. لىۋ جۇيجاڭ تېخى قايسى كۈنىلا ئۇنىڭغا مەكتەپ بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ بېقىشنى ئېيتقانىدى. مانا بۈگۈن ئۆز ئاغزىدىن ماقۇل بولۇۋاتىدۇ، ئىش مۇنداقمۇ ئوڭ كەلگەن بارمۇ؟ بۇ يېڭى مۇدىر ئىش كۆرمىگەن، ساددا ئادەمدەك قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالىدىغان ئوخشايمىز...

—بىز ئەڭ ياخشىسى مەكتەپتە ئولتۇرمىغىنىمىز ياخشىتى، —ئەيسا چاندۇرماستىن دېدى، —دەسلەپ يەرنىڭ گېپىنى مەن دېگەنتىم، كېيىن ئويلاپ باقسام تازا ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن باشقا ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقان. قېنى، سىلەر ئالايىتەن كەپسىلەر، بىز لىۋ جۇيجاڭ بىلەن بىر مەسلىھەتلىشىپ باقىلى، سىلەر ھەقاچان يەرنى بىكارغا بەرمەيسىلەر، ئۆيۈڭلارمۇ ھەقىقەتەن بەك كونىراپ كەتتى. باشقا مەكتەپلەرنىڭكىدىن ئازراقتىن قىسىپ بولسىمۇ بۇ يىلچە بەش-ئون ئائىلىلىكنى ھەل قىلارمىز، بىز بىر مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن بىر نېمە دەيلى.

«خاننىڭ ئاغزى مايمۇن» دېگەن شۇدە. باشلىقنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن بىردەمدىلا شۇنداق چوڭ مەسىلە ھەل بولدى. خۇدا بۇيرۇسا ئىككى-ئۈچ يىلغىچە مەكتەپنىڭ ھەممە ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. ئەيسا دېگەندەك باشلىق دېگەندە تەدبىر بولۇش كېرەك ئىكەن، ئۇ مانا تۇنجى قەدەمنى ئوڭۇشلۇق دەسسىدى.

سابىر مائارىپ ئىدارىسىدىن يېنىپ چىققاندا ئۆزىنى شۇنداق يېنىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەمدىكى قىلىدىغان ئىشلار بىر-بىرلەپ تىزىلىپ كېلىشكە باشلىدى.

## 4

سابىر ئەمدى ئۆيىگە قايتاي دەپ تۇرۇشىغا مائارىپ ئىدارىسىدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفوننى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەيسا بەرگەنىدى.

—سىلىگە بىر خۇش خەۋەر، —دېدى ئۇ تېلېفوندا، —ئەتىگەن تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەپتۇ، سىلىنى بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئالتە ئايلىق ئۆگىنىشكە بەلگىلەپتۇ، ۋىلايەتكە بىر سان كەپتىكەن، بۇ سىلىگە نېسىپ بوپتۇ. سىلى بېيجىڭغا بېرىپ باققانمۇ؟...

سابىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ مەكتەپكە كەلگىلى تېخى بىرەر ئايدىن ئاشتى، ئۇ خىزمەتنى ئەمدى قولغا ئېلىۋاتاتتى، ئەڭ مۇھىمى ئائىلىلىكلەر قورۇلۇشىنى باشلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ كۈن ئارىلاپلا مائارىپ ئىدارىسىگە چېپىۋاتاتتى، لېكىن ئەيسا جۇيجاڭ تا ھازىرغىچە

«جۈيجاڭلار بىلەن باش قوشۇشالمايۋاتىمىز» دەپ ئېنىق جاۋابنى بەرمەيۋاتاتتى. كۆڭۈل ئۈزارغانسېرى سابىر ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئاۋادا ئۇ ئۆگىنىشكە كېتىپ قالسا بۇ ئىشقا كىم ماڭىدۇ، باراتمۇ؟...

—بېيجىڭغىمۇ بېرىپ باقمىغان، —دېدى سابىر بوشاشقان هالدا، —ناهايىتى ئوبدان پۇرسەت ئىكەن، شۇنىسى ئۆزلىرىنىڭمۇ خەۋىرى بار، مۇئاۋىن مۇدىر بالنىستا يېتىۋاتىدۇ، مەن كېتىپ قالسام مەكتەپتە ئادەم قالمىغۇدەك.

—تەشكىلات بۆلۈمىگە بىزمۇ دېدۇق، لېكىن ئۇلار بىزنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پارتكوم بېكىتكەن دەيدۇ، قارىغاندا سىلىگە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كۆزى چۈشكەندەك قىلىدۇ. هى...هى...هى...

ئۇنىڭ كۈلكىسى سابىرغا مەسخىرىدەك تۇيۇلدى.

—قۇرۇلۇشنىڭ ئىشى توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلىشالىدۇقمۇ؟

—شۇنىڭغا هېچ يېشىلىپ بولالمايۋاتىمىز، سىلى بىلەن بىز مىڭ ئالدىرىغان بىلەن باشقىلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىكەن، لىيۇ جۈيجاڭ ئىدارىگە كەلمەيۋاتمامدۇ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم مېڭىۋەرسىلە، بۇ يىل ئازراق بولسىمۇ هەل قىلىپ بېرىمىز، مەن مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەر بىلەنمۇ كېلىشىپ قويدۇم. لىيۇ جۈيجاڭ مالىيىگە مەسئۇل ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ سەمىگە سەپ قويىمساق بولمايدۇ. ئۇمۇ گەپ يەيدىغان ئادەم. سىلى خاتىرجەم مېڭىۋەرسىلە. قالغان ئىشلارنى تەشكىلات بۆلۈمىگە بېرىپ ئۇقۇدىكەنلا. مۇشۇ گەپ ئىدى.

سابىر بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىنى هەر تۈرلۈك خىياللار قوچىماقتا ئىدى. ئۇنى راستىنلا يەنە يۆتكەرمۇ؟ تېخى ئىككى ئاي بولماي تۇرۇپلا - هە، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەيسا جۈيجاڭ چاقچاق قىلىپ دەۋاتىدۇ، ئەمىسە ئۇنىڭ مەكتەپتە يالغۇزلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۆگىنىشكە بەلگىلەيدۇ؟ مەكتەپتىن ئۇ هازىر قانداق ئايرىلالايدۇ؟ لېكىن يۇقىرىنىڭ مەكتەپنىڭ شارائىتى بىلەن نېمە چاتىقى، ئۇلار ئۇچۇن سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش مۇهىم، سىياسىيغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىلگىرى سابىر ئوقۇتقۇچى چاغلىرىدا باشلىقلارنىڭ يىغىن، ئۆگىنىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە هەيران بولاتتى، مانا ئەمدى بۇ ئىش ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى. بۇ تۈرقىدا تەشكىلات بۆلۈمىگە ئەهۋالنى ئېيتقانلىقىمۇ پايدىسى يوق ئوخشايدۇ.

سابىر ئىشخانىسىدىن كۆڭۈلسىز ياندى. بىنانىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ ئارقا يول بىلەن ئۆيىگە ماڭدى. هويلىدا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ قاتار كەتكەن ئائىلىلىكلەر ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ هويلىدا گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋاتقان غۇنچەمنى كۆرۈپ توختىدى. غۇنچەم بېلىگە گۈللۈك پەرتۇق تارتىپ يېڭىنى بىلىكىگىچە تۈرۈۋالغانىدى. ئاڭغىچە غۇنچەممۇ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە نېمىشقىدۇر ۋىللىدە قىزاردى. سابىرنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ شۇ هالىتى خۇددى چىرايلىق ئېچىلغان گۈلدەك يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

—پاھ، گۈللىرىڭىز قالتىس ئېچىلىپ كېتىپتۇغۇ؟ —دېدى ئۇ تالادىلا تۇرۇپ.

—ئۆزۈممۇ هەيرانمەن، گۈل بېقىپ زادى ئېچىلدۇرالمىغانىتىم، سىزنىڭ ئايىغىڭىز

ياراشقان ئوخشايدۇ، ــ غۇنچەم چىرايلىق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلدى.

ــ ئۇنداقتا ماڭا رەھمەت دەيدىكەنسىز-دە؟

ــ ئەلۋەتتە ئېيتىلىشنىغۇ ئېيتىلدى، لېكىن ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

سابىر لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ بۇنىڭغا نېمە دېيەلەيدۇ، ئۆزلۈك ئويلىماي گەپنى باشلىغاندىن كېيىن توي ئەمدى. بۇ ئامىنە ئەمەس، ئەگەر غۇنچەمنىڭ ئورنىدا ئامىنە بولغان بولسا سابىرنىڭ گېپىگە بۇنداق جاۋاب بېرەلەمتى. ياق، ياق. سابىر ئۇنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇ ئاپتوماتتەك سۆزلىگىنى بىلەن سېنىڭ يۈرىكىڭنى تىترەتكۈدەك، ئىچ-ئىچىڭدىن سۆيۈندۈرگۈدەك بىرەر ئېغىز گەپ قىلالمايدۇ. غۇنچەم بولسا باشقا بىر دۇنيا، چاقچاق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن...

غۇنچەم بولسا سابىرنى رەنجىتىپ قويدۇممۇ دەپ ئىتتىك گەپنى يۆتكىدى:

ــ ئۆيگە كىرىڭمۇ دېمەي تۇرۇپ كېتىپتىمەنغۇ.

ــ سىزنىڭ ئۆيگە باشلايدىغان تۇرقىڭىزمۇ يوق. گۈللىرىمنى ئوغرىلىۋالدۇ، دەپ قىزغىنىۋاتامدىغانسىز؟

ــ گۈلنى ئالسىڭىزغۇ مەيلى، شۇغىنىسى بىردەمدىن كېيىنلا تاشلىۋېتەرسىز.

«چاقچاققا تويە، بۇ غۇنچەمنىڭ تىلى نىمانچىلا ئاچچىق بولۇپ كەتكەندۇ، بۈگۈن ئىلگىرى-كېيىن گەپتە چېقىۋالىدىغان بولدى-دە. يا ئاستا كېتەيمىكىن، كىرمەي كەتسەم قانداق ئويلاپ قالار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئەمدى ئۇزۇنغىچە كۆرۈشەلمەيمىز. ئۆيگە بارسامۇ نېمە ئىش بار»

سابىر ھويلىغا كىردى، ھويلا پاكىزە سۈپۈرۈلۈپ، سۇ چېچىلغانىدى. غۇنچەم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. سابىر ئاۋۋال كىچىككىنە دالان ئۆيگە كىردى. ئۆيگە ئۇ باشتىن، بۇ باشقا سۇپا سېلىنغانىدى، غۇنچەم ئۇنى ياندىكى ئۆيگە باشلىدى. بۇ ئۆي خېلىلا چوڭ بولۇپ، تۆرگە ئورۇن يىغىلغان سىنم كارىۋات قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا قىيپاش قىلىپ قويۇلغان ئەينەكلىك ئىشكاپ بار ئىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا بولسا قوش كىشىلىك سافا بولۇپ، سافانىڭ ئالدىدا رېشلىيە ئىشلىگەن ئاپئاق داستىخان يېپىلغان ئۈستەل تۇراتتى. دېرىزە تۈۋىدىكى بۇلۇڭغا قويۇلغان ئۈستەلدە بولسا تېلېۋىزور يېپىقلىق تۇراتتى. ئۆينى يېڭىلا ئاقارتقان بولسا كېرەك، ئۆي ئىچىدىن ھاكىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئۆينىڭ تېگىگە ياتقۇزۇلغان خىشلار تولا يۇيۇلغانلىقتىن قىزىرىپ سىلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

ــ قېنى، يۇقىرىغا ئۆتۈڭ، ــ غۇنچەم سابىرنى سافاغا باشلىدى، ــ ئۆي ئاقارتىمەن دەپ ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقانلا بولۇپ كەتتى.

ئاقارتىپ پاكىزە تۇتسا كۆڭۈللۈك چانمايدىكەن، ــ ئويلىدى سابىر ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، ــ بىزنىڭ ئۆيگۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق، لېكىن ئامىنە ئاقارتىش دېگەننى ئۇقمايدۇ.

ــ كەينى تام ئاجراپ كەتكەنمۇ نېمە؟ ــ سورىدى سابىر تۆر تامدىكى دەزنى كۆرۈپ.

ــ ھەئە، قىشتا ئۇنچە ئەمەس ئىدى، ئەتىيازدىن بۇيان چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ مەكتەپكە دېمىدىڭىزمۇ؟

ــ باراتقا نەچچە دېدىم، ئەنە ـ مەنە دەپ ھېچ چولىسى تەگمەيدۇ. قاچان تام بېسىۋالاركىن دەپ كۆزۈم تۆت.

ــ بۇ بولماپتۇ، بەك خەتەرلىك ئىكەن. باراتقا مەن دەي.

ــ ئۇنداق قىلسىڭىزغۇ ئوبدان بولاتتى. بىزدەك يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ باش كۆزىنى سىلىسىڭىز ساۋاب ئالىسىز.

سابىر ئۇنىڭغا ئىتتىك قارىدى. ئۇ غۇنچەمنىڭ سۆزىدىن مەسخىرىنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندى. غۇنچەم بولسا چۈشىنىكسىز كۈلۈپ قويدى ـ دە، داستىخان سېلىشقا باشلىدى.

ــ بۈگۈنزە غۇنچەم دەشنەم ئاڭلىغىلى كەپتىكەنمەندە ئىشىكىڭىزگە، ــ دېدى سابىر قىزارغان ھالدا غۇنچەمگە قاراپ.

ــ مۇدىرغا دەشنەم بېرىدىغان بېشىمىز ئۇنىمۇ بىزنىڭ، ئادەمنى قورقاتماڭا ئۇنداق، قېنى چاي ئىچىڭا، ــ ئۇ تاتلىق ـ تۇرۇم تىزىلغان تەخسىلەرنى سابىرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، ــ ئاڭلىساق سىزنى ئائىلىلىكلەرگە ئۆي سالغۇزىدىغان بوپتۇ، دېيىشىدىغۇ، راستما؟

ــ شۇنىڭغا مېڭىۋاتىمىز، بىر ئىشنى ھەل قىلماقمۇ تەس ئىكەن.

ــ ئۆي سالساڭلار بىزلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسىز.

ــ ئالدى بىلەن سىلەردەك كونا ئوقۇتقۇچىلارغا ئېتىبار قىلىدىغان گەپتە، سىزگە بەرمىسەك مېنى تىللاپ سېستىۋېتەرسىز؟

ــ مەنما، مەن نى ئىشلاردىمۇ بوپتىلا دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۆي دېگەن قانچىلىك ئىش؟

غۇنچەمنىڭ ئۈنى تىترەپ كەتتى. كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى شۇ ھامانلا مۇڭغا تولدى. سابىرنىڭ كۆزىگە ئۇ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئەندىكىپ كەتتى. لېكىن غۇنچەم پەرتۇقنىڭ گىرۋىكىنى مىجىقلىغىنىچە بېشىنى كۆتۈرمىدى، ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۇمچىيىپ قوياتتى. سابىر ئۇنىڭ ئۆزىنى زورغا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، سابىر ناۋادا كۆڭۈل يارىسىنى قوزغىغۇدەك يەنە بىرەر ئېغىز گەپ قىلسا پاكىمدە يېرىلىشقا تەييار تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ غۇنچەم ھازىر قانچە تىللىۋالسىمۇ رازى بولاتتى، چۈنكى ئۇ تىللىغۇدەكلا ئىشنى قىلىپ قويغانىدى...

* *

بۇ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار ئىدى.

بەش يىللىق مەكتەپ ھاياتىمۇ ئاخىرلىشىۋاتاتتى، ئىمتىھانلارمۇ تۈگەپ ئوقۇغۇچىلار تەقسىماتنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەندىشە ـ تەقەززارلىق پۈتۈن سىنىپنى قاپلىغانىدى. بەزىلەر سىنىپ مەسئۇلى، فاكۇلتېت مۇدىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يۈگۈرسە، يەنە بەزىلەر يۇقىرى ئورۇنلاردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلىرىنى تېپىپ ياخشىراق ئورۇندا قېلىشنىڭ ئېپىنى قىلىپ يۈرەتتى. سابىر ئۇلار بىلەن پەرۋايى پەلەك. ئۇ ئۇدا بەش يىل ئەلاچى بولۇپ ئوقۇدى. ئۇ مەكتەپتە شەرتسىزلا قالىدۇ، پەقەت غۇنچەمنىڭ كېتىپ قېلىشىدىنلا ئەنسىرەيتتى.

ئاخىرى تەقسىماتمۇ ئېلان قىلىندى. سابىر ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ

ئىسمى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن جايغا چىقتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىدىن غۇنچەمنىڭ ئىسمى چىققاندا يېنىك تىن ئالدى. بۇ ۋىلايەتكە ئۇلار غۇنچەم ئىككىسىلا تەقسىم قىلىنغانىدى. بەلكىم تەشكىل ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلگەچكە بىر يەرگە بەلگىلىگەن بولسا كېرەك. غۇنچەمسىز ئۈرۈمچىدە قالغىنىنىڭمۇ نېمە ئەھمىيىتى. ئۇ پەقەت غۇنچەم بىلەن بىللە بولسىلا رازى ئىدى. شۇڭا ئۇ مەيۈسلىنىپمۇ كەتمىدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن غۇنچەمنى ئىزدىدى. غۇنچەممۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ چىرايى نېمىشقىدۇر مەيۈس ئىدى. سابىرنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ دەككە - دۈككىگە چۈشتى، ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن يىغىننىڭ تۈگىشىنى كۈتەتتى.

ئۇ ياتاققا ماڭىدىغان يولدا غۇنچەمنى كۈتۈپ تۇردى. غۇنچەم ھەممىنىڭ كەينىدىن چىقتى.

— غۇنچەم، — دېدى سابىر، — بەش يىل ئەلا ئوقۇغانلىقىڭمۇ يۈزى بولماپتۇ. مەن چوقۇم ئۈرۈمچىدە قالىمىزغۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن، تەقسىمات دېگەننىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، ئاشۇ مەھەممەتتەك دۈت - كالۋا، يالاقچىنىڭ مەكتەپكە قېپقالغىنىنى كۆرمەمدىغان.

— سىز دەۋا قىلسىڭىز بولغۇدەك.

— ۋاي، ياقەي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يالۋۇرۇپ بارامتىم، ئىككىمىزنى بىر يەرگە بۆلگىنىمۇ بىز ئۈچۈن ئامەت.

— سابىر، — غۇنچەمنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، — مەن سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئولتۇردۇم.

— بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، ماڭا سىز بولسىڭىزلا بولدى.

ئەتىسى غۇنچەم سابىرنىڭ قېشىغا بىر تېلېگراممىنى كۆتۈرۈپ كەلدى:

— ئۆيدىن كەپتۇ، — دېدى ئۇ ئەندىكىپ، — ئاپام قاتتىق ئاغرىق ئىكەن.

— قانداق قىلىمىز؟

— بارمىسام بولمايدۇ، ئاپامنىڭ ئاغرىقىنى مەن بىلىمەن.

— ئۆيدىكىلەر ئەۋەتمەيمۇ قويماس.

— ئۇنداقمۇ قىلماس.

— غۇنچەم، — دېدى سابىر ئەندىكىپ تۇرۇپ، — چوقۇم كېلىسىز بولامدۇ؟

— كېلىمەن.

ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە بىللە بولدى. قانغۇچە مۇڭداشتى، سابىر غۇنچەمدىن قايتا - قايتىلاپ ۋەدىلەرنى ئالدى. ئەتىسى ئەتىگىنى سابىر غۇنچەمنى ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويدى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سابىرمۇ مەكتەپتىن ئايرىلدى. گۆدەكلىك، تۇلجى مۇھەببەتنىڭ ۋەسۋەسىسى ئۇنى ناتونۇش، يات يۇرتقا ئېلىپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا سىنىپ مەسئۇلى بىلەن خوشلاشقىلى كىردى. ئۇ بۇ تەلەپچان، ئاقكۆڭۈل مۇئەللىمنى ياخشى كۆرەتتى.

— سىز مەكتەپتە قالىدىغان بالا ئىدىڭىز، — دېدى مۇئەللىم بۇ ئىشتا خۇددى ئۆزى ئەيىبلىكتەك خىجالەت بولۇپ، — فاكۇلتېتمۇ شۇنداق مۇزاكىرىلەشكەن، كېيىن نېمە

بولدى، مەكتەپ پارتكومى ئارىلىشىپ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاڭلىسام سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ بىرەر مەسىلىسى بارمىتى؟

ــ تۇرمىدە...

ــ هە، شۇ ئىش ئىكەن ـ دە.

سابىر ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويىدى. ئۇ بۇنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى، دادىسىنىڭ ئىشى ئۆزى بىلەنغۇ، ئۇنىڭغا سابىر ئەيىبلىكمۇ، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ. ئەگەر ئۇ بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسا بۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلمايتتىغۇ. قېنى، ئائىلىسىنى سۈرۈشتۈرمەيمىز دېگىنى؟

سابىر غۇنچەمنى ئويلىغاندا يەنىلا كۆڭلى ئارام تاپاتتى. ئۇ پەقەت غۇنچەم بىلەن بىللىلا بولسا دۇنيانىڭ قەيىرىگە بار دېسىمۇ ماقۇل دەيدۇ، ئۇ غۇنچەمدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۇنىڭ تەلىيى يەنە تەتۈر كەلدى. ۋىلايەتكە كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن كادىرلار بۆلۈمى ئۇنىڭ ۋىلايەتتىكى ئەڭ چەت ناھىيىگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، غۇنچەمنى بولسا ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلدى. سابىر ئەلەمدىن يىغلىۋەتتى.

ــ بىر يىل ئىشلەپ تۇرۇڭ، ــ دېدى ئۇنىڭغا كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياپىلاق يۈزلۈك كىشى، ــ كېلەر يىلى يۇقىرىدىن يەنە سىلەردەك ئوقۇغۇچىلار كېلىدۇ، شۇ چاغدا سىزنى ئالماشتۇرساق بولىدۇ.

سابىر ئۇنىمىدى. ۋالىينىڭ، شۇجىنىڭ ئالدىغىمۇ كىردى. ھەتتا غۇنچەم بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ يوشۇرماي دېدى. لېكىن ئۇلار ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەكلا شۇ بىر ئېغىز گەپنى «بىر يىل ئىشلەپ تۇرۇڭ» دېگەننى تەكرارلىدى. كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئاخىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى:

ــ سىز بۇنداق جاھىللىق قىلىۋەرسىڭىز زىيان تارتىسىز، بېرىڭ دېگەندىكىن، ياخشىلىقچە بېرىڭ!

سابىر ئۈمىدىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ غۇنچەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ بىر ئايدىن ئوشۇق تۇردى، غۇنچەمدىن بولسا تېخىچىلا خەۋەر يوق ئىدى، ئەڭ بولمىغاندا خەتمۇ يېزىپ قويىغان بولسىمۇ كاشكى، غۇنچەمنى ئۆيدىكىلەر ئەۋەتمەيىمۇ قويارمۇ؟ سابىرنى ئەمدى ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى، ناۋادا ئۆيدىكىلەر ئۇنى بىرسىگە قوشۇپلا قويسا، ياق، ياق. غۇنچەم ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. لېكىن كەلسىمۇ سابىرغا ئەگىشىپ ئاشۇ چەت ناھىيىگە بارارمۇ؟ ئۇنداق قىلمايدۇ، سابىر قايتىپ كېلىدۇ، تەشكىلمۇ بىر يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ كېلىمىز دەۋاتىدىغۇ، ئەگەر زادى بولمىسا ئۇلار توي قىلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا سابىرنى يۆتكىمەي ئامالى يوق، غۇنچەمنى يۆتكەپ بېرىمىز دېسىچۇ، ياق، سابىر ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. سابىر ياكى غۇنچەمنى كۈتۈشى ياكى بولمىسا خىزمەتنى تاشلاپ ئۆز يۇرتىغا كېتىشى كېرەك. سابىر ئۇزاق ئويلاندى. ئاخىرى غۇنچەمنى كۈتۈشكە قارار قىلىپ بەلگىلىگەن ناھىيىگە كەتتى.

مانا ئۇنىڭ قارا ماشىنىنىڭ كۇزۇپىدا توپا ـ قۇم يەپ ئولتۇرغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى. ماشىنا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا گويا جان تالىشىۋاتقان جانىۋاردەك بىر

خىل زېرىكىشلىك غىڭىلداپ كېلىۋاتىدۇ. سابىرغا بۇ يوللار خۇددى بارسا كەلمەسنىڭ يولىدەك، بۇ يەردىن مەڭگۈ كېتەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يۇرتى، غۇنچەم تولىمۇ يىراقتا قالدى، ئۇ، جاھاننىڭ بىر چېتىگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. كېلەر يىلى بۇ يەردىن قايتىپ كېتەلەرمۇ؟ ئۇنى ئەمدى غېرىبلىق بېسىشقا باشلىدى. سابىر ئەمدى ئەتراپىغا قارىمىدى. كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ خىيالغا غەرق بولاتتى.

ئۈتىنچى كۈنى كەچتەئاخىرى بۇ ناھىيىگە يېتىپ كەلدى.

ناھىيىگە يېتىپ كېلىپ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە بۆلۈندى.

سابىر مەكتەپكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە قارىتىپ غۇنچەمگە خەت يازدى. لېكىن خېتىگە جاۋاب كەلمىدى. يەنە بىر پارچە خەت يازدى. ئۇ خېتىگىمۇ ئۇچۇر كەلمىدى. سابىر ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ غۇنچەم چوقۇم قايتىپ كەلمەيتۇ، ئۆيدىكىلەر ئەۋەتمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئىشەندى. ئۇ ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. بوش ۋاقتىنى ھاراق بىلەن ئۆلپەت بولۇپ ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كەلگىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بۇرۇنلا كېلىپ بولغان ئوخشايدۇ، مەكتەپنىڭ باشلىقلىرى ئۇنى پات-پاتلا تەنقىدلەپ، ئەدەبلەپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى. بۇ دەشنامىلار ئۇنى تېخىمۇ ھاراققا دوست قىلىۋەتتى.

تۇرمۇش ھەممىگە كۆندۈرىدۇ، سابىرمۇ ئاستا-ئاستا ناھىيىدىكى ياشلار بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار بەزىدە ئۇنى چاقىراتتى، بەزىدە ئۇنىڭ ۋەيرانە ياتىقىغا كېلىپ تۇخۇملارنى زاكۇسكا قىلىپ تاڭ ئاتقىچە ئىچىشەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە ناھىيىگە يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرگەن يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھازىرقى ئايالى ئامىنەمۇ بار ئىدى. پاكار، يۇمىلاق يۈزلۈك، ئاق سېرىق بۇ قىز بىلەن سابىر دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بېرىپ تونۇشۇپ قالدى. ئۇ ئامىنەنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بۇ يۇرتقا مۇساپىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى، ھېسداشلىق قىلدى. شۇندىن كېيىن سابىر پات-پاتلا «ئاغرىپ» قالىدىغان بولدى. بىر كۈنى سابىر بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ۋاقىت يېرىم كېچە بولغاندا تارقاشتى، ئۇنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز ئامىنە كەلدى. «ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ يالغۇز ئۆزى زېرىكىپ ئولتۇرغاندۇ، ھازىر ياتاققا بارسامۇ نېمە ئىش قىلىمەن؟...»، كەيپىلىك ئۇنى قىزنىڭ ياتىقىغا سۆرىدى. دېگەندەك، ئامىنە يالغۇزلا كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھايت-ھۇيت دېگۈچە چاي دەملەپ كىردى. سابىرغا زورلاپ يۈرۈپ ئىككى پىيالە قىزىق چاي ئىچكۈزدى. سابىر خۇدىنى بىلەتتى. ئۇ بىردەم يىغلىدى، بىردەم كىملەرنىدۇ تىللىدى. ئاخىرى ئامىنەنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۇنىڭغا قەلبىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ تاڭغا يېقىن ئېسىگە كېلىپ ئامىنەنىڭ يېنىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. ئامىنە بولسا ئۇنى قۇچاقلىغان ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇمۇ پەقەت ئىچ كىيىم بىلەنلا ئىدى. ئۇ بۇ ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ، دەپ قورقۇپ كەتتى. يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇ كېچىچە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. ئىشقىلىپ

بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ بولغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ھەرگىز ئامىنەنىڭ قوينىدا ياتمايدىغانلىقىغا گۇمان قىلمىدى. ئۇ يېنىدا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئامىنەگە قارىدى. ئۇنىڭ پېشانىسى تار ۋە سوقچاق، قېشى شالاڭ بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە قۇيرۇق تەرىپى نېمىشقىدۇر سىدام ئىدى. ئاغزى خوپلا يوغان كۆرۈنۈپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن ئەتىرنىڭمۇ ياكى يۈزمايىنىڭمۇ ئىشقىلىپ بىر يېقىملىق پۇراق كېلەتتى.

سابىرنى يۆتەل قىستاپ گېلىنى قىردى. بۇ ئاۋازدىن ئامىنە ئويغىنىپ كېتىپ ئىتتىك سابىرغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىتتىك قولىنى تارتىپ يوتقانغا بېشىنى تىقىۋالدى. ھايال ئۆتمەي مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. سابىر قىزنى قانداق بەزلەشنى بىلمەيتتى. «مەست تۇرۇپ يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىم؟ بۇ ياكى چۈشۈممۇ؟ ئەگەر بۇ چۈش بولمىسا ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك...»

ئامىنە بولسا بارغانچە تۈگۈلۈپ يىغلاۋاتاتتى.

ئەمدى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. ھېلىمۇ ئامىنە ئۇنى ئاياپتۇ، ۋارقىراپ-جارقىراپ كەتكەن بولسا نېمە دېگۈلۈك ئىدى. بۇ كىچىككىنە ناھىيىدە ئەتىسىلا ھەممىگە يېتىپ بولاتتى، سابىرنىڭ ئىستىقبالى تۈگەيتتى.

سابىر ئاستا ئۆرۈلۈپ ئامىنەگە قارىدى. ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ، ئاغزى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يوتقاننى ئاستا ئېچىپ ئامىنەنىڭ ئېسەدەشتىن سىلكىنىپ تۇرغان ئاپئاق، يۇمىلاق يەلكىسىنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى.

— ئامىنە، — دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك، — نېمىشقا يىغلايسىز؟

ئامىنە بولسا ھامان ئېسەدەپ يىغلايتتى، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن:

— مېنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلامسىز؟ مېنى ئاجىز، ئىگى-چاقىسىز كۆردىڭىزغۇ، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟

— سىز ئاخشام مېنى نېمىشقا قوغلىۋەتمىدىڭىز؟

— گەپنى ئاڭلىمىدىڭىز، شۇنچە يالۋۇرۇپ كەتتىم، ئىچىۋالسىڭىز شۇنداق جاھىل بولۇپ كېتىدىكەنسىز. قوشنىلاردىن نومۇس قىلدىم. سىزنى ئايىدىم.

— ئامىنە، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن شۇنداق قىلغان بولسام كېرەك. ماڭا قاراڭ، يېشىڭىزنى ئېرتىپ قوياي.

سابىر ئۇنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قاراتتى، يىرىك قوللىرىدا ئۇنىڭ يۈزىنى ئېرتتى، ئاندىن ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ تويى بولدى.

توي بولۇپ بىر ئاي ئۆتكەندە سابىر غۇنچەمدىن خەت ئالدى. غۇنچەم خەتنى ۋىلايەتتىن بۇ ناھىيىگە كەلگەن بىرسىدىن ئېۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئانىسىغا قاراپ ئالتە ئايدىن ئۇشۇق تۇرۇپ قالغانلىقىنى، كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا خەت يازسىمۇ پەقەت جاۋاب بولمىغانلىقىنى، ھازىر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ خېتىنى كۈتىدىغانلىقىنى يازغانىدى. سابىرنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، ئۆزىنىڭ

ئىرادىسىزلىكىدىن ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ئۆزىنىڭ قانچىلىك خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى ئامىنەدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ غۇنچەمگە قارايدىغان يۈزى قالمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتى مۇشۇ يىراق خىلۋەت ماكاندا ئۆتىدۇ، ئەمدى غۇنچەمنى ئۇنتۇش كېرەك...

سابىر غۇنچەم بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلاشقان ئىدى. غۇنچەمدىن شۇنىدىن كېيىن خەت كەلمىدى، ئېھتىمال ئۇنىڭ تويى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك. ئۇلارمۇ قايتا كۆرۈشمىدى. مانا يىگىرمە يىلدىن كېيىن تەقدىر ئۇلارنى قايتا ئۇچراشتۇردى.

## 5

سابىر ئويلىماي قىلغان گېپىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئوتتۇرىنى چىدىغۇسىز جىمجىتلىق قاپلىدى. سابىر يەر ئاستىدىن غۇنچەمگە سەپسالدى. ئۇنىڭ ئويچان، مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىرىپ تاشلىغۇدەك ھەسرەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. سابىر ئۇنىڭغا قارىغانسېرى ئۆزى يوقاتقان نەرسىنىڭ قانچىلىك گۈزەل-قەدىرلىك ئىكەن-لىكىنى شۇنچە ھېس قىلىپ يۈرىكى سىقىلدى، مانا ئالدىدا ئولتۇرغان مۇشۇ ئايال ئۇنىڭ تۇنجى يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنىڭ مەشئىلى ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلدى، خىيانەت قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن غۇنچەم ئۇنى شۇ تاپتا قانچە ئەيىبلىسىمۇ، تىللىسىمۇ ھەقلىق، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋىجدان ئازابىدىن زەرداب بولۇپ كەتكەن قەلبى ئارام تاپاتتى.

ئەمما غۇنچەم يىغلىمىدى ھەم ئۇنى ئەيىبلىمىدى، ئۇ پەقەت ئېغىر بىر خورسىنىپلا قويدى-دى. ئۇ قاپساپ كەلگەن ھەسرەت يېشىنى، مۇشۇ ئالدىدىكى ئادەمنىڭ ۋاپاسىز مۇھەببىتى قالدۇرغان زەردابلارنى ئاشۇ ئايانچلىق خورسىنىش بىلەن ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

غۇنچەم ئېغىر خىيالدىن چۆچۈگەندەك سىلكىندى، چىرايلىق ھەرىكەتلەر بىلەن چېچىنى تۈزىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئەسىر ئالغان قايغۇ كۆلەڭگىسى قاياققىدۇر غايىب بول-دى. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە سابىرغا قاراپ قويدى-دە ۋە:

— چايدىن ئىچىڭ، سوۋۇپ كەتتىغۇ دەيمەن، ئەكىلىڭ، يەڭگۈشلەپ قوياي.

— بولدى، رەھمەت، — دېدى سابىر ۋە تامدىكى رەسىمنى ئىما قىلىپ سورىدى، — قىزىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

غۇنچەم يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— سىز قىزىمنى نەدىن بىلىسىز؟

— ئاڭلايدىكەنمىزدە.

— ئۇ مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدۇ، شەنبە كۈنىلا كېلىدۇ.

— ئاپىڭىز ھاياتمۇ؟

— تۈگەپ كەتتى ... سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭ ئاپام تۈگەپ كەتكىلى ئون يىل بولۇپ قالدى.

— دادىڭىزچۇ؟

— دادام ئاپام تۆگەپ كېتىشتىن بىر يىل ئاۋۋال ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىققانىدى، هازىر ئۆگەي ئاپىمىز بار. ئۇ بىزنى ئانچە خۇش كۆرۈپ كەتمەيدۇ، شۇڭا بىزمۇ تولا بارمايمىز ... بىز ئەمدى مۇشۇ يۇرتلۇق بولۇپ كەتتۇق -تە.

— سىزغۇ نەخ ئۆزىلا بولۇپ كېتىپسىز.

— هەئە، سىزنىڭ كېتىش نىيىتىڭىز يوقتۇ؟

— ماڭا قويسا بىر كۈنمۇ تۇرمايتتىم، قىزىمغا تارتىشىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇ بالام مەن كۆرگەن كۈنلەرنى كۆرمىسۇن دەيمەن.

— هەممىگە مەن ئەيىبلىك غۇنچەم، — دېدى سابىر ناهايىتى تەستە، — مەن زورلىمىغان بولسام سىزمۇ بۇ ياقلارغا كەلمەستىڭىز.

— ئەسلى ئۇنىڭ كەلمىگەن تەلەي دەڭا، — غۇنچەم ئۇھ تارتىپ قويدى، — سىزنىڭ ئۆيلەنگەنلىك خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ، دەسلەپ بۇ خەۋەرگە ئىشەنمىدىم، سىزنى بۇنداق قىلار دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم. كېيىن سىز تۇرغان ناهىيىدىن كەلگەن بىرسى سىزنىڭ توي قىلغانلىقىڭىزنى ئېنىق دەپ بەردى. ئەمدى ئىشەنمەي ئامالىم يوق ئىدى. راستىمنى ئېيتسام نەچچە كۈنگىچە دۈم يېتىپ يىغلىدىم، سىزنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم. هەممە نېمىدىن ۋاز كەچتىم. ئەمدى بۇ تونۇمايدىغان يۇرتتا ماڭا نېمە بار؟ مەن ساراڭ نېمىمۇ دەپ كەلگەندىمەن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئاچچىقىم كېلەتتى. خىيالىمغا بولسا قايتىپ كېتىشلا كىرىۋالدى. ئەمما قانداق كېتەلەيمەن؟ خىزمىتىمنى مىڭ تەستە ئاران هەل قىلدىم، تاس-تاس قالدى ماڭا چارە كۆرۈۋەتكىلى، ئەمدى كېتىمەن دېسەم ئۇنامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيگە نېمىدەپ بارىمەن؟ ئاپامغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ نېمە كۆرسەممۇ مۇشۇ يەردە ئىشلىگىنىم ياخشى، نېمە بولسا خىزمىتىم بارغۇ! پېشانەمگە يېزىلغان قىسمەت شۇ ئىكەن، دەپ هەممىنى ئىچىمگە يۇتتۇم.

غۇنچەمنىڭ ئۈنى بوغۇلۇپ سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ نازۇك يەلكىلىرى خۇددى بەزگىكى تۇتقان كىشىدەك تىترىمەكتە ئىدى. ئايال كىشىنىڭ مۇشۇنداق هالىنى كۆرمەكتىن ئېغىر ئىش يوقتۇ دۇنيادا، ئۇلار بۇنداق چاغدا خۇددى سولاشقان گۈلدەك يېتىم قوزىدەك مىسكىن كۆرۈنىدۇ. سابىر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئۇھ تارتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا بېرىپ غۇنچەمنىڭ باش-كۆزىنى سىلىغۇسى، كۆز يېشىنى ئۆز قولى بىلەن ئېرتىپ قويغۇسى بار ئىدى. لېكىن هازىر بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېلىن سېپىلدەك توسۇق تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدىن ئارتىلىپ ئۆتۈشكە سابىرمۇ، غۇنچەممۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ.

— مەن سىزدىنمۇ رەنجىمەيمەن، — غۇنچەم ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز بەلكىم مېنى كەلمەيدۇ دەپ ئىشىنىپ ئۈمىدنى ئۈزگەنسىز، بۇنى مەن چۈشىنىمەن، هازىر ئويلىسام بىز تولىمۇ نادان ئىكەنمىز، هاياتنى بەكمۇ ئاددىي، ئۆزىمىزنىڭ خىيالىدەكلا چاغلىغان ئىكەنمىز. بۇمىغۇ ساۋاق بولدى، لېكىن ياشلىقنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆتكىنىگە ئادەمنىڭ ئىچى سېرىلىدۇ.

— يولدىشىڭىز بىلەن نېمە بولۇپ ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟

— يەنە شۇ تەلەيسىزلىكىم بولمامدۇ، — غۇنچەم خورسىنىپ قويدى، — راست گەپنى

قىلسام مەن سىزنىڭ ئەلىمىڭىزدىلا ئۇنىڭ بىلەن يۇردۇم. ئۇ دەسلەپتە ماڭا ئوچۇق، خېلى تۇزۇك يىگىتتەك كۆرۈندى. يېرىم يىل يۇرۇپلا تويىنى قىلۋەتتۇق. ھازىر ئويلىسام بۇ ئىشلار خۇددى بىر چۇشتەكلا تۇيۇلىدۇ، خۇددى بىر ئويۇندەك ئۆتۇپ كېتىپتۇ، شۇ چاغدا سارالڭ ئىكەنمەن. ھەتتا ئۆيدىكىلەرگىمۇ خەۋەر قىلمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا نېمە دەيمەن؟ دەسلەپ بىرەر يىل يامان ئەمەس ئۆتتۇق، ئاڭغىچە قىزىم تۇغۇلدى، مەن قىزىم بىلەنلا بولۇپ كەتتىم، كۇنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ غەلىتە خۇيلىرى چىققىلى تۇردى. شائىر دېگەن تولىمۇ يېنىك، ھېسسىياتچان كېلىدىغان خەقلەر ئىكەن، بىرەر پارچە شېئىرى گېزىتكە چىقىپ قالسا خۇشلۇقىدا كۆرسەتمەيدىغان ئادىمى قالمايدۇ، كېرىلىپ تېرىسىگە پاتماي قالىدۇ، ئەگەر ئەۋەتكەن شېئىرى بېسىلمىسا ئۆز-ئۆزىدىن بوغۇلۇپ تېرىكىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ قىلىشسىڭىزمۇ ئەتىدىن كەچكىچە شېئىر، ئەدەبىياتتىن باشقا گەپنى قىلمايدۇ، مېنىڭ بىلەن، بالىسى بىلەن زادىلا كارى يوق، تۇرۇپ ئۆز-ئۆزۇمگە بۇنىڭ كاللىسى جايىدىمۇ قانداق؟ دەپ ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئېسىمگە ھېلىقى مەكتەپتىكى شائىر بالا ياسىن كېلىۋالىدىغان بولدى. ياسىن يادىڭىزدا باردۇ، ئاشۇ ئېلىشىپ قالغىلى تاس قالمىدىمۇ؟ ئۇمۇ بارغانسېرى شۇنىڭغا ئوخشاپلا كېتىۋاتاتتى. بەزىدە كېچىسى تۇرۇۋېلىپ ئۆيدە شېئىر ئوقۇپ كېتىدۇ. سائەت-سائەتلەپ قەغەزگە قادىلىپ ئولتۇرىدۇ.

باشتا چىرايلىق گەپ قىلىپ باقتىم، ئەمما ئۇ ئەيىبىنى ماڭا ئارتىپ: «سەن مېنىڭ قەدرىمگە يەتمەيسەن، مۇشۇ ئۆي مېنى چۇشەپ قويۇۋاتىدۇ، بولمىسا مەن نەچچە داستان يېزىپ بولاتتىم...» ئۇنى ئاز دەپ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋېلىپ، ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوقلا جېدەل چىقىرىدىغان، ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى چاقىدىغان بولۇۋالدى. ئۆزىنىڭلا كېيىنى قىلىدۇ، قارىسام ئۇنىڭ بىلەن ئۆمرۇمنىڭ ئۆتۇشىگە كۆزۇم يەتمىدى. ئاخىرى ئايرىلىپ كەتتۇق.

غۇنچەم يېنىك بىر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەيۇسلۇك نەگىدۇر غايىب بولدى. ئۇنىڭ كۆزىدە يېقىملىق كۇلكە جىلۋە قىلدى.

— مەن ئۆزۇمنىڭ تارىخىنىلا چۇشۇپ كەتتىمغۇ، ئەمدى گەپنى سىزدىن ئاڭلىساق بولار؟

سابىر ئوڭايسىزلانغان ھالدا مىدىرلاپ قويدى.

— مەندە نېمە گەپ بار دەيسىز؟

— ئامىنە بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىڭىزنى دەپ بەرمەمسىز؟

— كېيىنچە دەپ بېرەرمەن، — سابىر قىزىرىپ كەتتى، — سىز بايا دېگەندەك ياشلىقتا ئادەم گۆدەك بولىدىكەن، تۇرمۇش ھەممىنى ئاستا-ئاستا ئۆگىتىدىكەن. ئۆتكەن كۇنلىرىمىزنى ئويلىساق شۇنداق مەنىسىز، **قۇرۇقلا ياشاپتۇق**، ياكى تۇرمۇش دېگەن شۇنداق نەرسىمۇ، پەقەت بىلەلمىدىم.

— سىز ماڭا قارىغاندا تەلەيلىك ئىكەنسىز، بىر ئوبدان ئائىلىڭىز بار ئىكەن، خىزمەتتىمۇ ئۆسۇپسىز.

— ھە، دەۋىلىك.
— ياق، راست گېپىم... ئامىنەمۇ ئوچۇق ئايال ئىكەن.
تام سائىتى توققۇزنى كۆرسىتىپ سىگنال بەردى. سابىر قاراڭغۇلۇق قاپلىغان دېرىزىگە قاراپ قويىدى-دە، ئورنىدىن مىدىرلىدى:
— كەچكىرىپ كېتىپتۇ، مەنمۇ چىقىپ باقاي ئەمدى، ئالتە ئايغىچە كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.
— نېمىشقا؟ — غۇنچەم كۆزىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا باقتى.
— بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە بەلگىلەپتۇ، مەكتەپكە كېلە-كەلمەي، كۆرمەمسىز بۇنى.
— بۇ گەپچە يەنە ئۆسىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — غۇنچەم كۆزىنى ئويىنىتىپ چاق-چاق قىلدى، — بىز ئەمدى نەدىن مۇدىر تاپارمىز؟ بۇ مەكتەپمۇ ماڭا ئوخشاش تەلەيسىز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.
— سىز بولغاچقىمۇ؟
— شۇنداق ئوخشايدۇ، يۆتكىلىپ كەتسەم بولامدىكىن.
— مەن رۇخسەت قىلسام ماڭارسىز.
سابىرنىڭ تازا ماڭغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا غۇنچەم بىلەن بىللە بولۇش شۇنچىلىك لەززەت، كۆڭلىگە ئارام ئىدى. ئۇ خۇددى 20 يىل ئاۋۋالقى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىگە قايتقاندەك بولدى، غۇنچەمنىڭ غەمكىن چىرايىمۇ، قۇۋناق كۈلكىسىمۇ، جايىغا كەلتۈرۈپ ئېيتىدىغان چاقچاقلىرىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق چىرايلىق تۇيۇلاتتى، ئاۋازى بولسا يېقىملىق مۇزىكىدەك ۋۇجۇدىنى تىترىتەتتى. يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە سوقاتتى.
سابىر ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى.
— خوش ئەمىسە غۇنچەم.
— خوش، ئاق يول بولسۇن.
سابىر ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن چىققاندا ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىدى. گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا غۇنچەم ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى پەرىزاتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

مۇھەممەتجان سادىق

# تەڭرىتاغ ئوغلى

(باللادا)

مەرھۇم ئانام خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

## مۇقەددىمە

تۈن ئۇزاق،
مەشتە ئوت كۆيەر گۈرۈلدەپ،
تالادا قۇترايدۇ قار قۇيۇنلىرى.
بوزلايدۇ بوتلاق،
قاقاقلار دىۋە،
شۇنچىلىك دەھشەتلىك قىش «ئويۇن» لىرى.
مۈشۈكتەك خورۇلداپ چارچىغان ئاتام
ئۇخلايدۇ بىر چەتتە،
كاڭنىڭ ئۈستىدە.
قولىدا يىپ-يىڭنە،
يامايدۇ كۆڭلەك،
بىر ئېزگۈ ھېسسىيات ئانام ھۆسنىدە.
شىرەگە يۆلىنىپ ئولتۇرىمەن جىم،
ئېڭىكىم ئاستىغا تىرەلگەن قولۇم.
ئانامنىڭ چۆچىكى-ھېكمەتلىك دۇنيا،
سوزۇلغان ئاقىرىپ ھاياتلىق يولۇم،
ئاۋازى مۇڭلۇقتى،
سۆزلەيتتى ئانام
ھېشىدىن ئۆتكەندەك تەسىر ئىچىدە.

ئاڭلايتتىم ئېسىنى ئالغان ئەسىردەك،
گۈللىرى تەپ چاچقان قەسىر ئىچىدە.
شىرەنىڭ ئۈستىدە ياناتتى لامپا،
ئانامنىڭ مېھرىدەك ئۆينى يورۇتۇپ.
شىشىنىڭ ئىچىدە يانغان ئالتۇنگۈل
يۈرىكى،
كۆيمەكتە مېھىر پۈرۈتۈپ...
ئاھ، ئانا!
جان ئانا!
شىۋاقلىق قەبرەڭ،
چۆچەكتەك تۇيۇلار ھەر قېتىم ماڭا.
كۆزۈمدە ھېكايە سۆزلەۋاتقىنىڭ،
جىم قۇلاق سالىمەن باش ئېگىپ ساڭا.
بىلەتتىڭ شۇنچە كۆپ ھېكايە-چۆچەك،
ئىچىڭ بىر تىلسىمات خەزىنىدى، ئانا!
ئىچىڭ بىر ھېكايە، ناخشا، داستانلار
ياڭرىغان جۇشقۇنلۇق بەزمىدى، ئانا!
شۇ چاغلار قەلبىمگە چۆككۈپتىكەن دانە
مەنمۇ ئاھ، ئىزىڭدىن ياسىدىم خامان.

ئانا كۆز قارىچۇقۇڭ ناخشىچى بۈگۈن،
مۇھەببەت تېگىدا نۇر چاچقان چولپان.
شىۋىرلار شىۋاقلار...
قەبرەڭ ئالدىدا،
تىزلىنىپ ئوقۇيمەن ئۇزۇن بىر ئايەت.
ئوقۇيمەن شۇنچىلىك مۆكلىنىپ، ئانا،
ئىچىمدە مۇھەببەت قايىنايدۇ غايەت.
قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم ئېگىز،
يا رەببىمى
ئانامغا يەتكۈز مېھرىمنى!
ئۇيغۇرچە ئايەتنى ئۆزى ئۆگەتكەن
جەننەتنىڭ ھۆرىگە يەتكۈز شېئىرىمنى؛

## ئاتلاندى كەچكى شەپەقتە

1

تەڭرىتاغ باغرىدا،
تاغلىق يېزىدا
ياشايدۇ ئانا ۋە ئوغۇل شادىمان.
تەبەسسۇم چاقنىسا ئانا يۈزىدە،
ئوغلىنىڭ قەلبىدە شادلىق - ھاياجان.
ئانىسى كۆيەتتى جان - جىگىرىگە
كۈن ۋە تۈن پەرۋانە بولۇپ بېشىدا.
سۆيەتتى بالىسى غەمگۇزارىنى
يولىغا سۇ سېپىپ مېھرى يېشىدا،
ئانىسى ئويلايتتى: ئوغلۇم ئۆمرىنى
يورۇتۇپ شام كەبى ئېقىشۇالاي دەپ؛
ئاق كۆڭۈل،
ئىشلەمچان ئوغلى چارچىماس
ئانامنى ياخشىراق بېقىشۇالاي، دەپ.
يىگىرمە ئىككىدە ئوغلىنىڭ يېشى،
قىز ئىشقى كۆڭلىگە بولمىغان مېھمان.
سۆيۈملۈك ئانىنىڭ پاك مۇھەببىتى
ئۇنىڭ دىل،
ئاغزىغا مۇقەددەس ئىمان.

كۈن - تۈنلەر ئۆتەتتى مېھرى - مۇھەببەت
ئىچىدە باھارنىڭ كۈنىدەك گۈزەل!
ياشايتتى شاد - خۇرام ئانا ۋە ئوغۇل
قايىنامىلىق بۇلاقنىڭ كۆيىدەك گۈزەل.

2

ئوغۇلنىڭ بېشىدا چېقىلىپ چاقماق،
ياغدۇردى قايغۇ - غەم گۈلدۈرمامىسى.
تۇيۇقسىز ئاغرىدى ئاھ، ئورۇن تۇتۇپ،
چىرايى تاتارغان ئەزىز ئانىسى.
ئانارنىڭ سۆيىسى ئانا ئاغزىغا
قوشۇقتا تېمىتتى ئوغۇل بىچارە.
تۈنلەرنى بېشىدا ئۆتكۈزدى ئويغاق
ئەلەم خەنجىرىدە قەلبى مىڭ پارە...
بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى،
ئوغۇلنىڭ يۈرىكى بولدى سەكپارە.
تۈزەلمەي مېھرىبان ئانا كۈنسېرى
كار قىلماي تۇراتتى ھەر ئېسىل چارە.
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلدىمۇ خۇدا،
كېتەمسەن ئانىنى ئېلىپ ئالەمدىن؟!
كەتمەمدۇ يېرىلىپ ئوغۇل يۈرىكى،
ئەڭ ئېغىر،
ئەڭ قاتتىق ھازا - ماتەمدىن؟!
قىزىق قۇم ئىچىدە قالغان بېلىقتەك،
يىگىتنىڭ يۈرىكى ئازاب ئوتىدا.
تۆكەتتى كۈن ۋە تۈن دەرد بۇلۇتلىرى
يېشىنى سەل قىلىپ كۆڭۈل يۇرتىدا.
بېشىغا قىيامەت كېلىۋاتقاندەك
ئاھ ئۇرۇپ،
زار قاقشاپ چاپاتتى ھەريان.
قىلمىغان چارىسى قالدىمۇ ئۇنىڭ،
كېچىگە كىرمەكتە يوپيورۇق جاھان...

3

ئانا تومۇرىنى تۇتتى بىر كۈنى
ساقلى كۈمۈشتەك ئاق لوقمان كېلىپ.

ئولتۇراز بىر چەتتە ئوغۇل پەرىشان،
ۋەھىمە ئىلكىدە يۈرىكى سېلىپ.
«ساقىيار ئاناڭغا ئىچكۈزەلىسەڭ
بىر ھەپتە ئىچىدە مېھرىڭنىيانى،
ھازىر ئۇ، گۈل ئاچتى،
تاپماقمۇ ئاسان.
يولغا چىق ئىشانلاپ گۈلزار قىيانى...»
ھېكىمنىڭ سۆزىدىن چۈشتى بىر ئۇچقۇن
ئۈمىدنىڭ باغرىدا گۈلخان كۆيدۈرۈپ.
ھاياجان شەپىقى ياندى ھۆسنىدە
ئۈمىدنىڭ لېۋىگە قىزغىن سۆيدۈرۈپ.
ئۇ تەييار ھەتتاكى كوھىقاپتىنمۇ
ئاھ، ئېلىپ كېلىشكە دورا — مەلھەمنى.
ئۇ تەييار ھەتتاكى ئەرەب يۇرتىدىن
ئاھ، ئېلىپ كېلىشكە ئابى زەمزەمنى،
مېھرىبان ئانىسى ساقايسىلا ئۇ،
قاقاتتى ئويلانماي يۈرىكىنى ھەم.
قېنى، ھەي، كىتابخان، كۆرەيلى ئەمدى
ئوغۇلنىڭ تاغدىكى كۆرىكىنى ھەم.
تاپشۇرۇپ ئانىنى قوشنىلىرىغا
ئاتلاندى كەچكى گۈل شەپەقتە قىران.
تەڭرىتاغ جۇلالىق مىڭ ئالۋۇن رەڭدە
يىگىتكە باغرىنى ئاچتى شادىمان...

## گۈلزار قىيادا

1

تەڭرىتاغ،
تەڭرىتاغ،
بېھىش - جەننەتنىڭ
ئەڭ تازا،
خۇش پۇراق ھاۋاسى سەندە!
كۆك سۆيگەن قارىغاي،
يەر سۆيگەن ئارچا،
لومەلىمىڭ گۈل، گىياھ ساماسى سەندە!
ئىسمىنى ساناپمۇ تۈگىتەلمەيمەن،
ئالەمنىڭ قۇشلىرى ناۋاسى سەندە!
جىمىكى دورىسى لوقمان ھېكىمنىڭ،
ھەرقانداق كېسەلنىڭ داۋاسى سەندە!
تىلسىمات ئاھ، سېنىڭ باغرىڭدىكى غار،
ئانىمىز ئۇمايىنىڭ تۇمارى سەندە!
قارىغاي قاپلىغان جىلغىلار سۈرەت،
ھۆر - پەرى كۆزىنىڭ خۇمارى سەندە!
چاچقۇسى مەرۋايىت زۇمرەت سۇلارنىڭ،
يۇيىلار ئىنسانىنىڭ گۇناھى سەندە!
ئاق بۇلۇت قىيالار بېشىغا سەللە،
پەرىشتە - خىزىرنىڭ دۇئاسى سەندە!
سەن گويا ئەڭ سېخى شاھ سۇلايماننىڭ
ئالەمدە تەڭداشسىز باي خەزىنىسى.
پەرىلەر باغرىڭدا سەيلىدە ھەر كۈن،
سەن گويا گۈزەللىك خان كۆرگەزمىسى.

2

ئاسماندا يۇلتۇزلار،
قاپقاراڭغۇ تۈن،
كەلمەكتە ساي ئۆرلەپ، قامىتى شەمشات.
لەرزان شۇۋۇلدايدۇ ئىككى تەرەپكە
بىر تەكشى تەۋرىنىپ ياپپېشىل ھايات.
ئۆركىگەن قۇشلارنىڭ قانات قېقىشى
ئاڭلىنار ئارىلاپ ئورمان ئىچىدىن.
ئاڭلىنار ھوقۇشنىڭ ئەنسىز سايرىشى،
شاۋقۇنلۇق سايدىكى سۈرلۈك كېچىدىن،
بۆرىنىڭ ھۇلىشى تۈنگە ۋەھىمە
تارقىتار،
ئىزدەمدۇ ئۇ ئۆزىگە يەم؟!
نەدىدۇر بۇ تاغنىڭ قوڭغۇر ئېيىقى،
يوق ئىدى نەۋقىران يۈرىكىدە غەم.
جاسارەت،
جۇشقۇن روھ ئۇرغىغان كۆيدەك
گۈركىرەر ئاقىرىپ ئاققان تاغ سۈيى.

پەقەتلا شىپالىق مېھرىگىيادا،
توختىماي يول باسقان قەيسەرنىڭ ئۈيى...

3

ئۆرلەيتتى ئېگىزگە بارغانسېرى يول،
ھاسىراپ ـھۆمۈدەپ تاشلار ئۇ قەدەم.
ئىشىككە تەلمۈرۈپ قالغان ئانىسى،
ئوغۇلنىڭ كۆزىگە ھەر نەپەس ھەممەدەم
يەتتە كۈن!
ئاھ، ماڭسا كۈن- تۈن توختىماي
ئىككى كۈن ئۆتكەندە كۆرەر قىيانى.
قايتىشى ئىككى كۈن،
تاپالارمىدۇ
ئۈچ كۈندە شىپالىق مېھرىگىيانى؟!
ۋادەرىخ!
يەتتە كۈن قانچىلىك قىسقا؟!
ئالەمدە پەقەتلا ئۈمىدسىز شەيتان.
غەيرەتلىك نەۋقىران قان ۋە تەرىدىن
قىلار تاڭ باغرىدا گۈلسەنەم جەۋلان،
چۈشكۈنلۈك دەرۋىشى چىقالماس غاردىن،
چوققىدا دائىم شاھ قاناتلىق ئارمان.
مۆھتەرەم ئاتىلار ئېيتمىغان بىكار:
جان پىدا قىلمىساڭ كۈلمەيدۇ جانان:
مۇھەببەت بېلىگە باغلانغاندىلا
جاسارەت پوتىسى،
تىك تۇرار پەرھات.
يېڭەلمەس تاغۇ-دەشت دەھشىتى ھەتتا،
قاتمۇ قات تىلسىمنىڭ جاپاسى، ھەيھات!
كەلمەكتە تەگرىتاغ ئوغلى غەمگۈزار
ئانىنىڭ مېھرىنى ئىرادە بىلىپ.
ۋۇجۇدى ۋادىسى ياڭرار ناخشىدىن،
بۇ مۇشكۈل سەپەرنى سائادەت بىلىپ.
ئايىغى ئاستىدا قالدى چاتقاللار،
گرانىت ئاق تاشلىق تاغلار، جىرالار.
كىيىك ئۆتەلمىگەن ھاڭدىن ئۆتتى ئۇ،
بەردى يول تۇمانلار، يۇرتى- قىيالار....

ئۇ يەردە دەھشەتلىك بۇركۇت ئۇۋىسى،
قالدى قان تەگرىتاغ ئوغلى پۇتىدىن.
يىغلىدى ياش تۆكۈپ ئاپئاق قارلارمۇ،
يىگىتتىن چېچىلغان سۆيگۈ ئوتىدىن.
ئۇ، ھامان ئۆرلەيتتى،
ئۆرلەيتتى تىككە،
ئاچماقتا يۈزىنى دىلرەبا سەھەر.
تەگرىنىڭ ئاقباشلىق چوققىلىرىدا
چاقنىدى چىرايلىق جۇلالىنىپ زەر...

4

ئۆتتى ئاق شەبنەملىك ئىككى كۈن،
يېتىپ
كەلدى ئۇ مەنزىلى گۈلزار قىياغا.
ياپيېشىل مەخمەلدەك چىمەنلىك ئوتلاق
گويا بىر باي خەزىنە گۈل ۋە گىياھقا.
بىر چېتى كېسىلگەن ئاپئاق تاشلىق يار،
ئاستىدا ھۆركىرەر بۇژغۇنلۇق قىيان.
بىر چېتى سوزۇلۇپ ياتقان ئەزىم تاغ،
بولۇتلار ئۇ يەردە كۈن- تۈنى مېھمان.
قىيا تاش ئۈستىدە بىر تۈپ قارىغاي،
ياتىدۇ تېگىدە يىگىت ئوي سۈرۈپ،
ياتىدۇ گويا ئۇ مېھرىگىيانىڭ
گۈللىرى بەرگىدە بەزمە- توي كۆرۈپ.
تېۋىپلار بىباھا قىممەت دورىنى
كېچىسى ئىزدەيدۇ ئۇيقۇدىن كېچىپ.
يانىدۇ يۇلتۇزدەك گۈللىرى تۈندە،
ئۆزىدىن جۇلالىق نۇر-يالقۇن چېچىپ.
ئاشۇ ئوت كۆرۈنگەن جاينى بەلگىلەپ
ئىزدەيدۇ كۈندۈزى زېھنى كۆزىدە.
بىر بىرلەپ تەكشۈرۈپ ھەر بىر گىياھنى،
ئوينايدۇ ئاخىرى شادلىق يۈزىدە.
ياتىدۇ قارىغاي ئاستىدا ئوغۇل،
شەپەقتىن قىزارغان ئوتلاققا قاراپ.
كەلمەكتە شۇنچىلىك ئاستا ئاھ، كېچە،
تەقەززا ئوتىدا يۈرىكى كاۋاپ:

چاپسانىراق كەلسەڭچۇ قاراڭغۇ كېچە،
ياقايمەن ئۈممىدىم چىراغىغا ئوت!
گۆر ئەمەس ئوغلۇڭغا جەننەت ئاتا قىل،
ئالەمدە يېگانە، جاندىن ئەزىز يۇرت!

## ئار - نومۇس گۈلى

1

ئۇ، تۇردى ئورنىدىن،
كۆكتە يۇلتۇزلار،
هاياجان چاچاتتى يېنىۋاتقان كۆز.
ئۆتمەكتە گۈزەل تۈن،
ۋاپادار ئوغۇل
ئايدىغى ئاستىدا گۈل - چېچەكلىك تۈز.
نەم سالقىن هاۋادىن ئىپار پۇرىقى
ئۇرۇلار دىماغقا گۈپۈلدەپ كېلىپ.
ئۇيۇقتا گۈلسەنەم،
ئۆچمەكتە يۇلتۇز،
تاڭ سۆيەر گۈل - چېچەك تەبەسسۇم قىلىپ.
ئاه ئۇردى تاپالماي مېھرىگىيانى،
مەجنۇندەك كۆتۈرۈپ پەريات ئوتلاقتا.
ئەلەم ۋە ھەسرەتنىڭ سۈيى چايقىلار،
ئۇيقۇسىز قىزارغان ئىككى بۇلاقتا.

2

تاپقىچە شىپالىق مېھرىگىيانى،
نېمىشقا كۆرىدۇ ئاپتاپلىق كۈننى؟!
كۈتمەكتە قارىغاي ئاستىدا قىران،
قوقاسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۈننى.
كۆزلىرى ئىچىگە كىرگەن،
چىرايى
قارىداپ قالغان ئۇ، ئوخشاپ دەرۋىشكە.
ئاه، ئۇنىڭ يۈرىكى يەم ئىدى شۇ دەم
ئالەمنى كۆيدۈرەر ۋەھشىي تەشۋىشكە:

كۆزىدە ئانىسى،
ياتىدۇ ئېگراپ،
قاش - كىرپىك ئارىسى ئۆلۈم يا هايات.
تاپمىسا ئۈچ كۈندە مېھرىگىيانى،
گۆر بولار ئۇنىڭغا جىمى كائىنات.

3

ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ئىچكۆيەرىدىن
ئاڭلىغان ھېكايە كەلدى يادىغا.
پەرىدەك قىز بولۇپ مېھرىگىيامۇ
زارلىغان هالەتتە كەلدى ئالدىغا:
قىز كېلەر يۇلتۇزدەك ئېقىپ، زار يىغلاپ:
«ئاچ تېزرەك قوينۇڭنى، جەننەت بې-
غىم!» دەپ.
كېلەر ئۇ، كۆزىدىن تۆكۈپ ياش-يامغۇر
«ئاچ تېزرەك قوينۇڭنى تەگرىتېغىم!»
دەپ.
كەينىدىن كېلەتتى بەگ ئادەملىرى
بىر توپ غالجىرلاردەك قوغلاپ ئىزمۇ - ئىز.
يالۋۇرۇپ سۆيۈملۈك گۈزەل زېمىنغا،
قاچاتتى نالە - زار قىلىپ غۇنچە قىز.
بىردىنلا گۈلدۈرلەپ ھەيۋەتلىك تاغلار
يېرىلدى گۈل - چېچەك قاپلىغان ئوتلاق.
چۆشكەندەك چىرايلىق ساندۇقتا گويا
كىردى يەر قوينىغا كۆزلىرى بۇلاق.
ئاه، بىراق جانانىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى
يەر يېنىپ ئەسلىگە، قالغان تېشىدا.
چەكچىيىپ قېلىشقان بەگ ئادەملىرى
يېرىلىپ قىز كىرگەن ئوتلاق بېشىدا.
بەگ ئاڭلاپ بۇ ئىشنى ئەقىل - هوشىدىن
ئايرىلىپ ساراڭدەك كەتكەن ھۆركىرەپ.
كېيىن ئۇ بېشىغا هويلا - ئارامنى
چاڭ چاچقان بوراندەك قاتتىق گۈركىرەپ.
كۆپ ئۆتمەي گۈللىگەن قىزنىڭ چاچلىرى
بەدىنى، يىلتىزى قالغان ئۆز پېتى.
ئەل گۈلنى ئاتىغان مېھرىگىيا دەپ،
ئەسلىدە شۇنداقكەن رەنانىڭ ئېتى.

4

ئوغۇلنىڭ يادىدا: ھېكايىسىنى
توڭمىتىپ ئانىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى:
(بىر ئېزگۇ تۇيغۇدا كەتكەندى چاقناپ
ئادەتتە مۇلايىم قارا كۆزلىرى.)
ئاز ئۆسەر،
تاپماقتا قىيىن بۇ گۈلنى،
چۈنكى ئۇ بىر گۈزەل جاندىن تۆرەلگەن!
زەرداپ ۋە يىرىڭلار ئارىلاشمىغان
ئەڭ تازا،
ئەڭ جۇشقۇن قاندىن تۆرەلگەن!
بىلسەڭ ئۇ، يالغۇزۇم، ئار - نومۇس گۈلى،
شۇڭلاشقا قىممەتلىك شىپالىق دورا.
بولمىسا ناۋادا ۋىجدان، ئار - نومۇس،
بىلەمسەن، كۆڭۈلنى بىر ئەۋرەز - ئۇرا.
ساقلىغىن كۆزۈڭنىڭ قارىچۇقىدەك،
كەلسىمۇ ئەزرائىل، نومۇس - ئارىڭنى.
ۋىجدانسىز ئادەمنى ئادەم دېمىگىن،
يۇرت ئىشقى سازلىسۇن يۈرەك تارىڭنى.
سەنمۇ ھەي، ئۆلسەڭ،
ئۇمۇ ئۆلىدۇ،
يوق يورۇق ئالەمدە ئۆلمەيدىغان جان!
ياخشىدىن ئات قالار،
قارا يۈزدىن دات.
ئەل سۆيگەن قولىدا گۈللىنەر جاھان!

## مۆجىزىلىك نۇر

1

يەنە تۈن،
ئاسماننىڭ قاپقىقى يامان.
ياڭرايدۇ تاغۇ - تاش گۈلدۈرمامىدىن.
يېگىتنىڭ بېشىدا ئوت قىلىچلىرى،
چۈشمەكتە ئەزرائىل كۆك دەرگاھىدىن.
دەھشەتلىك قاراسلاپ، زىلزىلىگە، ۋاي -
كەلمەكتە يولتۇزسىز زۇلمەتلىك جاھان.
يىقىلىپ چۈشمەكتە يىگىت بېشىغا
ئۆرۈلگەن تاغلاردەك گۈلدۈرلەپ ئاسمان.
دەھشەتلىك ئوت - چاقماق،
گۈلدۈر - قاراستىن
قورقتىمۇ ئەرشىنىڭ گۈزەل ھۆرلىرى؟!
قويۇلدى شارقىراپ ئوتلاق ئۈستىگە،
بۇلاقتەك كۆزلەرنىڭ زىلال سۇلىرى...
ئاسمان دەھشىتىدىن پەرۋايى پەلەك،
يۈرىدۇ چۆپ - چۆپ سۇ بولغان نەۋقىران.
يۈرىدۇ ئارىلاپ گۈلزار ئوتلاقنى،
كۆڭلىدە ئاشۇ گۈل،
ئاشۇ ئوي - ئارمان...

2

ئېچىلدى كۆك ئاسمان،
قىزاردى ئۇپۇق،
ئويغاندى نازلىنىپ گۈل - گىياھ، چېچەك.
تۆكۈلەر مەرۋايىت يوپۇرماقلاردىن،
كۈلمەكتە گوياكى قىز ۋە كېلىنچەك.
بىر سېھرىي گۈزەللىك ئىچىدە چاقناپ
تۇرىدۇ زەر تونلۇق قاتمۇ قات تاغلار.
ئۆرلەيدۇ چوغلىنىپ شەرقتىن قۇياش،
تەبەسسۇم، جىلۋىدە ئورمان ۋە باغلار...
تەڭرىنىڭ تەڭداشسىز جەننەت دىيارى
تاڭ سەھەر پەيزىنىڭ جىمجىتلىقىدا.
ۋە لېكىن، باغرى قان ئولتۇرار غەمكىن
ئاق تاشتا،
قايغۇ - دەرد تىنت - تىنتىلىقىدا...
ئىككى كۈن ئۆتتى ئاھ!
تېخىچە يىگىت
تاپالماي ئاھ ئۇرار مېھرىگىيانى.
قەيەردە تۇرغاندۇ ئۇ مۆكۈپ پىنھان،
قېدىرىپ كۆرسۇنمۇ ئالماس قىيانى؟

3

يەنە تۈن،
يەنە ئۇ، گۈلشەن ئىچىدە،
كۆزىدە ئانىسى كىرىۋاتقان گۆر.
ۋاي ئاۋۇ...

چىنىمدۇ ئۇنىڭ ئالدىدا
ئاجايىپ چىرايلىق مۆجىزىلىك نۇر!
مۇھەببەت نۇرى ئۇ،
ئار- نومۇس نۇرى،
نەچچە مىڭ يىللاردىن تىللاردا داستان.
گۈللەيدۇ بۇ دۇنيا،
گۈللەيدۇ ھايات،
گۈللەيدۇ شۇ نۇردىن يەر ئوغلى — ئىنسان.
تاراملاپ چۈشمەكتە مەرۋايىتتەك ياش،
يىگىتنىڭ قەلبىدە ئىسسىق ھاياجان.
گۈل قىسقان ئۈمىدنىڭ گۈلباھارىدا،
بەختىدىن شادلىنىپ توي قىلماقتا جان.

## قەلب ناخشىسى

1

چۆرىسى چىمەنلىك بۇلاق يېنىدا
تۇراتتى پەرىزات جىلۋىلىك قاراپ.
تۇراتتى مەجنۇن تال ئاستىدا گۈزەل
چېچىنىڭ ئۇچىنى قولىدا تاراپ.
قەلبىمنى تەسۋىرلەپ چىقالارمىدۇ
بۇ پەرى - پەيكەرنى.
ئانا، مەدەت قىل!
بارمىدۇ ئاھ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە
لايىقراق گۈل - چېچەك،
لايىقراق سۆز - تىل؟!
دىلبەرنىڭ قاشلىرى ئۈچ كۈنلۈك ئايدەك،
قاپقارا كىرپىكى تۆكۈلگەن قىلىياش.
تەبەسسۇم ئويناتسا ئاق، سۈزۈك يۈزى،
كۈلەتتى قوشۇلۇپ كۆكتىكى قۇياش.
ئاھۇنىڭ كۆزىدەك كۆزلىرى خۇما،
قاڭشالىق بۇرنى دەل چۈشكەندەك ئېقىپ.
تۆكۈلگەن غۇنچىغا ئوخشايدۇ ئاغزى،
زىناقلار كۆيدۈرەر دىلغا ئوت يېقىپ.
قامىتى كېلىشكەن:
ئەۋرىشىم،
زىلۋا،
گويا بوي ئالغاندەك قىزىل گۈللەردىن.
بىر قىيا بېقىشى يۈرەككە ئاپەت،
ئاڭلىنار مەجنۇننىڭ دادى چۆللەردىن.
ئالدىدا تولۇن ئاي بىچارە دېدەك،
گۈزەللەر مەلىسى ئۇنىڭسىز ۋەيران.
قارايتتى ھەتتاكى گۈللەر، ئاھۇلار
كۆزلىرى جىمىرلاپ،
بولۇپ ھەس - ھەيران.
تۇراتتى يىگىتنىڭ يولىغا قاراپ،
سۇلىرى زۇمرەتتەك بۇلاق بېشىدا.
قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك يالقۇنلۇق مېڭى
چاقنايتتى نۇر چېچىپ ھۆرنىڭ بېشىدا.

2

توختىدى ھەيرانلىق ئىلكىدە قىران
ئالدىدا نۇرلانغان سۈرەتكە قاراپ.
ئۆمرىدە كۆرمىگەن بۇنداق گۈزەلنى،
كەتتى ئاھ، بويىغا بىر يالقۇن تاراپ.
پەرىزات ھۆسنىدە نازۇ كەرەشمە،
كۆزلىرى چاچاتتى سۆيگۈ - مۇھەببەت.
ئەقلىدىن ئايرىلىپ قالغان نەۋقىران
قارايتتى،
كۆزلىرى چاقنايتتى پەقەت.
سىز كىم! — دەپ سورىدى يىگىت ئارانلا،
يانغىنىدىن ئورتىنىپ ۋۇجۇد دالىسى.
مەنمۇ، — دەپ قارىدى كۈلۈمسىرەپ ھۆر،
بۇ گۈزەل تەگرىتاغ كۆزى - قارىسى.
مەن سىزنى كۆزلىتىپ يۈردۈم كۈن ۋە تۈن،
قاپلىدى مۇھەببەت گۈلزار قىيانى.
سىز ئاخىر تاپتىڭىز مىڭ بىر جاپادا
ئانىڭىز داۋاسى - مېھرىگىيانى.
ۋە لېكىن بىلەمسىز، سۇمباتلىق يىگىت،
ماڭىمۇ داۋادى شۇ دورا - مەلھەم.
شۇ كۈنلەر ھاياتىم ئۆلۈم ئۈستىدە،
ۋە لېكىن، خالايمەن ياشاشنى ھەردەم.
ناۋادا بەرسىڭىز مېھرىگىيانى،
بولاتتىم ساقىيىپ سىزگە يار - ھەمدەم.
بولاتتىم بىر ئۆمۈر سىزگە ۋاپادار،

گوياكى غېرىبقا بولغانداك سەنەم.
ئۆتتۈنۈپ سورايمەن سىزدىن شۇ زامان،
ئۈزۈلۈش ئالدىدا بېغى جېنىمنىڭ.
سىز بېرىپ ماڭا ئۇ شىپا دورىنى،
بولۇڭ شاد خاقانى سۆيگۈ ـ مېھرىمنىڭ!
تۇراتتى ئېسىنى يىغالماي تېخى
پەرىزات ئالدىدا جىمجىت نەۋقىران.
ئاستا تۇغ كۆتۈرۈپ چىقتى قەلبىنىڭ
سەھنىسى ئۈستىگە مۇقەددەس ئىمان.
جان ئاتام ياللىق چاغلىرىمدىلا
كۆز يۇمغان، تەقدىرنىڭ قازاسى كېلىپ.
چوڭ قىلدى بىر قېتىم خار قىلماي مېنى،
جان ئانام ھەممىشەم ئۆز جېنى بىلىپ.
شۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام، بىلەمسىز،
ياتىدۇ شۇ تاپتا ئاھ، ئورۇن تۇتۇپ،
ياتىدۇ ئەڭ ئېغىر كېسەل دەردىدە،
يولۇمغا تەلمۈرۈپ،
غېمىنى يۇتۇپ.
تۇتۇپ تۆمۈرىنى بىر لوقمان ھېكىم،
بۇيرۇغان ئانامغا مېھرىگىيانى.
ئوغۇللۇق مۇھەببەت چىقاردى قانات،
ئاختۇردۇم ئۇخلىماي گۈلزار قىيانى.
توسىماڭ يولۇمنى، گۈزەل پەرىزات،
ئۆلگۈرۈپ بارمىسام ئانام يۇمار كۆز.
يۇمسا ئاھ، كۆزىنى مېھرىبان ئانام،
بولار گۆر ماڭا بۇ يورۇق دالا ـ تۈز.
ئىچكۈزمەي ئانامغا مېھرىگىيانى،
بەرسەم ئاھ ـ بولارمۇ سىزگە ئەي رەنا.
شۇنداقمۇ ئېيتىڭا، پەرزەنتلىك بۇرچ،
شۇنداقمۇ ۋاپانىڭ شېئىرىدە مەنە؟!
ئانامدىن ۋاز كېچىپ بەرسەم مەن سىزگە،
بولمامدىم ئالەمدە يۈزۈم قاپقارا!؟
ۋىجدان ئازابىدىن ھەر بىر ھۆجەيرەم
بولمامدۇ كۈن ـ تۈنى قان ئاققان يارا!؟
بولسىمۇ ئىشقىڭىز گويا بىر جەننەت،
بولمامدۇ ئۇ چاغدا ماڭا بىر دوزاخ؟!
توسىماڭ يولۇمنى قالماي كېچىكىپ
ۋە قۇرماڭ قەلبىمگە سېھىرلىك تۇزاق!
كۈتمەكتە جان ئانام،
بولدى، خەيرى خوش،
قەلبىمگە ئوت سالغان تەگرىتاغ قىزى!
ھەرقانداق ئىز ئۆچەر، ئۆچمەس ۋە لېكىن،
كۆڭلۈمگە چېكىلگەن سۆيگۈنىڭ ئىزى.

5

توختاڭ! ـــ دەپ توۋلىدى گۈزەل پەرىزات،
ھاياجان ئىچىدە، ـــ سىزگە گېپىم بار.
يۈرىكىم ساق ئىدى، سۆزىڭىز بىلەن
بولدى ئۇ، ئاھ كېسەل،
مېنى قىلىڭ يار!
قەلبىڭىز ئويغاتتى كۆڭلۈمدە سۆيگۈ،
سىزدىن مەن ئىزدىگەن ئارماننى كۆردۈم.
دىلىڭىز قۇياشلىق نۇرانە جاھان،
ۋاپانىڭ ناخشىسى ـ جانانىنى كۆردۈم!
كۈتىمەن تەلمۈرۈپ سىزنى ھەر كۈنى،
شەپەققە بۆلەنگەن بۇلاق بويىدا.
بولىسىز ئامرىقىم، ئەمدى ھەممىشە،
مۇقەددەس تەگرىتاغ قىزى ئۆيىدە!

6

باستى ئۆز باغرىغا گۈزەل پەرىنى،
ھاياجان ئىچىدە ئېتىلىپ كېلىپ،
قاردى دىلبەرنىڭ ئاھۇ كۆزىگە،
كۆكسىدە مۇھەببەت يالقۇنلاپ يېنىپ:
مۇقەددەس يەر، ئاسمان گۇۋا بولسۇنكى:
كېلىمەن بولغىلى سىزگە سادىق يار.
كېلىمەن پەرىشتە،
كۈتۈڭ سىز مېنى،
بولىمەن بىر ئۆمۈر سىزگە ۋاپادار!

7

كەتتى ئۇ،
پەرىزات بۇلاق بېشىدا

ھاياجان ئىچىدە قالدى ئۈزۈتۈپ.
شاماللار ئويناتتى قۇندۇزدەك قارا
چېچىنى ھەرياققا تارتىپ توزۇتۇپ.
كەينىگە قارايتتى يىگىت قايرىلىپ،
يۈگۈرۈشتىن توختىماي گۈزەل يارىغا.
كۆز بىلەن يوللايتتى سۆيگۈ، ئىشقىنى،
قالغان ئۇ تاغ گۈلى-قېشى قارىغا...

## غالىب مۇھەببەت

1

ئەنە، ساي ئېغىزى،
چىقسىلا ئەزىز
يېزىسى ئاچىدۇ ئىسسىق باغرىنى.
يۈگۈرەيتتى، يۈرىكى ھېيت پەشتىقىدا،
ياڭرىتار توختىماي سۇناي-ناغرىنى...
ئاڭلاندى يىگىتكە شۇ دەم سامادىن
تۇيۇقسىز! «توختىغىن، بالام!» دېگەن ئۈن.
كۆزىدىن ئوت چېچىپ سۇرلۇك بىر بوۋاي
چۈشەتتى،
ئۈستىدە ئاپئاق شايى تون...
قولىدا ھاسىسى،
بېشىدا سەللە،
قاش-كىرپىك، ساقىلى قاردىنمۇ ئاپئاق.
توختىدى ئۇ، چۈشۈپ يىگىت ئالدىدا،
دەھشەتلىك ۋەھىمە تۆكەتتى قاپاق.
كۈتمىگەن ئاجايىپ بۇ ھالنى كۆرۈپ،
نەۋقىران ئوغۇلنىڭ قاچتى ئۆڭ-سېلى.
ئارانلا قولىنى باغلاپ سالامغا،
كەلدى تېز ھودۇققان ھەيرانىنىڭ تىلى.
مەن دېدى،— ئەزرائىل-سۇرلۇك مۇيسىپىت،—
كېلىشىم ئاللانىڭ ئەمرىنى ئېلىپ!
يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۆرلىدى تۇتۇن،
تولىمۇ دەھشەتلىك بىر سىرنى بىلىپ.
ياراتقان ئىگەڭگە ئىمان ئېيت، ھازىر
ئۆمرۈڭ چۈملىسىگە قويىمەن چېكىت.
ئاھ ئۇردى بىر قاراپ مېھرىگىياغا،
كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققان يىگىت.
دېدىكىم: جېنىمنىڭ ئىگىسى خۇدا،
بەرمەيمەن دېيىشكە ھەققىم يوق مېنىڭ.
ئىجازەت سورايمەن پەقەت بىر كۈنگە،
شەپقىتىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ سېنىڭ.
دېدىكىم: نېمىشقا سورايسەن بىر كۈن؟
دېدىكىم: كۈتمەكتە كېسەلچان ئانام!
دېدىكىم: سۆزۈڭنى چۈشىنەلمىدىم،
سىرىڭنىڭ ئۆيىنى ئاچقىنە، بالام!
بىر كۈنگە ئىجازەت سوراش سىرىنى
سۆزلىدى نەۋقىران توختىماي يېشى.
سارغايغان ئىچكەندەك گوياكى زەھەر
جۈدىگەن يىگىتنىڭ ئىچى ۋە تېشى.
بۈگۈن دەل مۆھلەتنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
ئانام بۇ دورىنى ئىچسە كۈلەتتىم؛
مەن سېنى ئۆيۈمدە كۈتسەم ئەتە تاڭ،
بەختكە چۈمۈلۈپ خۇشال ئۆلەتتىم.
شۇ سەۋەب سورۇشۇم بىر كۈنگە رۇخسەت
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى — ئەزرائىل ئاتا!
ۋە لېكىن، ئەجەلدىن قورقتى دەپ، مېنى،
چۈشۈنۈپ قالمىغىن زادىلا خاتا!
دېدىكىم: چۈشەندىم ۋە لېكىن، ئوغلۇم،
قانداقمۇ بۇزىمەن ئاللا ئەمرىنى؟
دېدىكىم: قېرى-ياش ھەممىگە تەڭرىم
ياراتتى ئاخىرى كىرەر قەبرىنى.
ئۆلۈم ھەق، ۋە لېكىن، كېتىمەن قانداق،
ئۆتىمەي ئوغۇللۇق قەرزىمنى، ئاتا؟!
تەڭرىدىن بىر كۈنگە ئىجازەت سوراپ
بەرسەڭ ئاھ، يەتكۈزۈپ ئەرزىمنى ئاتا!
دېدىكىم: ئېيتقىنا، قانداق قەرز بۇ؟
دېدىكىم: ئانىدەك مېھرىبان بارمۇ؟
تۇغمىغان كۈيلىسە ئانا تەرىپى
جېمىكى بۇلبۇللار،

جېمىكى تارمۇ!
كېسەل كۆرپىسىدە ياتقاندا ئانام،
كەتسەم ئاھ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلالماي؛
ياراتقان ئىگەممۇ راۋا كۆرەرمۇ،
بۇ گۇناھ دەردىگە مەن قانداق چىداي؟!
ئانىسى غېمىنى يېمىگەن ئوغۇل
ئوغۇلمۇ، بېشىغا چۈشكەن چاغدا كۈن؟!
ياتىدۇ جان ئانام ئازاب قوينىدا،
بولمىسام پەرزەنتى يۇتمامدىمەن خۇن؟

2

ئەزرائىل ئالدىدا تىزلاندى قىران،
تاراملاپ ياش ئېقىپ ئىككى كۆزىدىن.
قىزىدى يەر - ئاسمان خۇددى تومۇزدەك،
ئوغلانىنىڭ مۇھەببەت كۆيگەن سۆزىدىن:
«ئانامنىڭ بېھېساب قەرزلىرىدىن
بىرىنى قايتۇرۇپ ئالمىدىم دۇئا.
ئىچكۈزەي ئۆز قولۇم بىلەن دورىنى،
بىر كۈنگە رۇخسەت بەر، موھتەرەم ئاتا!
يېلىنىپ سورايمەن سېنىڭدىن شۇدەم،
يەتكۈزگىن دادىمنى ئىگەم خۇداغا!
شۇ تاپتا باقىغا ماڭسام تەگرىمۇ
بولمامدۇ پەرىشان، دەردلىك جۇداغا!

3

غايىبتىن بولغاندەك پەيدا پەرىزات
نەۋقىران يېنىغا تىزلاندى شۇئان.
قولىنى ھۆرمەتتە ئېلىپ كۆكسىگە،
سۆزلىدى كۆزلىرى ياش تۆككەن چولپان؛
يىگىتىم جېنىنى ئالماق ئورنىغا
مەن بېرەي زادىلا ئاغرىنماستىن جان!
كۈتمەكتە ئۇ يەردە كېسەل ئانىسى،
كۆيمىسۇن ھازىدىن بۇ يورۇق جاھان.
ئۇ كەلدى جان ئېلىپ گۈلزار قىيادىن،
قالمىدى تارتمىغان مىسك بىر جاپاسى.

ساقىيار ئىچسىلا مېھرىگىيانى
ئانىسى،
ئۆلمىسۇن ئوغۇل ۋاپاسى!
يېلىنىپ سورايمەن ھۆرمەتلىك ئاتا،
ئورنىغا مەن كەلدىم،
ئېلىڭ جېنىمنى!
قالدۇرۇڭ بۇ يورۇق ئالەمدە تىرىك
يۈرىكىم پارىسى — ئەزىز بېگىمنى!
نەۋقىران: ياق! — دېدى قاتتىق ۋارقىراپ،
تىكىلىپ سۆيۈملۈك يارى كۆزىگە.
ئۆلمىسۇن مەشۇقۇم،
ئۆلمىسۇن زادى،
ئۇ چولپان،
ئۇ قۇياش يۇرت تاغ - تۈزىگە!
مەن ئۆلەي،
پەقەتلا رۇخسەت بەر بىر كۈن،
ئىچكۈزەي ئانامغا مېھرىگىيانى!
ياق! — دېدى پەرىزات، —
ئاڭلىمىغاي يۇرت
ئانىنىڭ ئاغزىدىن قىيا - چىيانى...
ئۇ ئۆلسە ئانىسى بولار سەۋدايى
ۋە يۇلار كۆمۈشتەك ئاپئاق چېچىنى.
دۇنيادا ھەممىدىن ئۇلۇغ ئانىغا،
كۆرسەتمە، ھۆرمەتلىك ئاتا، كېچىنى!
ئەزرائىل دېدى شاد: بارغىن تېز بالام؛
تۆكتى ياش ھاياجان - شادلىقتىن قىران.
تۆكتى ھەم كۆزىدىن خۇشلۇق ئۈنچىسى،
يۈزىدە تەبەسسۇم ئويىنىغان جانان.
شەپەقتىن تاغ - دالا ھەسەن - ھۈسەندەك،
خوش! دېدى يارىغا
ئۇچتى مەلىكە.
پەرىزات تۇراتتى پۇلاڭلىتىپ قول،
قارايتتى ئاشىقى — قالغان لەيلىكە...

مەسئۇل مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت

نۇرمۇھەممەت توختى

# خىياللىرىم

(نەسرلەر)

## ئۆمرۈم

يولدا ئۇزۇنغىچە مېڭىپ يۈردۈم، ناۋادا ئوتۇنچىلارنىڭ ئوتۇنلىرى چۇۋۇلۇپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان بولسا، يۆلىشىپ بېرەرمەن دەپ كۈتتۈم. ئوتۇنچىلار قەدەممدە بىر ئۇچراپ تۇردى، لېكىن ئوتۇنلىرى ئۆرۈلۈپ كەتمىدى، ماڭا ياردەملىشىشكە پۇرسەت چىقمىدى.

تۈگمەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇن تارتىپ بولۇپ ئۆيىگە قايتماقچى بولغانلارنىڭ تاغارلىرىنى ئېشەككە ئارتىشىپ بېرەرمەن دەپ كۈتۈپ تۇردۇم. تۈگمەندىن قايتقانلار خېلى كۆپ بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئېشىكىمۇ، تاغىرىمۇ يوق ئىكەن. خالتىلىرىنى يۈدۈپ كېتىپ قېلىشتى. ماڭا ياردەملىشىشكە پۇرسەت چىقمىدى.

تۆت كوچا كېسىشكەن دوقمۇشقا كېلىپ، بىرەر ياقا يۇرتلۇقنىڭ يول سورىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. لېكىن ھېچكىم كەلمىدى. يولمۇ سورىمىدى.

ئۆيگە قايتتىم. كىچىك ئوغلۇمنىڭ قانداقتۇر بىر ئىش توغرىسىدا مەندىن مەسلىھەت سورىشىنى ئارزۇ قىلدىم. لېكىن ئۇ مەندىن ئەمەس ئاكىسىدىن مەسلىھەت سورىدى.

ئۆيدىن چىقىپ مەسچىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاق ساقاللىق موللىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. خېلى ئۇزاق كۈتۈپ تۇرغان بولساممۇ موللىدىن دېرەك بولمىدى. ئەگەر ئۇنى ئۇچراتقان بولسام جەننەتكە قايسى يوچۇقتىن كىرگىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپ كۆرمەكچى ئىدىم.

مومىيىم كېلىپ قولۇمدىن يېتىلەپ ئېلىپ كەتتى. مەسچىتنىڭ ئالدىدا كىمنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىمنى سوراپمۇ قويمىدى. مەن ئۇنىڭ مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. لېكىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، پەقەت گۈزەل، شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈش ئۈچۈنلا ئۇخلاپتىمەن. لېكىن مېنى كۆپرەك قارا بېسىپتۇ...

## قۇرت

كىچىككىنە بېغىمىز بار ئىدى. باھاردا بېغىمىزغا كۆكتات تېرىدۇق. كۆكتاتلار راسا پاقلان بولۇپ ئۆسۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالىم «كۆكتاتلارغا قۇرت چۈشۈپتۇ» دېدى. مەن ئۈندىمىدىم. نېمە دېسەم بولاتتى؟ شۇ كۈنلەردە ئۆرۈك چېچەكلىگەندى. كۆپ ئۆتمەي غورىلار شاكال تۇتۇپ، ئۆرۈك ياپراقلىرى تەڭگىدەك بولدى. ئايالىم يەنە «ئۆرۈك ياپراقلىرىغا پىت چۈشۈپتۇ» دەپ كەلدى. مەن يەنىلا ئۈندىمەي تورۇسقا قاراپ يېتىۋەردىم. تورۇستىكى بالا ۋە ۋاسىلاردىن سېرىق قوناقنىڭ ئۇنىغا ئوخشاش توزۇندىلار چۈشۈۋاتاتتى. مەن ئايالىمغا قاراپ «ياغاچلارغا قۇرت چۈشۈپتۇ» دېدىم. ئۇ ئۈندىمىدى. ھويلىغا قارىسام، ئۇ يەردىكى مەشىنىڭ كانىيىنى سېرىق قۇرۇملار قاپلاپ كېتىپتۇ. مەن «تۆمۈر داتلىشىپتۇ» دېدىم. ئايالىم يەنىلا ئۈندىمىدى. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئىرەن قىلماي ئۆي ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى...

كېيىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم. يەرلەرنىڭ شورلاشقانلىقىنى، قويلارنى قوتۇر باسقانلىقىنى، بۇغدايغا ھال چۈشكەنلىكىنى، توخۇلارغا ۋابا تەگكەنلىكىنى، شاپتۇل، ئەينۇلا، پىستە، بادام دەرەخلىرىدىن يېلىم ئېقىپ، ئالما-نەشپۈتلەرگە داغ چۈشكەنلىكىنى، تال شۇڭلىرىنىڭ چاللاپ ئۈزۈمىنىڭ سېرىق بولۇپ قالغانلىقىنى، قوناقنىڭ قارىباش، ياڭاقنىڭ پوچەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن بۇلارنى ئايالىمغا دېمىدىم. دېسەممۇ ئۇ ئۈندىمىگەن بولاتتى. ھېس قىلىشىمچە، ئايالىممۇ نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سېزىپتۇ. ئامبارغا چاشقان، گۈرۈچكە مىتە، گىلەمگە كۈيە، چېھرىمگە قورۇق، چاچلىرىمغا قىراۋ چۈشكەنلىكىنى، ئەينەككە دەز كېتىپ، تاغاقنىڭ چىشلىرى سۇنغانلىقىنى، ئۈپىنىڭ نەملىشىپ، ئەڭلىكتىن رەڭ قاچقانلىقىنى، گۆشكە بەز، پاختىغا ماز ئارىلاشقانلىقىنى... ھېس قىپتۇ. لېكىن ئۇمۇ ماڭا ھېچنىمە دېمىدى. ئەگەر لەۋ يېرىپ بىر نەرسە دېگەن بولسا، ئەلۋەتتە يەنىلا ئۈندىمىگەن بولاتتىم.

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۈن-تىنسىز ئۆتۈۋەردى. قۇرتلار يوغىناپ يىلاندەك لۆمۈلدىدى. كۈيىلەر قانات چىقىرىپ شەپەرەڭدەك ئۇچتى. مەن شۇ چاغدا يەنە نېمىدۇ بىر نەرسىگە قۇرت، مىتە چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دىققەت بىلەن قارىسام، ئۇ مۇھەببەت ئىكەن.

## غازىنىڭ شورپىسىغا نان چىلاش

ھەپتىدىن بېرى جىددىي تەييارلىقلار بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتقان ئايالىم كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ پىچىرلىدى:

— ئەتە ھېيت بولىدۇ!

ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا «بىر تامباللىق قىزىل چىت ئېلىپ بەرسىڭىز...» دەۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئىمىنىدۇر كۈتۈپ كەلگەن ئوغلۇم بار ئاۋازى بىلەن چۇقان سالدى:

— ئەتە ھېيت بولىدۇ!

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى «ماڭا ھېيتلىق بەر، مەن تۇخۇم چېكىشتۇرىمەن» دەپ چۈشەندىم.

تامنىڭ كەينىدىن قوشنا ئايالنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەتە ھېيت بولىدۇ!

مەن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم.

قۇياش پارلىدى. دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى پىچىرلىدى. تۇنجى ئېچىلغان گۈللەر خۇش ھىد چاچتى. كەچتە يۇلتۇزلارنىڭ تولىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاسماندا قىزىمنىڭ قاشلىرىدەك ئىنچىكە ھىلال ئاي ئالتۇن ئورغاق بولۇپ تۇراتتى. قەلبىمگە قۇلاق سالدىم. ئۇ يەردىن خۇدانىڭ مۇقەددەس ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەتە ھېيت بولىدۇ!

مەن يەنىلا ئىشەنمىدىم. مۇھەببەتكە قاچان ھېيت بولغان؟

## قارانچۇق

باھار شامىلى ئىسسىپ، ئاپتاپ بەدىنىمنى يىللىتىشقا باشلىغاندا، ئوغلۇمنىڭ نېمىلەرنىدۇ تاراقشىتىپ ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم.

— نېمە قىلىۋاتىسەن ئوغلۇم؟

— باغقا گۈل تېرىيمىكىن دەيمەن، دادا؟

— خۇدا قولۇڭغا قۇۋۋەت بەرسۇن ئوغلۇم. يەرنىڭ جامالىغا پەرداز قىلىشنى ئۇنۇتما. ئۇ قانچە گۈزەللەشسە، قەلبىڭدىكى يالقۇن شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئاشۇ يالقۇنلار سېنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تاۋلايدۇ...

مېنىڭ كوتۇلداشلىرىمدىن زېرىككەن بولسا كېرەك، ئوغلۇم جاۋاب بەرمىدى. كەتمەننىڭ يەرگە گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان ساداسى ئۇزۇنغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن ئوغلۇم؟

— گۈلنى تېرىپ بولدۇم. ئەمدى قارانچۇق تىكلەۋاتىمەن. ئۇچار قاناتلار گۈل ئۇرۇقلىرىنى يەپ قويمىسۇن...

مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قەپەس شەكىللىك شاخ، ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويۇلغان كونا سالۋار تەلپەك، ئەسكى قارا چاپان، چاپاننىڭ يەڭلىرىگە ئېسىپ قويۇلغان رەڭدار قەغەزلەر كەلدى. ئۇ گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەڭلىرىنى كېرىپ، شامالنىڭ سوقۇشى بىلەن رەڭدار قەغەزلەرنى پۇلاڭلىتىپ شاراخشىپ تۇراتتى.

— ياخشى ئويلاپسەن ئوغلۇم، قارانچۇق بولمىسا ئۇچار قاناتلار گۈل ئۇرۇقلىرىنى يەپ قويۇشى مۇمكىن. ياخشى ئويلاپسەن، لېكىن مەن...

مەن جىمىپ قالدىم. ئوغلۇممۇ ئۈندىمىدى. قارىچۇقلىرى ئېقىپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاچچىق ياش تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن ئەمدى يىغلىغانلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟

## پاجىئە

ئۆكۈزنىڭ كۆزىدەك چوڭلۇقتىكى يۇمىلاق ئەينەكنى قوياشقا تۇتقانىدىم، ئۇنىڭدىن بىر دەستە ئالتۇن رەڭ نۇر قايىتتى. مەن ئاشۇ نۇرنى كوھمارىمدىكى قەدىمىي غارنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپ، غاردا مىغىلدىشىپ ياتقان ئىلاھى يىلانلارنى كۆردۈم.

ئەينەكتىن قايتقان ئاشۇ نۇرنى يەنە ئىمامى جاففىرىم سادىقتىكى توغراقلارغا، ئىمامى جاففىرىم تەيياندىكى ئوت كەتكەن مەسچىتكە، ئىمامى ئاسمىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىگە، ئىمامى ھاشىمدىكى قۇرۇپ قالغان قومۇشلارغا، ئىمامى ئەسكىرىدىكى سامان تىقىلغان تۇلۇم ۋە ھەرە چىشلىق ئاق ئەلەملەرگە چۈشۈردۈم. كۆزۈمگە ئۆمۈچۈك ۋە ئۇنىڭ گۈزەل تورىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۆمۈچۈكلەر قورساقلىرىنى پومپايتىپ يەنىمۇ كۆپ، يەنىمۇ گۈزەل تورلارنى توقۇپ يۈرەتتى.

مەن نۇرنى يۆتكەپ كونا ۋە يېڭى مەسچىتلەر يېنىدىكى ھامىمالارنىڭ تەرەتكە سۇ بېرىدىغان زەي ھۇجرىلىرىغا چۈشۈردۈم. ئەۋرەزدە خۇددى تەلپەكتەك يوغىنىغان بىر چار پاقا پوكىنىنى لىپىلدىتىپ، ئاغزىنى ھاڭ ئېچىپ مىختەك قادىلىپ تۇرۇپتۇ.

سېرىق ھەرىنىڭ گۈڭگۈلدىغان ئاۋازى دىققىتىمنى بۆلۈۋەتتى. مەن ئەينىكىمدىن قايتقان ئەكس نۇرنى يېڭى مەسچىتنىڭ گۈزەل نەقىشلىرى ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ھەرىنىڭ ئالتۇن قاناتلىرىغا چۈشۈردۈم. ئالتۇن نۇقتا ھاسىل بولدى. ئۇ گۈڭگۈلداپ بىرچۈۋىنىنى قوغلاپ يۈرەتتى. چىۋىن بولسا، ئۆمۈچۈك تورلىرى تەرەپكە قاچاتتى...

مەن چىۋىنىنى ئۆمۈچۈك تۇتقان، ئۆمۈچۈككە ھەرە چاڭگال سالغان، ھەرىنى پاقا ھاپ ئەتكەن، پاقىنى يىلان يۇتقان، ھەرە پاقىنىڭ قورسىقىنى چاققان، ئاغرىقىقا چىدىمىغان پاقا يىلاننىڭ ئىچىدىن پۇۋلەشكە باشلىغان مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. پاجىئە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. يىراقلارغا قاچتىم. ئەگەر پاقا بىلەن يىلان پاكىتىدە يېرىلىپ كەتسە، جاھان بۇلغىنىشى مۇمكىن.

## تاغ سۈيى

تاغ سۈيى يىراقلارغا سەپەر قىلدى. ئۇ تاغنىڭ قەدرىگە يەتمەي، تاغدىن چۈشۈپ قىرغاقلارنى سۈيمەكچى، ۋادىلارنى كەزمەكچى، خۇددى سەيياھلاردەك قۇملۇقلارنى ئارىلاپ، توغراق سايىلىرىدا سەگىدىمەكچى، ئاخىرى لوپنۇرغىچە بېرىپ زىلۋا قامەت قومۇشلار بىلەن پىچىرلاشماقچى ئىدى. قىسقىسى ئۇ ئۆزى خالىغان يەرلەردە سەيلى-ساياھەت قى-

لىپ، تاشتىن تاشلارغا سەكرەپ، ۋىلقىلاپ كۆلۈپ، شوخلۇق بىلەن ئۇنچە چىچىپ ئوينىغاچى ئىدى. دولقۇنلاپ شاۋقۇن سېلىشىمۇ، مەۋج ئۇرۇپ قوشاق قېتىشىمۇ ئۇنىڭ سايا- ھەت پىلانىنىڭ مەزمۇنىدا بار ئىدى... بىچارە ئەخمەق! مېنىڭ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنىمنى نەدىن بىلسۇن؟

ئۇ تاغدىن چۈشۈپ ئانچە ئۇزاق ماڭمىدى. تاشتىن تاشقا سەكرەپ، ئۇنچە چېچىپ ئازراق شوخلۇقلا قىلالىدى. ھەممىسى شۇ. مەن ئۇنى توسۇپ قويىدۇم. ئۇ ماڭا كېلىپ ئۇسكەندە مەن پۈتۈن گەۋدەم بىلەن ئۇنى ئارقىغا تۇرتتۇم، قىستىدىم. ئۇ بولۇقشۇپ بىرىنچى زەربىدىلا ياۋىشىپ قالدى. ياۋاشنى تاپقاندا رەھىم قىلمەنمۇ؟ مەن ئۇنى نو- سۇگگۈچلەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدىم. ئۇ ياۋاشلىق بىلەن ئۆتتى. بۇ لالىما ئىتلار ئۆتۈپ ئوينىغان نو-سۇگگۈچلەرنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئەمدى ئۇ تاغقا قايتىشنى مەڭگۈ خام خىيال قىلمىسۇن!

## ئۆكۈنۈش

جاھاندا ياغىدىغان نەرسە بەك كۆپ ئىكەن. قار، يامغۇر، مۆلدۈر ياغىدىكەن. ئاق- لاشلارغا قارىغاندا، تەڭگە ۋە بېلىق ياغقان چاغلارمۇ بوپتۇ. قاچاندۇ بىر چاغدا مەنسۇر ئەللاجىنىڭ بېشىغا تاش ۋە چالما كېسەكمۇ ياغقان ئىكەن. بىزنىڭ يۇرتتا كۆپرەك چاڭ- توپا ياغىدۇ. غەزەپ-نەپرەت ۋە تۆكرۆك ياغقان ئىشلارنىمۇ كۆردۈم. جەڭ مەيدانىدا ئوقمۇ ياغارمىش...

مەن ئۇزۇن يىل كۈتتۈم، پەقەت بىرلا نەرسە ياغمىدى. ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت!

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە


مۇشتىرى بولۇشقا ئالدىراڭلار

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى مەملىكىتىمىزدە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭدا پوۋېست، ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، نەسىر، شېئىر، ئوبزور ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن تاللانمىلار، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ژۇرنىلىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىرادە تىكلىگەن يازغۇچى، تەرجىمانلارنىڭ، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان كەڭ كىتابخانلارنىڭ پايدىلىق ئوقۇشلۇقى، ئوبدان ياردەمچىسى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جايلاردىكى پوچتىخانىلار ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرى ئۈچۈن مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا يېقىن ئارىدىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ، كېلەر يىللىق سانلىرى ئۈچۈن مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1050/1 ۋەكا- لەت نومۇرى: 51 — 58، ئايلىق باھاسى: 1.10 يۈەن، يىللىق باھاسى: 13.20 يۈەن.

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر ژۇرنىلى تەھرىر» بۆلۈمى



قاهار جېلىل

# ئۈچ ھېكايە

## يىلىلىق كۆز

ھەر كۈنى كوچا ئايلىنىش بىر خىل
ئادىتىمگە ئايلانغانىدى. پىيادىلار يولىدا
كېتىۋېتىپ ياكى دوقمۇشلاردا توختاپ تو-
نۇش ـ بىلىشلەر بىلەن سالاملىشاتتىم. پاراڭ-
لىشاتتىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىم-
دا بىر كۈنلۈك ئېغىر خىزمەت هاردۇقى-
دىن تامام قۇتۇلۇپ ئۆزگىچە يېنىكلەپ
قالاتتىم.

دەم ئېلىشقا چىققان ئىككى يىلدىن
بۇيان بۇ ئادىتىم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەم-
دى بۇرۇنقىدەك خىزمەت ۋاقتى توشۇشىنى
زارىقىپ كۈتۈشۈمنىڭ هاجىتى يوق، بىر
كۈنلۈك ۋاقتىنىڭ قايسى مەزگىلىدىن پاي-
دىلانسام بولۇۋېرىدۇ.

بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن
ئازراق ئۇخلاپتىمەن. ئويغانغان چېغىمدا
سائەت ئىككىدىن چارەك ئۆتۈپتۇ. يۈزۈمنى
يۇيۇپ، قاپىقىمنىڭ ئىششىقىنى تارقاتتىم ـ دە،
ئۆيدىن چىقتىم.

ئۆكتەبىرنىڭ تەڭ يېرىمى ئۆتۈپ
كەتكىنىگە قارىماي هاۋا تېخى خېلى يىل-
لىق ئىدى. ئاسماندا بۇلۇتتىن، نە شامالدىن
ئەسەر يوق، كۈز قۇياشى سېخىلىق بىلەن
نۇر تۆكەتتى. كوچا ئايلىنىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ
ئېسىل مەزگىلى بولامدۇ! مەن قانائەتلەن-
گەن، هۇزۇرلانغان هالدا كۈلۈمسىرەپ يو-
لۇمنى داۋام قىلدىم. خىزمەت ۋاقتى بول-
غاچقا تونۇش ـ بىلىشلەر كۆپ ئۇچراشمىدى.
خىيالىمدا ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن مۇڭداشقاچ
بىر كىلومېتىردەك يول باستىم. ئاندىن بىر

دوقمۇشتىن قايرىلىپ 10 — 15 قەدەم ماڭغاندىن كېيىن توختىدىم. بۇ يەر مېنىڭ بىر «توختاش بېكىتىم» ئىدى. بۇ يەردىن كوچىلار كېسىشكەن جايدىكى يۇمىلاق گۈللۈك، دوقمۇشلارغا جايلاشقان ماگىزىن، كىنوخانا ۋە مېھمانخانا ئالدىدىكى كىچىك مەيدانچاقلار خۇددى ئالقىنىمدىكىدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى. گۈللۈكتە ھەر رەڭ، ھەر شەكىلدىكى كۈزلۈك گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ھەرىكەتچان تۇرۇبا ئاستا ئايلىنىپ ئۈزمەي سۇ پۈركۈپ تۇراتتى.

— چوڭ يولدا ماڭايلى.

— ياق، ئۇ يەردە ماڭساق بولمايدۇ.

يېنىمدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋازلار ئىختىيارسىز دىققىتىمنى تارتتى. بۇرۇلۇپ قارىدىم. مەندىن تۆت-بەش قەدەم نېرىدا ياشانغان بىر جۈپ ئەر-ئايال تالاش-تارتىش قىلىشىۋېتىپتۇ. قول ھارۋىسىدا ئولتۇرغان مۇماينى 60 ياشتىن ئاشقان بولسا كېرەك، دەپ مۆلچەرلىدىم. بەلكىم 70 تىنمۇ ئاتلىغاندۇ. لېكىن چىرايىدا ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرنىڭكىدەك ساغلاملىق، خاتىرجەملىك ۋە يېقىملىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ چىرايلىق ياستىۋالغان كەكە ساقىلى ئۇچىدەك ئاقارغانىدى، ئەمما قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. چىرايى ۋە كۆزلىرىدىكى ساغلاملىق بەلگىلىرى مومايىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشەتتىكى، ھەرگىز كەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ھارۋىنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇراتتى. ھەر ئىككىسىلا ئۈستىگە قېرىلارغا خاس يارىشىملىق يېڭى كىيىملەرنى كىيگەنىدى.

— نېمىشقا بولمايدىكەن، ھەممىسى خۇدانىڭ يولى تۇرسا؟

— ھەي، سىلە بىلمەيسىلەر، چوڭ يول دېگەندە ماشىنىلار ماڭىدۇ.

— مەن بىر قېتىملا ماڭاي دەۋاتىمەن، بىز ماشىنىلارغا دەخلى قىلمايدىغان تۇرساق.

بوۋاي دەماللىققا جورىسىنىڭ بۇ سۆزىنى رەت قىلغۇدەك مۇۋاپىق سۆز تاپالمىغان بولسا كېرەك، ئېغىز ئاچالماي قالدى، بىر قولىنى تۇتقۇچتىن بوشىتىپ ساقىلىنى سىپىدى.

— ئەستەغپىرۇللا، سىلىنى-زە، — دېدى ئۇ ئاخىرى سەل تېرىكىپ، — مۇنداق تەرسالىق قىلماڭلار، مۇشۇ يولدا مېڭىۋېرەيلى، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ھارۋىنى ئىتتىرىپ ماڭدى.

— توختات! — موماي كەينىگە بۇرۇلۇپ كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن بوۋاينىڭ قولىغا بىر نەچچىنى ئۇردى، — سەن توپاق، نېمىشقا كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسەن؟

— ماڭا قاراڭلا ئانىسى، كېپىمنى چۈشىنىڭلا، — بوۋاي ھارۋىنى توختىتىپ يېلىنىش تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى، — چوڭ يولدا ماڭساق ساقچىلار ئاچچىقلايدۇ.

— مەن ئۇلارغا ئوبدان گەپ قىلىپ ئاچچىقىنى ياندۇرىمەن.

— جەرىمانە قويىدۇ.

— مەيلى تۆلەيمىز.

ئاخىرى بوۋاينىڭ ئايالىنى گەپكە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى:

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا چوڭ يولدا ئۆزۈڭ ماڭ. مەن ئۆيگە قايتىپ كېتىمەن، — بوۋاي راستىنلا كېتىدىغاندەك كەينىگە بىرنەچچە قەدەم ياندى.

موماي گەۋدىسىنى كۈچ بىلەن بۇراپ

ئېرىنگە قارىدى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىنى ھەيرانلىق ۋە قېيىداش ئارىلاشقان بىر خىل نارازىلىق كەيپىيات ئىگىلىگەنىدى.

— مېنىڭ ماڭالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتىسەن-ھە!؟ — دېدى ئۇ خېلى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

شۇ دەم قەلبىمنى مومايغا قارىتا بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. مۇنۇ بوۋايمۇ تازا تەرسا نېمىكەن. پالەچ مومايىنى ھەر كۈنى مۇنداق ساياھەتكە ئېلىپ چىقمايدىغاندۇ. ئۇنى بىر قېتىم چوڭ يولدا ماڭدۇرۇپ قويغانغا نېمە بولاتتى. قائىدە-رەسمىيەت دېگەنگە شۇنچىۋالا يېپىشىۋالغان بارمۇ!؟

شۇنىڭغا ئەگىشىپلا خىيالىمدا موماي ئولتۇرغان ھارۋىنى چوڭ يولغا ئىتتىرىپ ئەكىرىپ، كوچا بويلاپ قانغۇچە ئايلاندۇرۇش ئىستىكى تۇغۇلدى-دە، ئۇنىڭغا قاراپ قەدەم تاشلىدىم. ئەمما بوۋاي مەندىن چاققان كەلدى.

— ئانىسى، خاپا بولماڭلا، — دېدى ئۇ مەندىن بۇرۇن ھارۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — كۆڭلۈڭلىنى ئاغرىتىپ قويدۇم، ناماقۇل بولاي.

— سەن توپاقنىڭ ھىيلىسىنى بىلمەيتتىممۇ مەن، — موماي ھۇزۇرلانغان ھالدا كۈلۈۋەتتى، — قىرىق بەش يىلدىن بۇيان مېنى تاشلاپ كەتمىگەن ئادەم، ئەمدى تاشلاپ كېتەرمىدىڭ؟

قىزىق: ئىنسان خاراكتېرى دېگەن ھەقىقەتەن بىر تېپىشماق ئىكەن-دە. بوۋاينى تەرسالىقىدىن مۇنچە تېز يانار دەپ كىممۇ ئويلىغان. ئۇ ھەتتا مومىيىنى تەسلىم قىلىش ئۈچۈن سۆزىگە ھەرىكىتىنى يارداھچى قىلىپ، ئاتالمىش «تاشلاپ كېتىش» تاكتىكىسىنى قوللانغان ئەنئەسمىدى؟ لېكىن بۇ تاكتىكا شۇ ھامان ئۆزىنى مەغلۇپ قىلىش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئۇ ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولسا كېرەك.

بوۋاي ئەمدى گەپ-سۆز قىلماي ھارۋىنىڭ ئالدىنى چوڭ يول تەرەپكە بۇراپ، ئۇنى پىيادىلەر يولىدىن ئاۋايلاپ چۈشۈردى-دە، ئاستا ئىتتىرىپ ماڭدى.

بىكارچى ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ياكى ھەمدەردلىك تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدىنمۇ، ئىش قىلىپ، كۆز ئالدىمدا سادىر بولغان ئۇ كىچىككىنە ئىش مېنى قىزىقتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا ئىختىيارسىز ھالدا پىيادىلەر يولى بويلاپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم. بىزنى بارى-يوقى ئىككى-ئۈچ قەدەمچە ئارىلىق ئايرىپ تۇراتتى.

— ئانىسى، بۈگۈنكى ئىشىڭلىدىن راستىنلا ھەيران بولدۇم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كوچا ئايلىنىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئىلگىرى پىيادىلەر يولىدىلا ماڭاتتۇق. بىرەر قېتىممۇ چوڭ يولدا ماڭايلى دېمىگەنتىڭلا. بۈگۈن بۇنداق ئارزۇ قانداق قىلىپ خىيالىڭلارغا كىرىپ قالدى؟

— دادىسى، قاراڭلا كۈننىڭ ئۇچۇقلۇقىنى. ئاۋۇ يەردە ماڭسا ئاپتاپنى دەرەخ توسۇۋالىدىكەن. بۇ يەر شۇنداق يىللىق، شۇنداق يورۇق تۇرسا.

— ھە، مۇنداق دەڭلا... راست ئېيتىسىلە، بۇ يەر جانغا راھەتكەن.

ئۇلار ئاستا ماڭغاچ سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۆزلىرى ھەقىقىدىمۇ،

ئوغۇل-قىز، نەۋرە-چەۋرىلىرى ھەققىدىمۇ، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ھەققىدىمۇ سۆزلەشتى. بەزىدە بايىقىدەك كۆز قاراشلىرى بىر يەردىن چىقمايمۇ قالاتتى. ئەمما بۇ چاغدىكى تالاش-تارتىشلىرىمۇ بىر خىل مۇلايىم، يىلىلىق كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلاتتى.

دوقمۇشقا بارغاندىن كېيىن موماينىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلار ئارقىسىغا قايتىشتى. مەن ئەمدى ئەگەشمىدىم، ئەمما ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردۇم. ئۇلار يەنىلا چوڭ يولدا كېتىۋاتاتتى. بوۋاينىڭ بادام دوپپىسى بىلەن موماينىڭ گۈللۈك داكا لېچەكى قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاققۇدەك پارقىرايتتى.

## تومۇردا ئاققىنى يەنىلا قان

بۇرۇنمۇ قانچە قېتىملاپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلغان ئادەممەن. شۇڭا يول ئازابىنى دېگەنگە ئانچە پىسەنت قىلمايمەن. بىراق، راستىنى ئېيتسام، بۇ قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرمىغىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم. گەپنى باشتىن باشلاي:

ئۈلۈشكۈن ئەتىگەن ماتور ئوت ئالدۇرۇلغان چاغدا ئۈستىگە سەل مايلاشقان ئىش كىيىمى كىيگەن، چېكە چاچلىرى كېپكىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ سول پېشانىسىنى يېپىۋالغان 22-23 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ، دۇغىلاقىنا كەلگەن بىر يىگىت ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاندىن خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە ھەممەيلەنگە قاراپ تۇرۇپ قىزغىن سالام بەردى:

— سالام ھۆرمەتلىك ھەمراھلار!

ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ھەقىقەتەن كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى. شۇڭا بىزمۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇردۇق. ئۇ يىگىتنىڭ ئورنى ئارقىدىراق ئىكەن. بىردەمدىن كېيىن ئارقا تەرەپتىن ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئاداش، «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» دەپتىكەن. بىز بولساق تۆت-بەش كۈنگىچە بىر-بىرىمىزگە ياندىشىپلا ئولتۇرىمىز. شۇڭا يېقىن تېپىشقان ئاكا-ئۇكىلاردەك ئۆزىمىزنى بىر تەبرىكلىۋالمايمىزمۇ؟

بۇ گەپ قىزىق تۇيۇلۇپ، بۇرۇلۇپ قارىدىم. شۇ ئارىدا ھېلىقى يىگىت سومكىسىدىن بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ، ئاغزىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئاچتى.

— ئالدى بىلەن تونۇشۇۋالايلى، پېقىرنىڭ ئىسمى-شەرىپى ئۆمەر. قېنى ئەمىسە، سەپەرداش بولغىنىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خوشە! — ئۇ بوتۇلكىنى لېۋىدىن ئاجراتماي ئىككى-ئۈچ يۇتۇمچە ھاراق ئىچتى. ئاندىن سول قولى بىلەن جاۋغايلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئوڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى يېنىدىكى ھەمراھىغا ئۇزاتتى، — ئېلىڭ، ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭ.

ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دىمەتلىك ھەمراھىمۇ ئەسلىدىن ھاراققا ئامراقمىدى ياكى ئۆمەرنىڭ خۇش خۇي مۇئامىلىسىدىن ئېرىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر تەكەللۇپ قىلمايلا بوتۇلكىنى ئالدىدە، ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىپ بىر يۇتۇم ھاراق ئىچتى.

ئۆمەر شۇنىڭدىن كېيىن بوتۇلكىنى ئۆزىنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىكى ۋە يېنىدىكى قاتارلاردا ئولتۇرغانلارغا بىر-بىرلەپ تۇتۇپ چىقتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزرە

ئېيتىپ رەت قىلدى، بەزىلىرى ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن بولدى.

— ھە، مەيلى، زورلاش يوق، — دەيتتى ئۆمەر رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندىمۇ قىلچە رەنجىمەي.

ئۇنىڭ چىرايىدىن سەممىمىي تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. ھەر بىر كىشىگە ھاراق تۇتقاندا دوستلۇقنى ئىپادىلەيدىغان بىر يېڭى گەپ تاپاتتى. شۇنداقتىمۇ قاق سەھەردە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىراق سەپەرگە ماڭغان ئاپتوبۇس ئىچىدە باشلانغان مۇنداق ئۆلپەتچىلىك ماڭا ياقمىدى. شۇڭا ئىچىمدە ئۆمەرنى «شاللاقراق يىگىتكەن» دەپ باھالاپ ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى يۆتكىدىم. ئالدىمغا قاراپ ۋە كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرغان بولساممۇ ھېلىقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە كۈلكە-چاقچاقلىرىدىن ئىچىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. خەيرىيەت، كۆزنەكلەر ئوچۇق بولغاچقا، ھاراقنىڭ پۇرىقى ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ھاۋانى بۇلغىمىدى. بولمىسا تازا بىر ئىش بولاتتى-دە.

بىرىنچى توختىغان كالتە بازاردا تاماق يېدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتوبۇس تاغ ئارىسىدىكى يولغا كىردى. ھە دېمەي ئېزىلىپ مۈگدەشكە باشلىدۇق. بىراق بۇ چاغدا ئۆمەرلەرنىڭ ئۆلپەتچىلىكى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. باشقا ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشقان ئىچەرمەنلەرمۇ ئەمدى ئۆمەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىچمەسلەر بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ شۇ يەرگە يىغىلىشقانىدى. ئۇلار ئىچىشەتتى، چاقچاقلىشاتتى، كۈلۈشەتتى. بەزىدە بىرەرسى مەلۇم بىر ناخشىنىڭ بىر مىسراسىنى ئېيتسا، كېيىنكى مىسراغا بىر نەچچىسى قوشۇلاتتى. لېكىن ھېچبىر ناخشىنى ئاخىرىغىچە ئېيتالمايتتى. ئۆمەر پات-پات سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىش ئۈچۈن:

— قېنى ئاغىنىلەر، بىر ھۆررا توۋلىۋەتمەيلىمۇ؟ — دەيتتى. ئارقىدىنلا باشقىلىرى خۇددى قورغان دەرۋازىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەن غالىبلاردەك بىر ئېغىزدىن ۋارقىرىشاتتى.

مۇنداق قىقاس-چۇقان ئىچىدە قانداقمۇ ئۇخلىغىلى بولسۇن. ھەمراھىممۇ تېرىكىپ ئولتۇرغانىكەن، بىرچاغدا:

— تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى-دە، — دېدى غودۇراپ.

— شۇنى دەڭە، بىر توپ ئالىقاپلار بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قالغىنىمىزنى دېمەمدىغان!

— ھەممىنى تېرىغان ئاۋۇ ئۆمەر دېگەن بىر نېمە.

— ئۇ تازا ئۇچىغا چىققان جەللگۆرگەن.

— ئاق نانچى.

— ئەدەبسىز لۈكچەك.

بىز بىر-بىرىمىزگە دوست تارتىشىپ ئۇلارنى راسا ئەيىبلىدۇق، بولۇپمۇ ئۆمەر دېگەن يىگىت تىل-ھاقارەتكە كۆمۈلدى. بىراق ئۇلار بۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا ئۆلپەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

— ئۇلار ئۆزىنى سورىمايدىكەن، ئەمدى گەپ قىلمىساق بولمىدى، — دېدىم مەن ئاخىرى غەزىپىمنى باسالماي.

لېكىن ھەمراھىم بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى:

— قويۇڭ، لۈكچەك بىلەن ئاناڭ، قىزىڭ دېيىشىپ قالمايلى.

راست، ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. لۈك-

چەك دىگەن يۈز - خاتىرىنى بىلمەيدۇ. ئەلپازىنى بۇزسا، بىكارغا كۆڭلۈمنى ئاغرىتىۋالماي يەنە.

ئامالسىز غەزىپىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. دەل شۇ پەيتتە بىزدىن ئىككى قاتار ئالدىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇلارغا قاراپ سىلىق تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— ھەي ئىنىلار، بۇ قاۋاقخانا بولمىغاندىن كېيىن، ئەمدى بولدى قىلساڭلار قانداق؟

بىرنەچچەيلەن دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى.

— ئاغىنىلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دىدى ئۆمەر مەستلەرنى سەل جىم قىلىپ، — ئاۋۇ ئاكىمىز بولدى قىلىڭلار دەۋاتىدۇ. قانداق، سىلەر نىمە دەيسىلەر؟

ئۇنىڭ ئۈلپەتلىرى ئالا - تاغىل چۇرقىراشتى:

— نىمىشقا بولدى قىلغۇدەكمىز.

— يا بۇ ئۇنىڭ ئۆيى بولمىسا.

— ئۆزىمىزنىڭ پۇلىغا ئىچكەن تۇرساق.

— خاپا بولماڭ ئاكىجان، — دىدى ئۆمەر ھىلىقى كىشىگە، ئاندىن كۆپچىلىككە بۇرۇلدى، — سىلەرمۇ خاپا بولماڭلار تۇغقانلار، بىز ياشلار دىموكراتىيە بويىچە ئىش قىلىمىز. مانا بۇ دوستلار بولدى قىلىشقا كۆنمەيۋاتىدۇ. شۇڭا سەل تەخىر قىلىڭلار!

گەپ چىرايلىق ئېيتىلغىنى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر خىل مەسخىرە ۋە ھەتتا بىر ئاز پوپوزا پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئىزا تارتماي بىزنى تۇغقان دەۋاتقىنىنى بۇ ئالقاپنىڭ، دىدىم ئىچىمدە ۋە ھەمراھىمنىڭ بايىقى ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ:

— ھېچ بولمىغاندا ئۆچكىدەك مەرەشمەڭلار! — دەۋەتكىنىمنى تۇيماي قالدىم.

— ھەي باللا، ئاڭلىدىڭلىمۇ؟ بىز ئۆشكىگە ئايلىنىپ قاپتۇق دەڭلا، ھا، ھا، ھا! — دەپ قاتتىق كۈلۈۋەتتى ئۆمەر، — لېكىن تېكىدە، شۇنداق ئەمەسمۇ!؟

— شۇنداق. بىز دىگەن تېكە.

— تازا نەسىللىك تېكىلەردىن دەڭلا.

ئاپتوبۇسنى ئۆرۈۋەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بايىقى گېپىمنىڭ مۇنداق تەسىر پەيدا قىلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم، شۇڭا ئېغىز ئۇپراتقىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.

لېكىن مەست دىگەن راستىنلا غەلىتە بولىدىكەن. ھېلىلا تېخى شاڭخونى ئۆزى باشلاپ بەرگەن ئۆمەر بىردىنلا ئاغىنىلىرىگە ۋارقىراپ ئۇلارنى جىم قىلدى - دە، ماڭا بۇرۇلۇپ:

— دىگەن بىلەن بۇ گېپىڭىز بولىدۇ، چۇقان سالمايلى! — دىدى.

ئۇلار راستىنلا ۋەدىسىگە تۇردىمۇ ياكى مەست بولۇپ ھالىدىن كېتىشتىمۇ، يەنە يېرىم سائەتكىچە قىقاس - چۇقانسىز ئىچىشتى، ئاندىن بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە قىڭغىيىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. ھەتتا نۆۋەتتىكى توختىغان جايدا تاماقمۇ چۈشۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن قونالغۇغا كەلگىچە ئارامخۇدا ئولتۇردۇق. بىراق كەچتە ياتاقتا ئويۇن - كۈلكە يەنە باشلاندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ ئۈلپەتلىرى ئاپتوبۇسقا دەلدەڭشىگەن پېتى چىقىشتى - دە، ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغان ھامان لايدەك ئېزىلىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. بىز تەرتىپلىك ئۆتكەن بۇ يېرىم كۈن ئۈچۈن

نېمە بولغاندۇ؟ — ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى بىر ئايال.

بۇ سوئالغا ھېچكىم بىر نېمىدەپ جاۋاب بېرەلمىدى. شۇ ئارىدا ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ماشىنا ھادىسە سادىر بولغان يەردىن 100 - 150 قەدەمچە نېرىدا توختاپ، ئاستا ئارقىغا بۇرۇلۇپ كەلگەن تەرەپكە كەتتى. دەسلەپكى ھاڭ-تاڭلىقتىن كېيىن كىشىلەر ئەمدى غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

— ئاپلا، ئىككى ماشىنا كۆيۈپ تۈگەيدىغان بولدى - دە.

— ئۇ ياققا ماڭغىنىدىن قارىغاندا باكتا چوقۇم ماي بار دەڭلا.

— بېنزىن بولسا ئىش چاتاقتە، چوقۇم پارتلايدۇ.

— سالىياركا بولسىمۇ ئوخشاشلا پارتلايدۇ.

— بىز پات ئارىدا ئۆتۈپ كېتەلمەيدىكەنمىز - دە.

شوپۇرمۇ باشتا نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئاخىرقى سوئال ئۇنىڭغا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇتتىمۇ - نېمە، ئەيتاۋۇر ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— يولۇچىلار تىنچلىنىڭلار، مەھەللىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان كونا يول بار. شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىمىز.

كىشىلەر دەرھال جىم بولۇشتى، شوپۇر ماشىنىنى ئاستا ئارقىغا بۇراشقا باشلىدى.

— ئۇستام، توختاپ ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ. مەن چۈشىمەن! — بۇ پىيانچۇك ئۆمەرنىڭ ئاۋازى ئىدى. ھەممىمىز ھەيران ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراشتۇق. ئۇنىڭ چىرايى بەقەدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، مەڭزىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ماشىنا مۇشۇ مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ ئىچىشۋازلىقى تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. كېيىن ئۇشتۇمتۇت دۇچ كەلگەن مۇنۇ پاجىئەلىك ھادىسە بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇلارغا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ھازىر ئۇلار ئىچىشنى توختىتىپتۇ، ئەكسىچە، ھەممىسى دېگۈدەك بىزگە ئوخشاشلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ.

شوپۇر جىددىيچىلىكتە ئۆمەرنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئېرەڭ قىلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ماشىنىنى توختاتمىدى، ئىشىكنىمۇ ئاچمىدى. بۇ ئارىدا ئۆمەر ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغانىدى. ئۇ بايىقى تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم قايتىلىدى.

— «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك ما نېمىنىڭ شۇنداق چاغدا تەرەت قىلماقچى بولغىنىنى كۆرمەمدىغان، — دەپ پەس ئاۋازدا غودۇڭشىدى ھەمراھىم.

مەن بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىم، شۇڭا ئۈنلۈك ۋارقىرىدىم:

— ئۇستام، توختىماڭ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويمايلى!

ئۆمەر ماڭا غەزەپ بىلەن بىر ئالىيىپ قويۇپ، ئاندىن شوپۇرغا قاراپ تەلىپىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىدى.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ ئاۋۇ ماشىنا ھازىرلا پارتلايدۇ، بىردەم چىداڭ! — دېدى شوپۇر ئاچچىقلانغان ھالدا. بۇ چاغدا ئۇ ماشىنىنى بۇراپ بولاي دەپ قالغانىدى.

— ئۆزىڭىز ساراڭ بوپسىز ... ماشىنا پارتلىسا مەھەللە كۆيۈپ تۈگىمەمدۇ؟ ... بىلەمسىز، باكنىڭ قاپقىقىنى ...

شوپۇر ئەمدى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ماشىنىنى دەرھال توختىتىپ، ئىشىكنى ئېچىۋەتتى. ئۆمەر ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بىراق بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، قاپقاقنى ئېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالسىڭىز ... — شوپۇر ئۇنىڭغا جىددىي ھالدا تىكىلىپ ئاگاھلاندۇردى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز كەيىپ...

ئۆمەر شوپۇرغا قاراپ قولىنى بىر شىلتىدى ـ دە:

— مەن مەست ئەمەس، — دېگىنىچە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى.

ئۆلپەتلەردىن ئىككىسى دەلدەڭشىگەن پېتى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

— ئۆمەر توختا، مەنمۇ بارىمەن!

— سەن نەگە بارساڭ مەن بىللە بولىمەن!

ئۆمەر ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا «ياق» دېگەن مەنىدە قول شىلتىدى. شوپۇر ئىشىكنى دەرھال ئېتىۋالدى. ئۇ ماشىنىنى كەلگەن تەرەپكە تولۇق بۇراپ بولۇپ توختىتىپ قويدى ـ دە، كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆمەرنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى.

ئۆمەرنىڭ يۈگۈرۈشى تازا نورمال ئەمەس ئىدى، بەزىدە مۈدۈرۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغدا بەزى يولۇچىلار ئىختىيارسىز ھالدا «ئاپلا»، «ھەي ئېسىت!» دەۋېتەتتى. ئۆمەر يىقىلىپ چۈشمىدى. ئۇ ئاخىرى ماي ماشىنىسىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، ئارقا تەرەپتىن كۇزۇپقا ياماشتى. ئوت تېخى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا يامراشقا ئۈلگۈرمەپتۇ. قاپقاق باكنىڭ ئۈستى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. ئۆمەر كۇزۇپقا

چىققاندىن كېيىن قاپقاق تەرەپكە قاراپ سىلجىدى. قارىغاندا، باك خېلى قىزىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇ پات ـ پات قوللىرىنى ھاۋادا سىلكىپ قوياتتى، پۈۋدەيتتى. نىھايەت ئۇ قاپقاقنىڭ قېشىغا باردى. قاپقاقنى ئىككى قوللاپ بۇراشقا باشلىدى.

ئاپتوبۇس ئىچى سۈكۈتكە چۆمگەندى. تۇيۇقسىز بىرەيلەننىڭ ئەندىشىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاپلا، ناۋادا باكتىكى بېنزىن بولسا، قاپقاق ئېچىلغان ھامان ئوتنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇنى قوشۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغۇ!؟

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە! — دەپ ئۇنى سىلكىۋەتتى بىرىنچى كۈنى ئۆمەرلەرنى ھاراق ئىچمەسلىككە دەۋەت قىلغان كىشى.

يېنىمدىكى ھەمراھىممۇ سۆز قىستۇردى:

— ئىلاھىم، باكتىكى سالياركا ياكى كېروسىن بولغىيدى.

مەن بۇ قېتىم ئۈنچىقمىدىم. راستىمنى ئېيتسام، شۇ تاپتا قەلبىمنى بىر خىل پۇشايمان ۋە خىجىللىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالغانىدى. تۇرمۇشتا بىرمۇنچە ھادىسىلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ساختا كۆرۈنۈشلەر ئىكەنلىكىنى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ تولا چاغلاردا ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن شۇنداق ئەمەلىيەتكە دۇچ كەلگەندە مانا مەنمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدىم.

بىردىنلا ئاپتوبۇس ئىچىدە:

— خۇداغا شۈكرى! — دېگەن سادا كۆتۈرۈلدى، چۈنكى قاپقاق ئاخىرى ئېچىلغانىدى.

باكتىكى راستىن بېنزىن ئەمەسىدى

ياكى بېنزىن بولغاندىمۇ بىرەر مۆجىزە يۈز بەردىمۇ، ئەيتاۋۇر قاپقاقنىڭ ئاغزىدا دەماللىققا ئوت يالقۇنى پەيدا بولمىدى. ئۆمەر پەسكە سەكرەپ چۈشتى. ئەمدى ئۇ دەرھال ئارقىغا قايتىسمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلماي، ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئوت كۆيۈۋاتقان كەپىنىگە قارىدى، ئاندىن ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، بىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— ھۇررا! — دەپ تۋۋلاشتى ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى ئاپتوبۇسنى بېشىغا كىيىپ.

ھەمراھىم ئىختىيارسىز ھالدا:

— ئەزىمەت! — دەۋەتتى.

— راستىنلا باتۇر يىگىتكەن! — دېدىم مەنمۇ ھاياجىنىمنى باسالماي.

## غوجامنىڭ غوجىسى بار

ئەخمەتنىڭ «ن» ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنغانلىقى زاكىر ئاشپەزنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان ئىش بولدى. چۈنكى كادىرلار باشقارمىسىدىكى تونۇشى ئەخمەتنى چوقۇم شەھەردە ئېلىپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە تەكرار ۋەدە بەرگەنىدى.

— پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ باقتىم، — دېدى ئۇ زاكىرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاپ، — بىراق جالال دېگەن پەسەندە زادى كۆنگىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭچە، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر بىردەك ئۆز يۇرتلىرىغا تەقسىم قىلىنىشى لازىممىش.

«لاتا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان لاتا، — ئىچىدە ئۇنى تازا تىللىدى زاكىر، — ئېسىت، ساڭا يېگۈزگەن مانتىلىرىم، لەغمەن، بوسولىرىم...» ئاندىن ئۇ «لاتا»غا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ سورىدى:

— جالال دېگەن قانداقراق نېمە ئۇ؟

— بىزنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىمىز.

— ئۇنداقلىقىنىغۇ بايىلا بىلدىم. مىجەز-خۇلقى قانداقراق دەپ سوراۋاتىمەن.

— تازا گىرى نېمە، ئۇچىغا يىلىقچە گەپ يېمەيدۇ.

«لاتا»نىڭ بۇ گېپىمۇ زاكىرغا ياقمىدى بولغاي، «ھىم» دېگىنىچە بىر ئالىپ قويدى.

— قېنى كۆرۈپ باقارمىز.

زاكىر شۇ كۈنىلا جالالنىڭ ئۆيىنى سوراپ تېپىپ باردى. يائاللا، راستىن ھېلىقى «لاتا»نىڭ تەرىپلىگىنىدەك ئادەمكەن بۇ. توغرا، باشتا زاكىرنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى. خوتۇنىغا بۇيرۇپ داستىخان سالدۇردى. زاكىرمۇ ئۇ يەرگە ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا بارمىغان. تۈنجى مانېۋىر ئورنىدا تۆت بوتۇلكا ئالىي دەرىجىلىك ھاراق، ئىككى دوژنا تاماكا ئېلىۋالغان. زاكىر چايغا قول ئۇزىتىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىلەرنى سومكىسىدىن چىقىرىپ، ئايال خوجايىنغا ئۇزىتىۋىدى، ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىلىسى قەتئىي رەت قىلدى.

زاكىر ئۇنى دەپ باقتى، بۇنى دەپ باقتى، لېكىن ھېچقانداق گەپ كار قىلمىدى. ھەتتا ئاخىرى «بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ كەپقاپتىمەن، ئەمىسە بازار نەرخى پۇل ئالاي» دېسىمۇ بولمىدى.

— ئاشقازىنىمدا ئازراق دەرد بار، شۇڭا ئىككى يىل بۇرۇن ئىچىشنىمۇ، چېكىشنىمۇ تاشلىدىم، — دېدى جالال ئۆزرىـ

خالىق بىلدۇرۇپ.

«ياپىر، تازا ياغاچ ئاكتىپلاردىنكەن-دە، — كۆڭلىدە ئۇنى مەسخىرە قىلدى زاكىر، — ئاڭلىشىمچە، قۇۋۋەتلىك غىزالانماي-دىغانلار ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بو-لارمىش. بۇ مۇشۇ خىلدىكى ئوروقاتلاردىن بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، ھۆكۈمەت بېرى-دىغان ئايلىق بىلەن قانچىلىك ياخشى يەپ كەتكىلى بولاتتى...»

رەسمىي ئىشقا كەلگەندە جالالنىڭ «گىرى» لىكى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى.

— ئەسلىدە «ن» لىك بولغىنىم بىلەن ھازىر مۇشۇ شەھەردە تۇرۇۋاتىمەنغۇ، — دېدى زاكىر يالۋۇرۇشلىرى ئاقمىغاندىن كېيىن مۇنازىرىلىشىشكە ئۆرۈنۈپ، — ھەم بۇندىن كېيىنكى ئۆمرۈممۇ مۇشۇ شەھەردە ئۆتىدۇ. باشقا بالىلىرىمنىمۇ يېنىمغا ئەكې-لىۋالغان، ئاشۇ بالاملا...

— تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىڭىزنى مۇنداق ئوڭاي ئۇنتۇپ كەتسىڭىز بولماس، — دېدى جالال كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىر بالىڭىز بولسىمۇ ئۇ يەرنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشسۇن.

راستىن گىرىكەن، راستىن گىرىكەن! كۈلۈپ تۇرىدۇ - يۇ، دېگىنىدىن قىلچە يانمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرەڭنى شىلىۋالغىنى ياخشى ئەمەسمۇ!؟

— زاكىر «كۆرۈپ باقتى». ئىككى سا-ئەتتىن ئارتۇق سۆزلىشىپ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى. سوۋغا قاچىلانغان سومكىنى شۇ پېتى قايتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ بەكمۇ روھى چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇ ئىلگىرىمۇ تالاي قېتىم مۇنداق مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزگەن، تولىسىدا غەلىبە قازانغان، لېكىن بىرەر قېتىممۇ ئېلىپ بارغان نەرسىسىنى ھازىرقىدەك ئۆز پېتى قايتۇرۇپ كەلمىگەنىدى.

ئۇ ئۆيىگە كېلىپ خوتۇن - بالىلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ھەممىسىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى.

— ھەي دادا، نېمىشقا سا شۇجىنىڭ ئالدىغا بارمايسىز؟ — دېدى چوڭ ئوغلى ھاشىم ئۇشتۇمتۇت ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ، — ئۆتكەندە دۇكىنىمىزغا كەلگەندە ناھايىتى ئوبدان گەپلەرنى قىلىدىغۇ ئۇ ئادەم.

راست، زاكىر بۇ ھەقتە نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىدىكىنە؟

سا شۇجى دېگىنى — ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سادىق بەردى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن زاكىر بىر مەھەللىلىك ھەم تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، ئۇلار بالىلىق ۋاقتىدا بىللە ئودىكام ئوينىغان، بىللە قوي باققان، خەقلەرنىڭ شورىسىدىن بىللە كىرىپ غورا ئوغرىلىغان ئاغىنىلەر ئىدى. سادىق كىچىك ۋاقتىدا سەل كۆكەمىرەك بولىدىغان، ئويۇندا ئۇتتۇرۇۋەتسىلا چىدىماي يىغا دېگەننى دۆڭ سالاتتى. كېيىن ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى، ئاندىن يەر ئىسلاھاتى كادىرلار كۇرسىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن رەسمىي كادىر بولۇپ چىقتى. دېگەن بىلەن شۇ ئۇزۇن يىللار ئىچىدە ھەممىشە ئۇنىڭ ئامىتى كەلدى. ئەمەلدارلىق شوتىسىنىڭ بالداقلىرىنى بىر - بىرلەپ بېسىپ ھازىرقى ئورۇنغا ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھەتتا نۇرغۇن مەنسەپدارلارنى قاڭغىر قاقشاتقان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مۇ ئۇنى كۆز شامىلىغا ئوخشاش شۇنداقلا بىر سىپاپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن ئۇمۇ زاكىر بى-

لەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ن» ناھىيەسىدىن ۋىلايەت مەركىزىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. زاكىر ئۇنىڭ بىلەن بەزىدە ئۇچرىشىپ قالاتتى. ناۋادا ئۇلار ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالسا، سادىق ناھايىتى ئېچىلىپ قىزغىن پاراڭلىشاتتى، ھەتتا بالىلىق چاغلىرىدىكى شوخلۇقلىرىنى ئەسلىشەتتى. ئەكسىنچە، ئۇچراشقان چاغلىرىدا باشقا ئادەملەر بىللە بولسا، سادىق ئەمەلدارلىق سالاپىتىدىن قىلچە چۈشمەيتتى. بۇ كونا ئاغىنىسى بىلەن تىلىنىڭ ئۇچىدىلا سالاملىشىپ بولدى قىلاتتى. زاكىرمۇ بۇنى ھار ئالمايتتى. ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك - تە، ئۆزىگە لايىق سۈر - ھەيۋىسى بولمىسا، مەنسەپدارلىق دېگەن يارىشامتى؟

— توغرا دېدىڭ، شۇنىڭ ئالدىغا باراي، — دېدى زاكىر ئاخىرى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇلار بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە سوۋغا ئاپىرىش كېرەكمۇ - يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى. خوتۇنى سوۋغا ئاپىرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

— شەيتاندىنمۇ «توپا يەمسەن؟» دەپ سورىسا «يېغى بارمۇ؟» دەرمىش. قۇرۇق گەپكە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. جەزمەن ئوبدانراق بىر نەرسە كۆتۈرۈپ بارسىلا.

— ئەمما ھازىر ھۆكۈمەت «پارىخور ئەمەلدارلارنى تۇتىمىز» دەپ ئۇلارنى بەك قورقىتىۋەتتى، — دېدى ھاشىم ئانىسىغا قارشى چىقىپ، — شۇڭا ھازىرقى كۈندە ئۇلارنىڭ سوۋغا قوبۇل قىلىشى ناتايىن. ئەكسىچە، مېنى ئورىغا تىقاي دەپسەن، دەپ ئىشنى تېخىمۇ بۇزۇپ قويسا قانداق قىلغۇلۇق. ھازىرچە ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنىلا كۆتۈرۈپ بارغان ياخشى. تىلىكىمىزنى ھەل قىلىپ بەرسە، ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالاتتۇقمۇ بىز.

ئۇلار بىر - بىرىگە قايىل بولماي خېلىغىچە تالاشتى. زاكىر باشتا ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرمەي، خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغانىدى، كېيىن ئوغلى تەرەپدارى بولدى.

— ھېلىقى جالال دېگەن پەسەندىنىڭ قىلىقىدىن قارىغاندىمۇ ھازىرچە قۇرۇق قول بارغىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ. بۈگۈن بىزگە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلسا، ئەتە بىز ئۇنى قايتۇرارمىز.

ئەتىسى چۈشتە زاكىر كونا ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە قول سېلىپلا باردى.

— بولىدۇ، ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ كۆرەي، ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر يولۇقۇڭلار، — دېدى سادىق ئاغىنىسىنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ بىر مۈجمەل جاۋاب ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ زاكىر تاغدەك ئۈمىدكە تولۇپ قايتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە كەلدى. بۇ چاغدا ئۆيدە سادىق يوق ئىكەن. ئايالى ئوچۇق چىراي ئېچىپ كۈتۈۋالدى، ئالدىغا داستىخان سېلىپ چاي كەلتۈردى. ئەمما زاكىر بىلمەكچى بولغان ئىش ھەققىدە ھېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئېرى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە گەپ قىلماپتۇ، ئەتە يەنە بىر كېلىپ ئۇچۇر ئالسا بولغۇدەك.

— ئۆيدە گۆش قالماپتىكەن، ئۆزلىرىگە تاماقمۇ ئېتىپ بېرەلمىدىم، — دېدى خانىم زاكىرنى ئۇزىتىپ چىققاندا خىجىللىقنى بىلدۈرۈپ، — بالىلار ئۆيي ئايرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشتا سەل قىيىنلىشىپ قالدۇق. پۇل دېگەنغۇ بار، لېكىن لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدىغان

ئادەم يوق. بۈگۈن ئەجەب سەت ئىش بولدى-دە!

زاكىر «يوقسۇ، يوقسۇ» دېگىنىچە قايتا-قايتا ئۆزرىخالىق بىلدۈرۈپ خوشلاشتى.

ئاخشىمى تالا-تۈزنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، مەھەللە كويدا ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندە زاكىر ھاشىمنى ئەگەشتۈرۈپ سادىقنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى. ھاشىم يېتىلىۋالغان ۋېلىسىپىتكە بىر قوينىڭ گۆشى قاچىلانغان تاغار ئارتىلغانىدى. دەرۋازىنى يەنە خانىم ئاچتى.

— ھە، سىلىمىدىلە؟ ئاۋۇ ئادەم ئۆيدە يوق، چۈشتە ئىدارىگە كەتكەنچە ...— دېدى ئۇ نارازىلىقىنى تەستە يوشۇرۇپ، ئەمما شۇ ھامان ئادەمگەرچىلىك قىلمىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدىمۇ ياكى ۋېلىسىپىتكە ئارتىلغان تاغارغا كۆزى چۈشتىمۇ، ئىشقىلىپ مۇقامىنى دەرھال ئۆزگەرتتى،— ھوي، مېنىڭ دۆتلۈكىمنى قارىسىلا، ئۆيگە باشلاشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن دېسە، قېنى مەرھەمەت.

زاكىر قاراڭغۇدا ھىجىيىپ قويۇپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى. ھاشىم ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇلار ھويلىدىلا ئازراق پاراڭلاشتى. زاكىر «كۆڭۈل ئىزھار قىلغان»، خانىم تەكەللۇپ قىلغان بولدى. ئەمما ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايلىق ئىبارىلىرى ئارقىسىغا مەنىسى ئۆزلىرىگىلا مەلۇم بولغان خۇپسەنلىك ۋە ساختىلىق يوشۇرۇنغانىدى.

— سا شۇجىغا قىزغىن سالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قويالا،— دېيىشنى ئۇنتۇمىدى زاكىر ھويلىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ.

خانىم بۇ قېتىم ناھايىتى ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى:

— بالامنىڭ ئىشى ھەل بولدى دە-ۋەسسەلە.

ئەتىسى چۈشتە ئۇ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى سۆگەت سايىسىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئۈچ-تۆت ئۈلپىتى بىلەن چايخورلۇق قىلىپ ئولتۇرغاندا «لاتا» ھىجايغان پېتى يېتىپ كەلدى.

— خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدىم،— دېدى ئۇ كارىۋاتقا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

زاكىر ئۇنىڭ قانداق خۇشخەۋەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەملەپ بولغانىدى. «شۇنچە تېز-ھە، ئاران بىر قوينىڭ گۆشى بىلەنلا، مەن تېخى يەنە بىرەر پارچە گىلەم ئاپىرىشقا توغرا كېلەرمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم...» ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزۈپ قويۇپ، خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى:

— قانداق خۇش خەۋەركەن ئۇ؟

«لاتا» ئۆزىگە چاي ئېلىپ كەلگە، كۈتكۈچىنى توختىتىپ، پېتىر مانتىدىن ئۇنىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئىنىمىز ئەخمەتنىڭ ئىشى ھەل بولدى. ئۇنى ئەمدى «ن» گە ئەۋەتمەيدىغان بولدۇق.

ئۈلپەتلەر دەرھال جانلىنىپ كېتىشتى:

— راست، قالتىس خۇش خەۋەركەن بۇ!

— مۇبارەك بولسۇن ئۇستام!

— ئەمدى بىر زىياپەت يەيدىكەنمىز-دە!

بىراق زاكىر بۇ خەۋەرگە ھېچقانچە قىزىقمايدىغاندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە كېرىۋېلىپ دېدى:

— شۇنداق بولۇشنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



ئەنۋەر داۋۇت

# تۇرمۇش كومېدىيىسى

(ھېكايە)

دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان ئايالىمنىڭ قېشىدىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك چېكىلىپ قالدى، دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. كەلگەن مېھمان ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، كېيىنكى كۈنلەردىكى يېقىن دوستۇم تۇغلۇق ئىكەن، ئۇنى ئۆيگە باشلىدىم، چاي ئىچىشتۇق، ئۇ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي سومكىسىدىن بىر بوتۇلكا «ئاق ئاشلىق شەربىتى*» بىلەن سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان زاكۇسكىنى چىقىرىپ شىرەگە قويدى، ئولتۇرۇشتۇق، پاراڭ باشلاندى. باشتا ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزدىكى ئىشلارنى — ھازىر مۇزېيدىنمۇ تېپىلمايدىغان، ئەمما نەچچە چىشىمىزنى سىندۇرىۋەتكەن ئاشۇ قوناق نانلارنى؛ ھېلىقى ساۋاقدىشىمىز «ي» نىڭ كونسپېكتنى قارىيلارچە يادلاپ، ھەپتىلەپ ئاغزى يۇمۇلماس بولۇپ قالغىنى؛ قايسى بىر ئەر مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى قىزلارغا بەكرەك چۈشەندۈرۈپ كېتىدىغانلىقى؛ قىزلار ياتاق بىناسى يېنىدىن ئۆتكىنىمىزدە قەدىمىمىزنىڭ كالۋالىشىپ كېتىشىگە قارىماي، قايسىدۇر قىچىقى بار قىزلارنى باغرىمىزغا بېسىۋالغىمىز كېلىدىغانلىقىنى خېلى بىر كەمگىچە ئەسلەشتۇق.

خېلى قىزىدۇق، ئاخىرىدا دوستۇمنىڭ ئائىلىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ۋە بۈگۈن كەچتە گۈللۈكتە كۆرگەنلىرى مېنىڭ ھاياتىم ۋە بىلگەنلىرىم بىلەن قىسمەن ئوخشىشىپ قالدى. ئېھتىمال، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ پارىڭىنى خاتىرىلىۋالدىم.

* *

— لوقمان ھېكىمنىڭ دانالىقىغا قايىلمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىگە كەلگەن ئاخىرقى بىر رومكا «شەربەت» نى گېلىغا ئۇرۇۋېتىپ، — ئۇ ئوغلىغا «ئەگەر ياخشى خوتۇن ئالساڭ بەختلىك بولىسەن، ھازازۇل خوتۇن ئالساڭ پەيلاسوپ بولىسەن» دەپتىكەن. ئەمدى بىلسەم، مېنى ئەنە شۇنداق پەيلاسوپ قىلىدىغان. خوتۇن ئېلىپتىمەن. كۈلمە! ئۆزۈڭ بىلىسەن، خوتۇنۇمنىڭ ئىسمى ئايجامال، خالىمىساممۇ دەپ قوياي، راس

---

* بەيلياڭيې ھارىقى

تىنلا ئۇنىڭ جامالى ئايدەك، شۇڭلاشقىمۇ توي قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقۇدەك ئامراق بولۇپ كەتكەنىدىم، ئايالىم خۇددى ئايدەكلا يۇملاق ئىدى.

چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ ماتېماتىكىدا بىر پۈتۈن يۇملاق جىسىمنىڭ كەسمە يۈزى 360 گرادۇسلۇق بۇلۇڭغا تەڭ، ئۇ، بوشلۇق قالمىغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ - ھە، مېنىڭ خوتۇنۇممۇ ھازىر تۇرمۇشتىكى مۇھەببەت، كۆيۈنۈشكە ئازراقمۇ بۇلۇڭ، بوشلۇق قالدۇرماي، ئەنە شۇنداق تولۇق گرادۇسلاشقان يۇملاق جىسىم، كىشىلەر ئاغزىدىن ھەمىشە 180 گرادۇس بۇرۇلۇش، ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلايمىز، ئويلاپ كۆرە، بۇ سۆزلەرنىڭ نېمە يامىنى، ئوڭلۇق بار يەردە تەتۈرمۇ بولىدۇ، قۇتۇپ بىرلا بولمىغاندىكىن «ئۆتۈش» مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشمۇ ھاجەتسىز، بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاش ئادەممۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ، ئەمما 360 گرادۇسلۇق شەكىلگە كىرگۈزۈلۈش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق...

ھېلىمۇ ئېسىمدىدۇر، مەن ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمدىلا ھەممە ساھەدىن بىلىم ئېلىشقا قىزىقاتتىم، خىزمەتكە چىقىپمۇ بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمىدىم، ئويلاپ باق، دۇنيادا ئىلىم ساھەسىدە ھازىر 2000 نەچچە يۈز خىل پەن بار، دەپ بىلىمىز، ئۈچ - تۆت شېئىر، ھېكايە ئېلان قىلىپلا، شائىر، يازغۇچى ياكى بولمىسا سەۋزە قىرىدىغان ئاپتوماتىك ئەسۋابقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىختىرا قىلىپ «ئىنژېنېر» مەن دەپ مەيدىگە ئۇرۇپ، كەسىپ ئاتىسى بولىۋالىدىغان دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتتى، مىنۇتىغا بىر كەشپىيات ئىجاد قىلىنىۋاتقان بۇ دۇنيادا ھەر بىر ئادەم كىلىچېكىدىن خەۋپسىرەش كېرەك. شۇڭىمۇ مەن خىزمەتكە چىقىپلا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن.

دوستۇم، مۇشۇ ئىش ئايالىمنى يۇملاق قىلىۋەتتى، كەچ كۇرسقا ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ھەر مەۋسۇمدە 50 سوم تۆلىدىم، ھەر ئايدا ئوقۇشقا پايدىلىنىشقا 10 — 20 سوملۇق ماتېرىيال سېتىۋېلىپ تۇردۇم، ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى بالىلىقمۇ بولدۇم، شۇنداقتىمۇ تۇرمۇشىمىزنى يېزىدىكى بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرۇپ خېلىلا شۈكرى دەيمەن.

بۈگۈن كەچتە، ئۆزۈم ئۆگىنىۋاتقان چەت ئەل تىلىدىكى بىر لۇغەتنى 38 سومغا سېتىۋېلىپ، ئەمدىلا ئىشىكتىن كىرىشىمگە مېنى پەيلاسوپ قىلىدىغان خوتۇن قولۇمدىكى كىتابنى تارتىۋېلىپ ئۇچاققا ئاتقانىدى، ھېلىمۇ ياخشى چۆگۈن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئوت ئۆچۈپ قالدى، نېمە دەيدۇ، دېمەمسەن: ھۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان يوغانىباش، مېنى ئويلىمىساڭمۇ ئۆيۈڭنى ئويلىساڭ بولمامدۇ؟ ئالىدىغان ئۇنىۋانىڭمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك، مۇئاشىڭمۇ تايىنلىق، شۇنداق تۇرۇقلۇق باشقىلار ئۈچ كويغا ئالىدىغان گازنى 12 كويغا ئېلىپ ياقىمىز، بالىلارنىڭ يەسلى پۇلىمۇ پالان پۇل، يا مېنىڭ ئۇچامغا قونىدۇرمىدىڭ، يا ئۆزۈڭمۇ زىيالىيدەك يۈرەلمەيسەن، ئولتۇرغان ئۆيۈڭمۇ

ئەسكى تاملىق، كونا نۇرى چۈشمەي، بالـ
لارمۇ راخىتتىن بېرى كەلمىگەن، ساڭا
نېمە قويۇپتۇ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ،
قايسى باشلىق ياشلارنى يۆلەپ بېقىپتىـ
كەن، نەچچە دېدىم، تويدۇم سەندىن،
سەندەك ئۆزىنى بىلمەيدىغان ئەر بىلەن
ياشىغۇچە ئاجرىشىپلا قۇتۇلغىنىم ياخشىكەن،
خېتىمنى بەر!...

دوستۇم، ئۇنىڭ ئېغىزغا ئالغۇسىز
تىللار بىلەن يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى
سۆزلەشتىن نومۇس قىلىمەن، نومۇس!
ساڭا مەستىلىكىم كېلىدۇ، سەن
بەختلىك.

شۇنداق قىلىپ، يېرىم ھوش بولۇپ
كەتكەن كىتابنى ئېلىپ، بىردەم بولسىمۇ
ئۇنىڭ تىل - ئاھانىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى گۈللۈككە كىرىپ،
كىتابنى قۇرۇتماقچى بولدۇم. كونا تېخى
يوروق ئىدى، يولدىن ئۆتۈشۋاتقان ما-
شىنىلارنىڭ ئاۋازى، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ -
چۇڭلىرىمۇ سەل بېسىقىشقا باشلىغان، كى-
تابقا قاراپ جۇدۇنۇم تۇتۇپ شۇ تاپتا ئۆ-
زۈمگىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىپ كەتتى، شۇ
ئەمەسمۇ، مەن يا بىرەر چەت دۆلەتكە
چىقىپ چۈشۈمىدىمۇ كۆرمىگەن مۆجىزىگە
ئېرىشىشنى ئويلىغاندىمەنمۇ ياكى بىرەر
يىراقنى كۆرىدىغان باشلىقنىڭ نەزەرى چۈ-
شۈپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇ-
رىدىغان نەچچە تىللىق دىپلومات بولۇشقا
ئاشىق بولۇپ قالغاندىمەنمۇ... ياق، ياق!
ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن پەقەت مېنى
پەيلاسوپ قىلىدىغان خوتۇنۇمنىڭ تاپا - تەنە-
لىرىدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئاز
بىر قىسىم غەملىرىنى بولسىمۇ ئۇنتۇموش
قىلىۋېتىشنى، كەسپىمدە ئېلېكترونلۇق
مېڭىمدەك بولۇشنى ئويلىغان.

شۇنداق ئاچچىق خىياللار ئىلكىدە
پۈچەللىنىپ ئولتۇردۇم، خىياللاردىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن ئەتراپىمدىكىلەرگە قارىدىم،
كۆزۈمگە ھەر خىل كىيىنگەن، ھەر خىل
سۆپەتكە ئىگە كىشىلەر چېلىقماقتا، ھەر
خىل پاراڭلار قۇلىقىمغا كىرمەكتە:

— ئاكام ئىچكىرىدىن ئەۋەتكەن بۇ
ماللارنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماي، پايدىسىغا ئۆت-
كۈزۈۋېتىپ، قايرىيدىغاننى قايرىپ، چۆنتەك-
نى تازا بىر لىقلاي دەيمەن، قانداق؟ —
ئۇدۇلۇمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئوقۇغۇ-
چى سىياقىدىكى يىگىت يېنىدىكى قىزغا
گېپىنى خورازنىڭ پوكىنىدەك كۆپتۈرۈپ،
مەغرۇر جاكارلىدى.

— ھوي، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ،
ئەتىلا ئىمتىھان باشلىنىدىغان تۇرسا، — قىز
بىردەم ھەيران قالغاندەك يىگىتكە قارىدى
ۋە بىردىنلا تۇمشۇقىنى سوزۇپ تولغاندى،—
ھە راست، ياخشى ئويلاپسىز، ھېلىقى، تو-
غۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ ئاچاملاردىن 250
كوي ئۆتنە ئېلىپ سېتىۋالغان چاپاننىڭ
پۇلىنى شۇنىڭدىن بېرىۋەتسەك، ئاندىن بىر
ئاپپارات سېتىۋېلىپ، تەتىلدە راسا تاماشا
قىلساق...

— ھېلىقى نازىر ئىدارىمىزنىڭ يېپ-
كىدىن پۈتكەن ئىشخانا بىناسىنى كۆرگەن-
لى كېلىپتىكەن، ھەممىسى: شارائىتىمىز
ياخشى، قىينىچىلىقىمىز ئاز يەي... دەپ
سېرىك ئوينىۋاتىمادۇ، ئاچچىقىمنى باسال-
ماي، شۇ يەردىلا ئۇلارغا ئۆكتە قوپۇپ
نازىرغا مۇنداق دېدىم: باشلىق، سىز ئىدا-
رىنىڭ ئالدىنىلا كۆرمەي كەينى تەرەپكىمۇ
ئۆتۈپ بېقىڭ، بىز ئەسكى تاملىقتا ئول-
تۇرۇۋاتىمىز، ئۆيلىرىمىز زەيلەپ تاملىرىمىز

پاختا ئىشلەۋاتىدۇ، پاختا!... دېدىم، ئىدارە باشلىقىمىز ۋە ئايرىم تەخسكەشلەر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كېتىشتى، نېمىدىن قورقاتتىم، دېمىسىمۇ سىقىلىپ ئۆلەي دېدۇق. 18 يىل بولدى، ھەي، راست سىلەرنىڭ ئىدارىنىڭ ئۆيى پۈتەي دەپ قالغاندۇ، خوتۇن؟

— پۈتۈشىنغۇ پۈتتى، لېكىن - زە يول ماڭمىساق چاتاق بولىدىغاندەك تۇردۇ، — بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى، — سارجىدىن بىر كىيىملىك سۆڭگۈتەي دېسەم، باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنى...

كەينىمدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىلىرىنى كۆرەلمىدىم، مۇشۇنچىلىك كىچىك گۈللۈكنىڭمۇ شۇنچىلىك بىمەنىلىككە تولۇپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان. مەن خامۇش ھالدا ئورنۇمدىن قوزغىلىۋېتىپ، بىر چەتتە بېرىلىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئۈچ قىزغا بويۇنلىرىنى زىراپىنىڭ بويۇنلىرىدەك سوزۇشۇپ، جۆۋەندە ناخشىلىرى بىلەن ئىچ باغرىنى تۆكۈشۈۋاتقان بىر توپ ياشقا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

دوستۇم! مېنى جىددىلىشىپ كېتىپتۇ، دەپ قالما، كاللام شۇ تاپتا تېخى جايىدا، بۇگۈن بۇ كۆرگەنلىرىم چۈشىمۇ ياكى تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشىمۇ، سەن دەپ باقە! - ھە، توغرا ئېيتتىڭ، بۇ ئەلۋەتتە تاسادىپىيلىق، كىتابنى دەمسەن؟ ئۇنى گۈللۈكتىن قايتىپلا ئىشخانامغا ئاپىرىۋەتكەن، ئۆيگە كېتەي دەپىراق يەنە سەن بىلەن بىر دەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ ئىچ پۇشۇقىمنى چىقىراي دەپ كىرىشىم، ئادەم ھەقىقەتەنمۇ دۇنياغا ئازاب چېكىش ئۈچۈن تۆرىلىدىكەن. دەپ باقە، بىز نېمىلەرنى ئويلىمىغان، نېمىلەرنى قىلالىدۇق؟ شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا ئۈمىدتىمەن، ئىشەن دوستۇم، بىلىم ئۆلمەيدۇ، سەن، بىزگە ئوخشاش بىلىمگە، ئەتىگە ئىنتىلىدىغانلار ئاز ئەمەس. بولدى، بۇلارنى دەپ نېمە قىلىمىز، شۇ ئەمەسمۇ، ھە، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول! شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ئايجامالىمىنىڭ 360 گرادۇس «تولۇق تۇتۇلغان» يۈزى ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەتىلا «180 گرادۇس بۇرۇلۇش» قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ھازىرچە ماڭا شۇنچىلىكلا مۇھەببەت كۇپايە، چۈنكى، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق بولىدۇ ئەمەسمۇ.

قۇي، دوستۇم، قۇي! «شەربەت» بولمىسا، «داچۇي» بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ!...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

# جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياش تالانت



ئارسلان دائىم «شائىر، يازغۇچىنىڭ شۆھرەت ھەيكىلىنى، ئىناۋەت مۇنارىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تىكلەيدۇ. شۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى بۇ ھەيكەل، مۇنارلار-نىڭ ئۆمرىنى بەلگىلەيدۇ. باشقىچە ھەرقانداق سۈنئىي ۋاسىتە-لەر ئارقىلىق تىكلەپ چىقىلغان نەرسىلەر بوراندا قالغان غازاڭ، كەلكۈندە قالغان ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ تەقدىرىدەك ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئادىل ھەم رەھىمسىز سوتچىدۇر» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ مىزانى.

ئارسلان 1950 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئېمىل دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ئۆتتى. ئۇ ئائىلىسى بىلەن بىللە ئانا يۇرتى ئاتۇشقا كۆچۈپ كېلىپ، خەت ساۋاتى چىقىشى بىلەنلا كىتابلارغا يېپىشتى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چاغلاردا ئانچە - مۇنچە مەشىق شېئىرلىرى يېزىپمۇ قويىدىغان ئەدەبىي ھەۋەسكار بولۇپ قالغانىدى. 1964 - يىلى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىش ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ماركسىزم، لېنىنىزم ئاساسلىرى، سىياسىي ئىقتىساد، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەندى. ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ 1970 - يىلى ئاخباراتچىلىق ساھەسىگە قەدەم قويدى. ئۇ 1976 - يىلى 6 - ئايدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ ھازىرغىچە مۇشۇ ژۇرنالدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئارسلان دەسلەپكى چاغلاردا كۆپلىگەن تەسۋىرىي خەۋەر، ئوچېرك، شېئىرلارنى يېزىشتىن تاشقىرى 1974 - يىلى «كۈيئېنلۇن بورانلىرى»، 1975 - يىلى «يەنئەن مۇھەببىتى» داستانلىرىنى، 1976 - يىلى «مايسەم» ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى. ئارسلاننىڭ ئاساسلىق ئىجادىيىتى 1977 - يىلدىن كېيىن باشلاندى. 1977 - يىلى ئۇ «شاۋقۇنلا نىيە دەرياسى» ناملىق نەسرىنى، 1978 - يىلى «قەلبلەر مەشئىلى» داستانىنى، 1979 - يىلى «جەسۇرلۇق داستانى زادى كىمگە مەنسۇپ» دېگەن ئوبزورىنى، شۇنداقلا «تاغ لىرىكىسى»، «بەختسىز مۇھەببەت»، «ئەركىنلىك»، «جۇڭغار ئىلھاملىرى»، «ئاتۇش سۈرەت-

لىرى»، «پىغان»، «غېرىب قەبرە» قاتارلىق شېئىر، سېكىل، باللادىلىرىنى ئېلان قىلدى. هازىرغىچە ئۇنىڭ 600 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، ئون بەش پارچە باللادا، داستانى، ئون پارچە ئوبزورى، ئون نەچچە پارچە ھېكايە، پوۋېستى، بىرقانچە پارچە كىنو سىنارىيە ھەم ئوپېراسى ئېلان قىلىندى. 1984 - يىلى «ياشلىق يۇلتۇزلىرى»، «يۇلتۇزلار يۇرتى»، 1989 - يىلى «ئۆلمەس تۇيغۇلار» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «ئارسلان شېئىرلىرىدىن تاللانما» (خەنزۇچە) ناملىق توپلىمى ۋە «سىرلىق ھەيكەل» ناملىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى پات ئارىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق داستانى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 31 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شۇنداقلا بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاپ، مۇكاپاتلاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يوقمۇ ئاينىڭ ماكانى» ناملىق شېئىرى 1983 - يىلى بالىلار ئەدەبىياتى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يانۋار قايغۇسى» ناملىق تەرجىمە داستانى 1984 - يىلى تەرجىمە ئەسەرلەر بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۈزۈمزار ماكان» ناملىق ناخشا تېكىستى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «قىساس خەنجىرى» ناملىق كىنو سىنارىيىسى 1985 - يىلى مۇنەۋۋەر سىنارىيە مۇكاپاتىغا، شېئىرلار توپلىمى — «ئۆلمەس تۇيغۇلار» 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئون يىللىق يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئارسلان زېھنىي كۈچىنىڭ بىر قىسمىنى مىللىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى بولغان ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىگە بېغىشلاپ، خەنزۇ، قىرغىز، قازاق تىللىرىدىن بىرمۇنچىلىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى. ئۇ خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلغان جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ 200 دىن ئارتۇق شېئىر، ئون نەچچە داستان، ھېكايە ۋە ئوبزورى، شۇنىڭدەك «يايلاق بۆركۈتى» ناملىق كىتاب ھەمدە ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋېلىيام شىرىرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرى - «3 - ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان) قاتارلىقلار نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئارسلاننىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتى شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى «روھنىڭ جىلۋىسى، يەنى ئاڭ پائالىيىتىنىڭ، ئىچكى دۇنيانىڭ شولىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ رېئالىزم بىلەن مودېرنىزملىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلغان بولۇپ، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە تەقدىرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئوبرازلارنى يارىتىپ، دۇنيا ئەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، خىلمۇخىل خاراكتېرلارنى تەسۋىرلەپ، ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنيا ئۆزگىرىشلىرىنى، خاراكتېرلاردىكى خاس ئالاھىدىلىكلەرنى يورۇتۇپ، تۇرمۇش پۇرىقى ۋە مىللىي پۇراقنى قويۇقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە شەخسنىڭ، ھاياتلىقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، تارىخنىڭ يورۇق ۋە قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈل-

گەن. ئۇ بەدىئىي ئۇسۇل جەھەتتىن سىمۋول، بىشارەت، چۈش، خىيال قاتارلىقلارلى يېزىش ۋاستىلىرىنى كۆپرەك قوللاندى، چۈش ۋە خىيالىي تۇيغۇلارنى، رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەكلەرنى قىستۇرۇپ يېزىش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشلىرىنى ھەم ھەر خىل پىسخىكىلىرىنى ئۇنۇملۇك ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلار كۆپ نۇقتىلىق، كۆپ قاتلاملىق يارىتىلغان.

ئارسلاننىڭ چوڭ ھەجىملىك داستانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ لىرىك شېئىرىيىتىدە ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولغان مىللىي روھ چاقناپ تۇرىدۇ. ئارسلان شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول ۋە خىلمۇخىل، شەكلى رەڭگارەڭ بولۇپ، تەبىئەت، تۇرمۇش، ھاياتلىق، ماماتلىق، مۇھەببەت، ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگىچە دېگۈدەك چېتىلىدۇ. كۆپ مەنىلىك جانلىق سىيما يارىتىلغان، سىمۋول، بىشارەت، ئوخشىتىش كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇل ئارسلاننىڭ ھەممە شېئىرلىرىدا دېگۈدەك ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوللىنىلغان. بۇ ئۇسۇل «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «رەڭگارەڭ شېئىرلار»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» قاتارلىقلاردا ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

ئارسلان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يۇرەك قېنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەھرىرلىككە سەرپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ژۇرنال سۇپىتىنى ئۆستۈرۈش، سەھىپىلەرنى جانلاندۇرۇشتا تەشەببۇسكار بولۇپ، ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. تالانتلىقلارغا، ئۈمىدلىك ياشلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. ئۇندىن تاشقىرى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىغا ئالتە كىتابنى تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلاپ بەردى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ شېئىرىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئەدەبىي تەرجىمانلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئاشنىلىرى - ھۆرمەتلىك كىتابخانلار!

تەھرىر بۆلۈمىمىز سىلەرگە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ ۋە قىزغىن سالام يوللايدۇ. سىلەرنىڭ «تارىم» نىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ كەلگەنلىكىڭلارغە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىدۇ.

«تارىم» بۇ يىل سىلەرگە كۆپلىگەن ئېسىل مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇ، سىلەرنىڭ ئېھتىياج ۋە ئارزۇيۇڭلارنى قاندۇرۇپ، سىلەرگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كېلەر يىلى ئۆز سەھىپىسىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ ۋە بېيىتىپ، سىلەرگە تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ شېرىن ئېسىل مېۋىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، «تارىم» غا كېلەر يىللىق ئۈچۈن مۇشتىرى بولۇش ۋاقتى كېلىپ قالدى. سەمىگىزدە بولسۇنكى، 1 - نويابىردىن باشلاپ پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ. ژۇرنالنىڭ ئايلىق باھاسى 1.40 يۈەن. ۋەكالەت نومۇرى: 66 — 58

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئازات سۇلتان

# ئۇيغۇر پروزىسىدىكى تراگېدىيە ئېڭى توغرىسىدا

تراگېدىيىدىن ئىبارەت ئېستېتىك كاتېگورىيە تارىخنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىنسان ئېڭىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ۋە تاكامۇللاشقان. بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى بولغان تراگېدىيىلىك ئەسەرلەر خەلقىمىزنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە. كلاسسىك ئەدەبىيات سەھىپىمىزدىكى «ئىككى تىكىن ھېكايىسى»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «نۇزۇگۇم» داستانلىرى شۇنداق ئۆلمەس ئەسەرلەردىندۇر.

ئارىستوتىل قەدىمىي گرېك تراگېدىيىلىرىدىن نەزەرىيىۋى خۇلاسە چىقىرىپ، قۇللار تراگېدىيىنىڭ قەھرىمانلىرى بولالمايدىغانلىقى، پەقەت كومېدىيىلىك قەھرىمانلار بولالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. دەرۋەقە، قەدىمقى گرېك تراگېدىيىلىرىدىكى قەھرىمانلار يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاق سۆڭەكلەر ياكى قالتىس ئىشلارنى قىلغان ئۇلۇغ شەخسلەردىن بولغان. ئەدەبىياتنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدە بۇ ئەنئەنە بۇزۇپ تاشلاندى. ۋېكتور ھيوگوغا كەلگەندە، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى سىگان قىزى ئاسمىرادانى ئۆزىنىڭ مەشھۇر تراگېدىيىلىك رومانى ــ «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى» نىڭ باش قەھرىمانى قىلىش ئارقىلىق كلاسسىزمغا بوْسۇپ كىرگەن رومانتىزملىق ئىدىيىۋى ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەنقىدىي رېئالىزمچىلار تراگېدىيىلىك باش قەھرىماننىڭ ئورنىغا ئېزىلگەن، خارلانغانلارنى قويۇپ، ئاددىي كىشىلەر تراگېدىيىسىنى، ئائىلىۋى تراگېدىيىلەرنى كۆپلەپ يازدى. بۇ ھال تراگېدىيە ئېڭىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى شەكىللەندۇردى.

ئۇيغۇر تراگېدىيە سەنئىتىدە قەدىمقى گرېك تراگېدىيىلىرىدەك ئۇنداق ئېنىق قېلىپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر كلاسسىك تراگېدىيىلىرىمىزنىڭ ئاپتورلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا تراگېدىيىلىك باش قەھرىماننىڭ ئورنىنى تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرگە بەرمىگەن (بۇ خۇلاسىمىزگە بېقىنمايدىغان ئايرىم ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس).

ئەڭ دەسلەپكى نەسرىي ئەسەرلەردىن بولغان «ئىككى تىكىن ھېكايىسى» دىكى تراگېدىيىلىك باش قەھرىمان تىكىن باراناس دۆلىتىنىڭ خانى ــ ماخارىنىڭ چوڭ ئوغ-

لى. دېمەك، ئۇ بىر شاھزادە. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەرلەردىكى مەشھۇر تراگېدىيىلىك قەھرىمان — پەرھاد، شىرىن، تاھىر، زۆھرەلەرمۇ شاھزادە ۋە مەلىكىلەردۇر. ئەدەبىياتتا رېئالىستىك خاھىشلار بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەدەبىيات تۇرمۇشقا تېخىمۇ بەكرەك يۈزلىنىۋاتقان دەۋردە ياشىغان ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا بىلال نازىمى قاتارلىقلارنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق داستانلىرى دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئەنئەنىۋى تراگېدىيە ئېڭىمىزغا يېڭىلىق ئېلىپ كىردى. رابىيە خاننىڭ قىزى ئەمەس، يېزىدىكى بىر باينىڭ قىزى، خالاس. سەئىدىن بولسا، كەمبەغەل يىگىت. ئالدىنقىسىدا خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى يېزىلغان بولسا، كېيىنكىسىدە قەھرىمانلىق تراگېدىيىسىنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان مەزلۇم نۇزۇگۇم تەسۋىرلەنگەن. بۇ، تراگېدىيە ئېڭىمىزدىكى بىر بۆسۈش، ئەلۋەتتە.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، مىللىتىمىزنىڭ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تراگېدىيە ئېڭىدا، ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە زوقلىنىش پىسخىكىسىدا ئۇزاق تارىخنىڭ ئىزناسى بار. قارايدىغان بولساق، بۇددا تەلىماتلىرىدىكى باشقىلارنى قوغداش، مۇرەسسە - مادارا قىلىش، سەۋەب - نەتىجىلىك ئاقىۋەت، ئىسلام تەرىقەتلىرىدىكى ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق دەيدىغان ئەقىدىلەرنىڭ كلاسسىك تراگېدىيىلىرىمىزدە ناھايىتى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

پەرھاد جادۇگەر مومايىنىڭ ھىيلىسى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن شىرىنمۇ پاك مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەپ جاندىن كېچىدۇ. ئۇ پەرھادنىڭ جەسىتى بىلەن مۈكىدىشىپ تۇرۇپ ئۆلىدۇ. دېمەك، ھاياتلىقتا ۋىسال تاپالمىغان ئىككى تەن ئۆلگەندە بىرلىشىدۇ. ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە يەنە تراگېدىيىنىڭ سەۋەبكارى خىسراۋ قىلغىنى ئۆززىگە يېنىپ، ئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئوغلى شىرۇيا بولسا، پەرھادنىڭ ئاغىنىسى شاپۇر، ئىسلىدىشى بەھراملار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چىن مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولغان تاھىر، زۆھرەمۇ ھايات ۋاقتىدا ۋىسال شادلىقىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن ئۈنۈپ چىققان بىر جۈپ گۈل ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى سۈپىتىدە سىمۋوللۇق ئۇنۇم ھاسىل قىلىدۇ.

تراگېدىيىلىك قەھرىمانلارنىڭ زوراۋان كۈچلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، مۇھەببەت، ئەركىنلىك ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقى، لېكىن ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ دۇنيادا ۋىسال پەيزىنى سۈرگەنلىكى ياكى ئىككى تەننىڭ بىر جۈپ قۇشقا ئايلىنىپ ئەركىن پەرۋاز قىلغانلىقى، ئىككى قەبرىدىن ئۈسۈپ چىققان ئىككى تال گۈلنىڭ ئىرماش - چىرماش بولۇپ ئېچىلغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ بەختىگە ئۇلتۇرۇپ جېنىغا زامىن بولغان كۈچلەرنىڭ ئادالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن جازىسىنى يېگەنلىكى... ئومۇمەن تراگېدىيىلىك خاتىمىنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇرادى ھەل بولغان قىلىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش زوقلىنىش پىسخىكىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. بۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ، مىللـ

لىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پسىخىكىسىنىڭ جۇغلانمىسى بار.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەيلى، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ «شۇنىڭ بىلەن مۇراد-مەقسىدىگە يېتىپتۇ»، «تىلىكى ھەل بولۇپ، بېشى كۆككە يېتىپتۇ»، «شۇندىن كېيىن چىشى سارغىيىپ، بېشى ئاقارغىچە خۇشال-خۇرام، غەمسىز ياشاپتۇ» دېگەندەك چۈشۈرگىلىرىمۇ ئەدەبىياتتىكى تاسادىپىي ئوخشاشلىق ئەمەس. بۇنى مىللىي پسىخىكىمىزنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. دەرۋەقە ئەڭ قەدىمكى دۇردانىلىرىمىزغا تەۋە بولغان «شىراق» رىۋايىتىدەك باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغان تراگېدىيىلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا ئىجادىيەت ھادىسىلىرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. تۇرمۇشتىكى تراگېدىيىلىك پروتوتىپلارنى، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى مۇئەييەن تارىخىي دەۋرگە مەنسۇپ بولغان يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك غايىسى بويىچە رومانتىزملىق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە تراگېدىيە مەنزىرىسىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرگەن كىشى لۇشۈندۇر. لۇشۈن 1925-يىلى: «تراگېدىيە دېمەك كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قەدىر-قىممەتلىك نەرسىلەرنى پارە-پارە قىلىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىشتۇر» دېگەنىدى. لۇشۈن تراگېدىيە سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۇرمۇشتىكى ئەرزىمەس خاپىلىق ياكى ئانچىكىم خۇشاللىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى قەدىر-قىممەتكە ئىگە شەيئىلەرنى ئىپادىلەش ئىكەنلىكىنى، تراگېدىيىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى تۇرمۇشنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى؛ تراگېدىيىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولسا، پارە-پارە قىلىپ كۆرسىتىش بولۇپ، شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغۇدەك تەسىر قوزغىيالايدىغانلىقىنى مۇكەممەل شەرھلەپ بەرگەن.

ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى قايسى ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈش، يەنى تراگېدىيىلىك شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىش يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى بويىچە بولمايدۇ. يازغۇچىلار تۇرمۇشنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرى بويىچە قەدىر-قىممەتلىك شەيئىلەرنى پارە-پارە قىلىپ كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققىتىنى قوزغامدۇ ياكى ئىنسان بىلەن مۇھىتنىڭ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان زىددىيەت-توقۇنۇشلىرىنى سۇبيېكتىپ ئارزۇ بويىچە ئۆزگەرتىپ مۇراد-مەقسەتلىرى ھەل بولغان قىلىپ تەسۋىرلەمدۇ؟ بۇ نوقۇل سەنئەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشقا تۇتۇلغان تۈپ پوزىتسىيە مەسىلىسى، كونا ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئىنكار قىلىش ياكى قوغداش مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. لۇشۈننىڭ تراگېدىيە ئېڭى مانا مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رېئالىستىك پروزىسىدا لۇشۈننىڭ ئېستېتىك ئىدىيىلىرىگە ياندىشالىغان كىشى — زۇنۇن قادىردۇر. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىسىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بولغان زۇنۇن قادىر ئۆزىنىڭ تراگېدىيە ئېڭىدىكى چوڭقۇرلۇقنى «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىدە

ئىپادىلەپلا قالماي، ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىنىڭ ئۇل تېشى بولغان «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىمۇ كۆرسەتتى. بۇ ئەسەرنىڭ رېئالىستىك پروزىمىزدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ئەڭ دەسلەپكى ھېكايە ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. بۇ ھەقتە ئوبزورچىلىرىمىز ئاللىقاچان كۆپ توختالغان، بىراق ئېستېتىك نۇقتىدىن، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرنىڭ باشقا يازغۇچىلارنىڭ تراگېدىيە ئېڭىغا، تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تولۇق باھالاش بىزدە بەكمۇ يېتەرسىز بولدى.

ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك قەھرىمانى بولغان باقى ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمدەك ياشىشى، باشقىلار بەھرىمەن بولغان تۇرمۇش گۈزەللىكلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى لازىم ئىدى. ئۇ ئەسلىدە بىز ئەسەردە كۆرگەندەك چىرايى سامانىدەك، قاپاقلىرى ئىششىق، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۈكۈرۈك كۆپۈكلىرى گىژىلداپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە ئاۋازلار چىقىرىپ تۇرىدىغان، كۆڭلەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە كىرلىشىپ كەتكەن پەشمىتى، مايلاشقان شاپاق دوپپىسى چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ قىياپىتىنى كىشىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سالغۇدەك بەت-بەشىرە قىلىپ تۇرغان كۆرۈمسىز ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تامغان، كېسەل ۋە ئاچلىق دەردىدىن يۆتىلىپ ياتالمايۋاتقان نارەسىدە بالىلىرىنى «سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن. يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەپكەنلەر...خۇدايىم تىلىگەنگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى...» دەپ تىللايدىغان ئەسەبىي ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك «ھايۋان ئەۋلادى ئەمەس»، بەلكى ئادەم ئىدى. ئۇمۇ «جاھان تۇتۇپ كۆرگەن»، «ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خىلىغا خىل بولغان» ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتقان، ئېيتقاندىمۇ «پۈتۈن مەھەللە بويىچە ھېچكىم ئېيتالمىغان ئاجايىپ ناخشىلارنى ئېيتقان»، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇھەببەتنىڭ سېزىملىرىگە تولغان، ئۇ ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى-ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەتتى. ئەمدىچۇ؟ «ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!»

ئاپتور ئەسەرنى باشتىن-ئاخىرغىچە تراگېدىيىلىك كەيپىيات ۋە يۈرەكنى ئەزگۈدەك مىسكىنلىك بىلەن چۈمكەپ باقى ۋە ئۇنىڭ خۇۋلۇق كۆرمىگەن قەدىنىسى باھارخان، شۇنىڭدەك يېشىغا يەتمىگەن شور پېشانە بالىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تىپىك شارائىت ئىچىدىكى تۇرمۇش مۇقەررەرلىكى بويىچە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ روشەن ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشتەك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ، شۇنىڭدەك خېلىلا مۇكەممەللەشكەن تراگېدىيىلىك ئېڭىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئەدەبىياتىمىز يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇپ، 50-يىللارنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت تارىخىي تىراگېدىيە ئوينىلىۋاتقان چاغلاردا تراگېدىيە ئېستېتىك زوقلىنىش كاتېگورىيىسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. دەرۋەقە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر تراگېدىيىلىك مۇھىتنىڭ خاراكتېرىنى، دائىرىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەقىقەت.بۇ مەزگىلدە يازغۇچىلىرىمىز مۇشۇ دەۋردىكى

ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كونا جەمئىيەت ئادەمنى ئالۋاستىغا ئايلاندۇرغان بولسا، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئالۋاستىنى ئادەمگە ئايلاندۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئورتاق تېمىنى يورۇتۇشقا تۇتۇنغانىدى. ھۇرۇن، كاردىن چىققان مەتنىيازنىڭ تۈزەلگەنلىكىنى، ساراڭنىڭ ساقايغانلىقى ۋە ئۆز يولىنى تاپقانلىقىنى، ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشكەن ئازاد يېزىنىڭ قىز - يىگىتلىرىنى، ھەل بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يازغانىدى. ئەلۋەتتە يازغۇچىلىرىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى زور ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىشقا، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ھەقلىق ئىدى ۋە شۇنداق قىلىشىمۇ زۆرۈر ئىدى. بىراق كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلار ھەرخىل تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ياكى پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان تراگېدىيىنىڭ ئالامەتلىرىگە ئېتىبار قىلالمىدى. پروزىمىزدا بۇ ئالامەتلەردىن شەپە بېرىپ جىددىي سىگنال چالىدىغان يازغۇچى چىقمىدى. لېكىن بۇلارنى پۈتۈنلەي يازغۇچىلىرىمىزغا دۆڭگەپ قويساق تولىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تېگىپ قويغان «ۋالاقتەككۈرۈۋنىڭ ئۆلۈمى»، «باشلىق چۈشكەن پابىدا»، «قۇرۇپ كەتسۇن قۇرۇق گەپ»، «ساڭ مۇدىرىنىڭ ئاجايىپ تەدبىرى ھەققىدە قوشاق»، «ماخۇدىن ئاۋاز» قاتارلىق ساتىرىك شېئىرلارنىڭ تەقدىرى ئۇنداق بولغان يەردە تراگېدىيىلىك پروزىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولماقچى؟! ئۇنداق ئەسەرلەر يېزىلغان تەقدىردىمۇ ئېلان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىز پەقەت تۈرلۈك رامكا ۋە كىشەنلەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئېستېتىك قاراشلىرىمىزنى رەتلەپ چىقىش، قايتىدىن ئويلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق.

ئېستېتىك قاراشلاردىكى بۇ چوڭ بۇرۇلۇش تۇرمۇشتىكى چوڭ ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولدى. ئون يىللىق بالايى ئاپەت ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مۇبالىغىچىلىك، كېڭەيتىۋېتىش تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان جىسمانىي، مەنىۋى جاراھەتلەر، تۇرمۇش تراگېدىيىسىنىڭ مول ھەم چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇنى ۋە ئىجتىمائىي يىلتىزى ئەدەبىياتىمىزدىن ئۆز ئىنكاسىنى كۈتتى. يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ، خەلقىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇنى رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قويۇپ تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ تراگېدىيە ئېڭى باشقىدىن ئويغاندى ۋە بۇ ئاڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەرخىل ژانىرلىرىغا سىڭدۈرۈلۈشكە باشلىدى. يازغۇچىلىرىمىز پروزىدا قەھرىمانلىق تراگېدىيىسىنى، ئاددىي ئادەملەرنىڭ تراگېدىيىسىنى، مۇھەببەت، ئائىلە، تۇرمۇش تراگېدىيىسىنى ۋە مۇھىت چەكلىمىسى ئىچىدىكى خاراكتېر تراگېدىيىسىنى يېزىپ چىقتى. بىز بۇ يەردە ئالدى بىلەن قەھرىمانلىق تراگېدىيىسىگە نەزەر تاشلاپ ئۆتەيلى:

قەھرىمانلار ئوبرازى جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرىدىنلا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. يازغۇچىلىرىمىز 30 - 40 - يىللاردىن بۇيان ھەقىقەتەن تەسىرلىك، جانلىق قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. لېكىن بۇ خىل قېلىپ، بىرخىل ئاھاڭ، بىرخىل رەڭ، ھەتتا سۆز - ھەرىكەت، قىياپەتلەردىكى بىر خىللىق تۈپەيلىدىن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق.

قەھرىمانلىق تراگېدىيىسى قەدىمىي تراگېدىيە تۈرلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا جىددىي

ۋەقەلەر بولۇشى، باش قەھرىمان ئىلغار، ئادالەتلىك ئىشلار ئۈچۈن ۋاقتىنچە يەڭگىلى بولمايدىغان كۈچلەر ئالدىدا «ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى» نى ئىپادىلەپ، بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بولۇشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشى لازىم ئىدى. ئىنسانلارغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن پرومېتى تراگېدىيەلىك قەھرىمانلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ماركس ئۇنى «يۈكسەك ئەۋلىيا ۋە قۇربان بەرگۈچى پىداكار» دەپ تەرىپلىگەنىدى. يېقىنقى يىللاردا ئىجاد قىلىنغان «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ئىز»، «ئۆچمەس ئىزلار»، «قاينام ئۆركىشى»، «چالا تەگكەن ئوق» قاتارلىق رومانلارنى قەھرىمانلىق تراگېدىيەسى دېيىشكە بولىدۇ (بۇلارنىڭ ئۇتتۇقلۇق دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ باشقا گەپ بولغاچقا، ئىنچىكىلەپ ئولتۇرمىدۇق). بۇ ئەسەرلەر تراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى قېزىش بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە تراگېدىيەلىك باش قەھرىماننىڭ ئىدىيە خاراكتېرىنىمۇ يورۇتۇپ، تراگېدىيەلىك باش قەھرىمانلارنىڭ پاجىئەسىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ھەر تەرەپلىمە ئامىللارنى، جۈملىدىن ئىچكى ئامىللارنى ئىپادىلەپ، تراگېدىيەنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلدى. بۇ جەھەتتە «ئىز»، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانلىرى گەۋدىلىكتۇر.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر پروزىسىدا زوردۇن سابىرنىڭ «قەرزدار» ناملىق ھېكايىسىغا ئوخشاش ئۇن يىللىق ئاپەتنى تەسۋىرلىگەن تراگېدىيەلىك ئەسەرلەر خېلى كۆپ يېزىلغاندىن كېيىن، يازغۇچىلىرىمىز نەزەرىنى ھەرخىل تەركىبلەرگە، خىلمۇخىل كىشىلەرنىڭ نۇرلۇق خاراكتېرىغا قارىتىپ، تراگېدىيەلىك قەھرىمانلار قاتارىنى كېڭەيتتى. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىنى مۇشۇ تىپقا قويۇشقا بولىدۇ. تراگېدىيەلىك قەھرىمان نۇسرەت، مەمەتئىمىن سەئىدىنلەر نېمىدېگەن يېقىملىق، ئاق كۆڭۈل، گۈزەل پېرسوناژلار ـ ھە! ئۇلار ئەسلىدە ئۆزلىرىدە بار بولغان ئېسىل پەزىلەتلىرى، ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشى ۋە بەختكە سازاۋەر بولۇشى لازىم ئىدى ئەمما ئۇلار مۇتەئەسسىپلىك، مەنىۋى كورلۇق ۋە نادانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. ئاپتور تراگېدىيەلىك توقۇنۇشنىڭ بىر تەرىپىگە قىزىل كۆز دىنىي زاتلار، ئايرىم نەپسانىيەتچى كادىرلارنى قويىدۇ. ئۇلار قاتمال دىنىي ئەقىدىلەرنى سۇيىئىستېمال قىلىپ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى ۋە ئايرىم تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئاممىنىڭ مەنىۋى كورلۇق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە شۈكرى قانائەتچانلىقىدىن پايدىلىنىپ، رەھىمسىز، بىمەنە ۋە زوراۋان كۈچ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مەمەتئىمىن سەئىدىن ۋە نۇسرەتلەر كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى تراگېدىيەلىك ئامىللار سەۋەبىدىن خاراب بولىدۇ. بۇنداق تراگېدىيەنىڭ ئېستېتىكىدىكى ئورنى قەھرىمانلىق تراگېدىيەسىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدىكى پېرسوناژلار قەھرىمانلىق تراگېدىيەسىدىكى قەھرىمانلارغا ئوخشاش كەسكىن توقۇنۇشلاردا قالتىس مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، ئاجايىپ شجائەتنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇلاردا كۈچلۈك دراماتىك ھەرىكەت بولمايدۇ. بۇنداق تراگېدىيە ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە تەسىرچانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ.

ئالايلۇق، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىدىكى مەمەتئىمىن سەئىدىننىڭ تراگېدىيەلىك

قەھرىمان ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل، پىداكار ۋە ئەقىل - پاراسەت-
لىكىنى ئەسەردە تولۇق ئىپادىلىگەن. بىراق ئۇ ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك قانچىلىك ئىش-
لارنى قىلدى؟ ئۇ كۆپچىلىككە ۋەكالىتەن سۇ سوراپ كېپەك شاڭجاڭنىڭلا يېنىغا بېرىپ
كەلدى، خالاس (ئەگەر قەھرىمانلىق نۇقتىسىدىن ئۆلچىسەك، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ قەھرى-
مانلىقى ھېسابلىنىدۇ). ئەسەرنىڭ كولمىناتسىيە باسقۇچىدا ئۇ ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە
بېرىپ، ھەرىكىتىمۇ ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتتى، يەنى يالىڭاچلىنىپ كۆلگە كىرىپ جاقىرى-
تىپ سىيەۋەتتى. مەمەتئىمىن سەئىدىنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقىچە يول تېپىشى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئاپتور نۇسرەتنىڭ ئۆلۈمى، مەمەتئىمىن سەئىدىنىڭ روھىي
ئازابى، ھاشىخاننىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ئاددىيلا بايان قىلىپ ئەسەرنى ئاياغلاشتۇر-
غان بولسا، ئەسەر ھازىرقىدەك كۈچلۈك تەسىرچانلىققا، پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا يېتەلمەيتتى.

ئېنگېلس تراگېدىيە ئۈستىدە توختالغاندا «تارىخنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە بۇ
تەلەپنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىيىلىك توقۇنۇش» نى شەرھلەپ
بەرگەنىدى. ئېنگېلسنىڭ «تارىخنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە تەلەپنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى
ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىيىلىك توقۇنۇش» دېگىنىمۇ دەل مۇشۇنداق ئەسەرلەرگە باپ كې-
لىدۇ. ئاددىي كىشىلەرنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدىكى تۇرمۇش تەلىپى، گۈزەل ۋە نورمال
ئارزۇسى تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن بىرلەشسىلا، تارىخنىڭ مۇقەررەر تەلىپى
بولالايدۇ. بۇنداق تراگېدىيىلەر تارىخنىڭ مۇشۇنداق مۇقەررەر تەلىپى ھەر تۈرلۈك
سۇبيېكتىپ شەرت - شارائىتلار چەكلىمىسى بىلەن ۋاقتىنچە ئىشقا ئاشمىغانلىقتىن پەيدا
بولغان. بۇنداق تراگېدىيە ئارزۇ، غايە بىلەن رېاللىقنىڭ ماس كەلمەسلىكىدىن ئىبارەت
مەڭگۈلۈك زىددىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغاچقا، تراگېدىيە ھەممىشە مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. تراگېدىيىدىن ئىبارەت ئېستېتىك كاتېگورىيىمۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇ-
ۋېرىدۇ.

بىز تراگېدىيىگە روھىي دۇنيامىزدا كۈچلۈك زىلزىلە قوزغاپ، بىزدە كۈچلۈك
مۇھەببەت، نەپرەت پەيدا قىلىپ، ھەق - ناھەق ئۆلچىمىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، قەلبىمىز-
نى پاكلاشتۇرۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتقانلىقى ئۈچۈنلا تېگىشلىك ئورۇن بېرىمىز.

مېنىڭچە، تراگېدىيىمۇ ئۇلۇغۋار، يۈكسەكلىك، نەپىس، يېقىملىق، كومېدىيىلىك
دېگەندەك زوقلىنىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك،
چۈنكى ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىز يېتىشتۈرگەن، پەرۋىش قىل-
غان. ئەمدى ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈش بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس ۋەزىپىمىز بولۇشى
كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

شەرخان مۇرتازايېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## يۈرەككە قورۇق چۈشمەيدۇ

(ھېكايە)

يازغۇچى غالىم ئەخمەتوۋقا!

ساغىن ئاكا ئىككىمىز چاشكادىن كېيىن سەيلىگە چىقاتتۇق. ئۇ تايىقىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھە، سادىغاڭكېتەي، جۆرە ئەمدى، كۈن ئىسسىپ كېتىدۇ، پۇتۇڭغا يېنىكرەك بىر نېمە كىيىۋال، تاغدا توپلەي بىلەن يۈرەلمەيسەن، — دەپ ماڭا خۇددى مەكتەپ بالىسىغا ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ كېتەتتى.

ساغىن ئاكا خۇدا بۇيرۇسا، يەنە بىر يىلدىن كېيىن سەكسەن ياشقا كىرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ساغىن ئاكامنى ئېھتىمال مۈكچەيگەن بىر بوۋايدۇ دەپ قالارسىلەر. ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى بىز دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ، يۈرگەن بىزلەردىنمۇ تېمەن، قەددىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدۇ. ئىككى مەڭزى ئانار دەك. مېھىر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كۆزەينەك دېگەننى بىلمەيدىغان كۆزلىرى تېخىچە ئوتقا ئوخشاش يېنىپ، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدۇ. ئۇ كۆزلەر بىر ئۆمۈر سوغۇق قاراپ باققان ئەمەس. ساغىن ئاكىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يىگىت پېتى تۇرۇشى شۇنىڭدىندۇ بەلكىم، چوقچايغان تەكشى ماڭلىيى ئايپاڭ بېشى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن، قورساق سالغانىنىڭ بەلگىسىمۇ يوق. تولىمۇ زىلۋا،

باغدا، سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ سايىسى ئاستىدىكى دەم ئېلىش ئۆيىدىن يىراقلاشقانسېرى يولىمىز يالغۇز ئاياغ يولغا ئايلىنىپ يۇقىرىغا قاراپ تىكىنلىشىپ كېتەتتى. ساغىن ئاكا ئۇزۇن تايىقىنى چاڭغىدا ماڭغاندىكىدەك ئالغا تاشلىغانسېرى ئۇنىڭ دۈمبىلىرى تىنىماي قوزغىلاتتى. ئاندا-ساندا كەينىگە بۇرۇلاتتى-دە، پىخىلداپ كېلىۋاتقان ماڭا:

— تاياقنى يىراققا تاشلا، قولۇڭغا سالماق سال، دۈمبەڭنى مۈكچەيتىۋالماي ئەركىن قويۇپ بەر، — دەيتتى.

مېنىڭ كالتە يەڭلىك ئاق كۆڭلىكىم قارا تەردىن چۆپ بولۇپ قارايغىلى باشلىغاندىلا، ساغىن ئاكىنىڭ پېشانىسى تەرلەشكە باشلايتتى.

شۇنداق قىلىپ بىز قاتار-قاتار چار باغلارنىڭ ئۇدۇلىدىن، قارىغاي باغلاردىن خۇددى تۇرنىلاردەك تىزىلىپ ئۆتۈپ، يات كۆزلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ (چۈنكى بىرىمىز دوڭكىخوت، بىرىمىز سانچۇ پانساغا ئوخشاپ قالغاندۇق) چىۋىنساي ۋادىسىغا ئۆتەتتۇق. چىۋىنساي ۋادىسى ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ئالما بىلەن چۆمكەلگەندى. قىيام بولغان مېۋىلەر يەرگە تۆكۈلۈپ، ئالدى سېسىغىلى تۇرغانىكەن.

كىملەردۇر ۋادىنىڭ بۇلۇق چۆپلىرى-

نى ئورۇپ دۈۋىلەپ قويغانىكەن. چۈمۈلد -
ىنىڭ سايىسىدا هاردۇق ئالدۇق. پىچاندىن
ئىپار چاچقىپ تۇرىدۇ. ساي تېگىدە كۆ -
مۈش لېنتىدەك سۇ ئەگىمىلىنىپ ئاقاتتى.
بارچە قۇش مەستخۇش هالدا سايرىماقتا.
— ئى، ئى، ئى، — دەيتتى ساغىن
ئاكا. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈمسىرەيتتى.
بۇ ئۇنىڭ هالىڭ نىچۈك دېگىنى
ئىدى.
— هېرىپ قالدىم.
— بەز ئوبرازيە، — دەيتتى ئۇ كەڭ
ماڭلايلىق ئاپپاڭ بېشىنى تەمكىن چايقاپ، —
مەن سىېنىڭ يېشىڭدا بولسام ئىدىم...
— نېمە قىلاتتىڭىز؟
— ئۇ چاغدا، — ئۇ چىرايلىق كۆزلد -
رىنى چىۋىنسايىنىڭ ئۇ تەرىپىگە تىكتى -
دە، چىۋىنسايىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئىزدىگەن
نەرسىسىنى تاپقاندەك ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ
قويدى، — بىر چاغلاردا ساڭا ئوخشاش ياش
ئىدىم، سەندىنمۇ ياشراق ئىدىم. ئۇفادا
ئوقۇۋاتقان چېغىم ئىدى. بەس، بۇ تەي -
پىنەمنىڭ ۋاقتىدىكى هېكايە، ئادەمنىڭ
ئېسىگە نە - نەلەردىكى نەرسىلەر چۈشىدۇ.
بۇنىڭ كېرىكى يوق، — دەپ قولىنى
سىلكىۋەتتى.
— ۋاي - ۋۇي، ئاكا، ئېيتىڭا، ئايدا -
لىدا ئىككىمىز يالغۇزدىن يالغۇز ئولتۇرايلى
ئەمىسە، مەن نېمىدىن غەم يەي.
ئۇنىڭ هەمىشە چاقناپ تۇرىدىغان
يوغان كۆزلىرى سەل - پەل مۇڭلانغاندەك
كۆرۈندى.
— سەن ئۇفاغا بارغانمىدىڭ؟ — ئۇ
كۈلۈمسىرىگىنىچە ماڭا بۇرۇلدى.
— ئىككى قېتىم بارغان ئىدىم.
— هە، ئۇنداق بولسا بىلىدىكەنسەن.
شۇ ئۇفاغا يىگىرمە ئىككىنچى يىلى ئوقۇش -
قا باردىم. ئىككى - ئۈچ يىل بۇرۇنلا بۇ
نەچچە دۇركۈن قىزىل قىيامەت بولغان
يەر ئىدى. كولچاكنىڭ قىلىچىدىن چېلەك -
لەپ قان ئېقىپ، ئۇنى فرۇنزى كۈمپەيكۈم
قىلىپ ئۇرال تېغىدىن هەيدەپ چىققىلىمۇ
كۆپ ۋاقىت بولمىغانىدى. كۈمۈش
ئېدىلنىڭ بويىدا، ئۇرال تېغىنىڭ ئېتىكىدە
يىگىتلىك چېغىم، ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئېسىل
چاغلىرى ئۆتتى. هە، بۇنىڭ هەممىسى
تۈگىمەس هېكايە. ئۆزۈڭگە مەلۇمكى،
ئىنقىلابقىچە، ئۇفادا بىي ئاغا، بەيىمبەتنى
دەۋاتىمەن. بىي ئاغا ئوقۇغان بۇ قازاقنىڭ
يەنە بىرمۇنچە زىيالىيلىرى بىلىم ئالغان
جاي. نېمىسىنى ئېيتىسەن مەن بىلەن بىر
تاتار - باشقىرت قىزى بىللە ئوقۇدى. ئۇ -
نىڭ ئىسمى ئەنجە ئىدى.
— كەنجە؟
— كەنجە ئەمەس، ئەنجە، قازاقچە
مەرۋايىت دېگىنى. هېلىقى ئۈنچىچۇ.
— «تاتار — باشقىرت» دېگىنىڭىز نېمىسى؟
— هە، ئۇنىڭ دادىسى تاتار، ئاپىسى
باشقىرت ئىدى - دە، بۇنداقلارنى «شالغۇت -
لار» دېيىشىدۇ. سەن تېخى ياش بولغاچ -
قا گۈزەللىكنىڭ قەدرىنى بىلمەيسەن. گۈ -
زەلنى، گۈزەللىكنى كۈچىڭلار يەتكەنچە
يېزىپمۇۋاتىسلەر. مېنىڭمۇ يازغۇم كېلىدۇ،
بىراق ئەنجەنىڭ گۈزەللىكىنى يېزىشقا
كۈچۈم يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆركەم قىياپىتى
كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىگىنىمۇ
بىر گۈزەل ناخشا. ئۇنى ئالەمدىكى ئاياللارنىڭ
دىلبىرىمىكىن دەپ قالىمەن. يا ماڭا
شۇنداق كۆرۈنەتتىمىكىن؟ بىراق شۇندىن
بۇيان تالاي يىل ياشىدىم. ئۇنداق ئايال
زاتىنى ئۇچراتمىدىم. ئەنجە ناخشىچى ئىدى،
بەلكىم، يۈرەكنى كۆيدۈرۈپ، ۋۇجۇدىمنى
سۇقلىدىغان شۇ ناخشىنىڭ سېھرىي قۇدرىتىدۇ.
ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا ئايال تائىپىسى چاكىنا،
ئەنجەنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشكىمۇ
ئەرزىمەيدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. گۈزەللىك
ئادەمنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس بىر جۈپ،

قانىتى. ئەگەر دۇنيا پەقەت گۈزەللىكتىنلا پۈتكەن بولسا، ئادەملەر مەجرۇھلىقتىن، بىچارىلىكتىن، مەنىۋى غورىگىللىكتىن قۇتۇلغان بولاتتى.

چاپمۇچاپ ئالدىمىزدا، ياۋا ئالمىلار سايىقىدىن ئۆزۈلۈپ توكۇلداپ يەرگە چۈشۈپ چۈپىنىڭ بۇلۇقلۇقىدىن دومىلىيالىماي چۈشكەن يېرىدە مىدىر - سىدىر قىلىماي تۇرۇپ قالاتتى. چىپار قانات سېغىزغان كاداڭ ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغان ناتونۇش ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ، ئالىسبۇرۇنلا شاراقلاپ، تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسگە شايى قىلىۋەتكەندى. ئۇ خۇددى ساغىن ئاكىنىڭ ھېكايىسىنى سېغىزخانلار تىلىغا سۆزمۇسۆز ئاغدۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سېغىزخان جامائەتچىلىكىدە گۈزەللىك، مۇھەببەت دېگەن ئۇقۇملارنىڭ بار - يوقلۇقىنى كىم بىلىدۇ؟ بىراق سېغىزخانلار تەرەپ - تەرەپتىن شاراقلىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكەندەك قىلاتتى.

— قېرى پىرخانىڭ مۇھەببەتتە نېمە ھەققى بار ئىكەن دەمدىكىن - يا؟

ساغىن ئاكا سېغىزخانلارنىڭ قوپال قىقاس - سۈرەنلىرىگە بىرئاز قۇلاق سېلىپ تۇردى - دە، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

— بىز ئوقۇۋاتقاندا تاتار - باشقىرت قىز - يىگىتلىرى ياتاقلاردا:

ئۇفادىلار، ئۇفادىلار،
ئۇفانى كۆراسەم كىلا
تىنتىرا ئۇرامىندا
پودروچكا يۇرسەم كىلا، —

دەپ جىرلىشاتتى. يىگىتلەر جىرلاپ بولۇشىغىلا قىزلار:

ئاي يوغارى، ئاي يوغارى،
ئايغا مىنەسەم كىلا
ئايغا مىنەپ جىرگا قاراپ
سىزنە كۆرسەم كىلا، —

دەپ جىرلىشاتتى؛

تالىيان گارمۇشكا سايراپ تىنمايتتى. كۆپ ئاۋاز ئىچىدە ئەنجەنىڭ ئۈنى ئالاھىدە ياڭرايتتى. يىراقتىن كەلگەن قازاق يىگىتى غېرىبسىنىپ قالمىسۇن دەمدىكىن ئەنجە ماڭا يېقىنچىلىق قىلاتتى. ماڭا باقىاندا رۇسچىغا ئۇستا بولغاچقا دەرسكە بىللە تەييارلىق قىلاتتۇق. ئەنجە ئىككىمىزنىڭ باش يېقىشىپ بىر كىتابقا بىللە قارىشىپ ئولتۇرغىنىمىزغا تاتار يىگىتلىرىنىڭ تارلىقى كېلەتتى، بولۇپمۇ ئورۇندۇقتا ئىچىكىشىپ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرگەندە ھېلىقى بىرنېمە ئەنجەنىڭ يېنىغا كېلەتتى - دە، بۇدۇشقاقلىق قىلاتتى.

— بار، نېرى بارە، — دەيتتى ئەنجە ياقتۇرماستىن.

— ھە، زاڭلىق قىلما! سەن قازاققا ئامراقمۇ، مەنمۇ قازاق، — دەيتتى ئىبراھىم كانىدەك چاپلىشىپ.

— سەن نەدە قازاق؟ — دەيتتى ئەنجە خام سېرىق، جىيرەن چاچ، كۆك كۆز يىگىتكە سونىرقىغانچە قاراپ.

— قازاق، — دېدى ھېلىقى ھودۇقماستىن، — ئاباي قازاقمۇ — قازاق. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى — ئىبراھىم. مەن — قازاق ھەم ئاباي، — دەيتتى ھېلىقى كۆرەڭلەپ.

قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ھەي، ئىبراھىم سەن ئاباي تۈگۈل... — دېدى ئىبراھىمنىڭ چاقچىقىغا تېرىكمەي.

چاقچاق بولسىمۇ ئۇنىڭغا تارلىقىم كېلىدىغان، بۇخسىراپ، چىدىمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. قىزنىڭ مېنى چىندىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا تېخىچە كۆزۈم يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ دەرسنى بىللە تەييارلىشى پەقەت غەمگۈزارلىق قىلغانلىقىلا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىرسىگە ئىچكۆيەرلىك قىلىپ ياردەم قىلىش مۇھەببەت ئەمەس. ئەمما مەن بايقۇش قىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى بىلمەيلا قالغان ئىدىم.

ئەمدىلىكتە ماڭا ئۇنىڭسىز دۇنيا ھېچنېمىگە
ئەرزىمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆزۈمچە خى-
يال دېگىزىغا شۇڭغۇپ كېتىمەن. ئۆزۈمچە
ئەنجە غالىيەبانۇ بولسا مەن خەلىل بول-
مەن. ئىبراھىم بولسا ئىسمايىل بولات-
تى. روللارنى مۇشۇنداق تەقسىم قىلىپ خىيا-
لىمدا ئىسمايىل بىلەن يەكمۇ يەككە چىقىپ
يېڭىپ يۈرەتتىم، ئوقۇشنى ياخشى پۈتتۈرۈپ
ئەنجە بىلەن قول تۇتىشىپ يۇرتۇمغا، قازاق
دالىسىغا قايتاتتىم. بۇنداق ساھىبجامالنى كۆر-
مىگەن ئۇرۇق-تۇغقانلار خۇشال بولۇشۇپ،
قۇتلۇقلاپ چوڭ توي قىلىپ بېرىشەتتى،
تويدا ئەنجە «غالىيەبانۇ» ناخشىسىنى ئېيت-
اتتى. تويغا كەلگەن يۇرت-جامائەت رازى
بولۇشۇپ:
— بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش
بولسۇن!
— بەختلىك بولۇڭلار، — دەپ دۇئا قىل-
شاتتى.
كۆڭۈل يۈگرۈكمۇ-كۆك ئات يۈگرۈك-
مۇ دېگەنلىرى شۇدە!
شۇنداق قىلىپ يۈرگەندە، ئېدىل بويى-
دا ۋابا كېسىلى تارالپتۇ دېگەن سۆز چىقىپ
قالدى. «ئاپەت يەتتە» دېگەن گەپ راست
بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئالدى بىلەن بۇياقتا ئىككى
يىل ئۇدا ئاشلىق بولمىدى. ئاندىن كېيىن
كېسەل تارالدى، خۇدا ساقلىسۇن. بىزگە
كەلمەس دەپتىكەنمىز. تۇيۇقسىزلا ئەنجە
كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى.
يەنە بىر-ئىككى ئوقۇغۇچى يىگىت ۋاباكېسىلىگە
گىرىپتار بولدى. ئوقۇشىمىز ۋاقتىنچە توختىدى.
دەل شۇ پەيتتە يۇرتۇمدىن خەت كېلىپ
قالدى. خەتتە «داداڭ ئېغىر كېسەل، تېز
كەل» دېگەن ئىدى. خوشلىشىۋالاي دەپ
دوختۇرخانىغا ئەنجەنى ئىزدەپ بارسام
يېقىن يولاتمىدى. يا خەت ئالمايدۇ. «ھېچ-
نېمە بولماس، يۇرتۇمغا بېرىپ كەلگۈچە
ئەنجە سەللىمازا ساقىيىپ كېتەر، يەنە ئۇچ-
رىشىمىزغۇ» دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالداپ
قويدۇم-دە، كېتىپ قالدىم.
ئۇ چاغلاردا قاتناش ھازىرقىدەك بولمى-
دۇ، يېرىم ئاي مۆلچەرى يول يۈرۈپ ئاران
بارسام دادامنى كۆمۈپ قويۇپتۇ. يىغلىدىم،
قاقشىدىم. قاچانغىچە يىغلاۋېرەتتىم. تىرىك-
نىڭ تىرىكچىلىكى بولىدىكەن. ئۇفاغا قايتاي
دېسەم قېرى ئانام، چۆچۈرىدەك باللار
لىپلا قىلىپ ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى،
يۇرتتىكى ئاقساقال، قاراساقاللار يىغىلىشىپ:
— جېنىم بالام، ئەمدى سەن ئاتاڭنىڭ
ئورنىدا ئاتا بولىسەن، بۇ ئىنگە-چاقىسىز ئۆينى
كىمگە تاشلايسەن، بولدى قوي ئوقۇشتىن!
ئېغىز ئاچما! خەقنىڭ ساڭا ئوخشاش باللىرى-
مۇ يۈرمەمدۇ، خەت تونۇمايمۇ كۈن كۆرۈ-
ۋاتىدىغۇ. خۇداغا شۈكرى سەن ئۇلارنىڭ
يېنىدا ئەلىماخۇن-غۇ!
ئۇ چاغلاردا مەندەك ئوقۇغانلار كەمدىن-
كەم ئۇچرايتتى. ھەش-پەش دېگۈچىلا خىز-
مەتمۇ تېپىلىپ قالدى. مەھەللىمىزدە مۇئەل-
لىم بولدۇم. ئۇ مۇئەللىملەرنىڭ ئەتىۋا ۋاق-
تى ئىدى. پۈتۈن مەھەللە مېنى ئالقىنىدا
ئالما قىلىپ، بېشىدا كۆتۈردى. ئاپامنىڭ
بەختىدە چەك يوق ئىدى. باللىنىڭ ئەڭ
ھۆرمەتلىك كىشى بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ
بوۋىيىنىڭ يوقلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئىنى-
لىرىم، سىڭىللىرىمنىڭ ئەڭنى پۈتۈن، قور-
سىقى توق. قارىسام توققۇزۇم تەل ئىدى.
بىراق مەن ئوچۇقچىلىقتا ئىزغىرىن شامالنىڭ
قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغان ئىدىم. ئۆزۈم
بۇ يەردە بولغىنى بىلەن ئېسى-يادىم يىراقتا،
ئورال تاغلىرىدا ئىدى. مەن كەتكەندىن
كېيىن ئەنجە كېسەلدىن ساقىيىپ ئوقۇشقا
قايتا بېرىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا خام
سېرىق ئىبراھىم ئولتۇرغاندەكلا ئىدى.
ئادەم سېغىنىشتىن سەكپارە بولغاندا ھەر
نېمىگە يالۋۇرىدۇ. ئەنجەگە قۇياشتىنمۇ، ئاي-
دىنمۇ، يۇلتۇزدىنمۇ، يەردىنمۇ، ئۇچار قۇش-

تىنىمۇ سالام ئېيتاتتىم. ئۆزۈم بولسام ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتىم، يا بۇ يەردىن كېتەلمەيتتىم. كېسەلخانىغا خەت يېزىۋىدىم جاۋاب كەلمىدى. كېسەل خەت ئارقىلىقمۇ يوقسا كېرەك. ئىبراھىمغا خەت يېزىۋىدىم ئۇمۇ ئۈندىمىدى. ئوقۇش باشلىغىنىدىنىمۇ خەۋەر بولمىدى. مېنىڭ بىر تېرە، بىر سۆڭەكلا بولۇپ قالغىنىمنى كۆرگەن ئەل - ئاغىنىلىرىم بىر نېمىنى سەزدى بولغاي، ئاقساقال - قاراساقاللار مەسلىھەتلىشىپ مېنى ئۆيلىمەكچى بولۇشتى. ئۇنى دەپ بۇنى دەپ ئۆزۈمنى ئەپقېچىپ كۆرسەم ئەل - ئاغىنىلىرىم يول قويمىدى. شۇندىن بېرى ئۆزۈڭ بىلىسەن يەڭگەڭ بىلەن ئەللىك يىلدەك بىللە ھايات كەچۈردۇق. ئۇنىڭ دۇنيادىن ئۆتكىنىگىمۇ ئون نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئەنجە دەسلەپتىكى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە كۈندۈزى خىيالىمدىن، تۈندە چۈشۈمدىن چىقماي مېنى پەرىشان قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇ پەقەت ئاندا - ساندا يۈرەككە بېگىزدەك سانجىلىپ مېنى ھەسرەتكە قوياتتى - يۇ، بۇرۇنقىدەك جان قىيناشنى قويۇپ، ئاجايىپ بىر گۈزەل چۈشكە ئايلانغاندى.

* *

كۈن چاشكادىن ئۆتۈپ، چۈشكە يېقىنلاپ قىزىشقا باشلىغان، ئەرمەن، يالپۇز ھىدى كېلىۋاتقان، چۆپ دۆۋىلىرىدىن تومۇزغا - چېكەتكىلەرنىڭ ناخشىسى ئاڭلىناتتى. ياۋائالمىلارغا ئولاشقان ھەرىلەر غىڭشىلدايتتى. قىزىل - يېشىل كېپىنەكلەر ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ يۈرەتتى، مۇشۇنداق چاغلاردا غابدۇل سىلانوۋنىڭ:

قىزىل - يېشىل چىپار كۆك
كېپىنەكتۇر بۇ دۇنيا.
قوغلاپ كېلىمەن ئۇنى
تەرلىرىم ئېقىن گويا.

دېگەن شېئىرى ئەسكە چۈشەتتى.

— شۇنىڭدىن بىرىيىل بۇرۇنغۇ دەيمەن، «قازاق ئەدەبىياتى» دا ھېكايەم چىقتى. بۇ ھېكايە ياقا يۇرتلاردا ئۆسكەن بىر دوختۇر قازاق قىزنىڭ چوڭ بولغاندا ئانا يۇرتىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى ھەققىدە يېزىلغان ئىدى. ئوقۇدۇڭمۇ - ئوقۇمىدىڭمۇ بىلمەيمەن...

— ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇم، — دەپ ئالمان - تالمان باش لىڭشىتتىم. ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈزۈلۈپ قالمىسىدى دەيمەن.

— ي، ي، ي، — دېدى ساغىنى ئاكا، مېنىڭ ئىخلاسمەنلىكىمدىن قانائەتلەنگەندەك ماڭا بىر قاراپ قويۇپ ئەتراپقا سەپسالدى:

— بەز ئوبرازنىيە، چۈش بوپ قاپتىغۇ، بولدى ئەمدى قايتايلى، ھېكايىنىڭ پوسكاللىسىنىلا ئېيتاي:

«قازاق ئەدەبىياتى» دا ھېكايەم ئېلان قىلىنىپ تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن بىر پارچە خەت ئالدىم. لىپاپىقا قارىسام: «قازان» دەپ يېزىلغانىدى. «ئىخسانوۋا ئەدىن» دېگىنىمۇ بار تېخى. خەت تەھرىراتنىڭ نامىغا كەپتۇدە. ئۇ يەردىكى ئاغىنىلەر خەتنى ماڭا ئەۋەتىپ بېرىشكەنىدى. ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. قازاندا قانداق تونۇشۇم بار؟ نېمە بولسا بولسۇن دەپ خەتنى ئاچتىم.

ئىشەنمەسلىكىڭلار مۇمكىنكى، سەكسەنگە كەلگەن ئادەمنىڭ ھاياجانلىنىپ جۇشقۇن سەزگۈلەر سېلىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىنى قالتىس ئېغىر ئىش ئىكەن. خەت ئاشۇ ئەنجەدىن كەلگەنىدى. فامىلىسىنىڭ ئىخسانوۋا ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق. بايا «قازاق ئەدەبىياتى» غا قازانلىق قېرىنداشلارمۇ يېزىلىدىكەن. مېنىڭ ھېكايەم بېسىلغان ژۇرنال بىر قانداق قىلىپ ئەنجەنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

«سىز شۇ ساغىن رەخمەتوۋمۇ ياكى ئىسمىداش، فامىلىداش باشقا بىرسىمۇ؟ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇمىد دۇنياسىغۇ دەپ خەت يېزىۋاتىمەن، خۇدادىن شۇ ساغىن رەخمەتوۋ بوپقالىسكەن دەپ تىلەيمەن، چۈنكى سىزنىڭ يەر يۈزىدە تىرىك يۈرگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزىلا ماڭا غايەت زور مەدەت بولىدۇ. ئارىدىن يۈز يىل ئۆتسىمۇ نېمىشقىلىقىنى بىلمەيمەن، خۇدادىن شۇنداق دەپ تىلىگىم كېلىدۇ. سىز بولسىڭىزمۇ سىز بولمىسىڭىزمۇ ساغىن رەخمەتوۋ دېگەن ئىسىم ماڭا ئاشۇ ئۇزاقلاردا قالغان، مۇشكۇلات ئىچىدە ئۆتۈپ نى دەھشەت چاغلارنى باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ قىممەتلىك ياشلىقىمنى ئېسىمگە چۈشۈردى. ماڭا ئوخشاش ياشانغان، تىكەندەك يالغۇز كىشىگە جەننەتتەك ياشلىقىنى ئەسلەشنىڭ ئۆزى ياشلىققا يېڭىباشتىن ئېرىششىش بىلەن تەڭ. ئېسىڭىزدىمۇ، ساغىن (ئەگەر شۇ ساغىن بولسىڭىز) سىز بەك ياخشى كۆرىدىغان «غالىيەبانۇ» دا:

كۆمۈچ قايچام كەسمىدى،
ئاق ئەتلىسىم يەتمىدى.
غالىيەبانۇ چىرايلىقىم-ئەركەم
خۇدايىم بىزنى بىر جۈپ ئەتمىدى.

دېيىلگەن ئىدىغۇ، شۇنىڭ سىڭىرى، تەقدىر يازمىش بىزنى بىر-بىرىمىزگە جۈپ قىلمىسىمۇ ئاشۇ سۆيۈملۈك يۇمران چاغلارنى ئەسلەشنىڭ ئۆزى ماڭا غايەت زور دۆلەت. ئۇندىن باشقا يىراقتا قاراۋاران كۆرۈنۈپ قېپقالغان يىگىرمە ئىككىنچى يىلدىن بېرى بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇزاق ھېكايە. ئەگەر راست ساغىن رەخمەتوۋ بولسىڭىز مۇشۇ خەتنى ئېلىپلا ئۆزىڭىز ھەققىدە بىر ئۇچۇر بېرەرسىز، (غالىيەبانۇنى ئۇنتۇمىغان بولسىڭىز ھېلىمۇ قەدىردان دەپ ھېسابلىسىڭىز ئەلۋەتتە) ئەنە شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ ھەقىقىي ساغىن رەخمەتوۋ ئىكەنلىكىڭىزگە كۆز يەتكۈزۈپ، تەڭرىمگە مىڭ قەتلە شۈكرى قىلىپ، سىزنى تىرىك ساقلىغان تەقدىرگە تېۋىنىپ، يەنە بىر پارچە خەت يازارمەن. شۇ چاغدا ھەممىنى بايان قىلارمەن. ھازىرچە پەقەت «سىز تەرەپتىن شامال بىلەن بىر خەۋەر كېلەرمىكىن» دەپ ئۈمىد قىلغۇچى، ئۇنتۇمىغان بولسىڭىز ئەنجە ئىخسانوۋا».

— بەز ئوبرازىيە، خەتنىڭ بار-يوقى مۇشۇ. مەن كېيىل كىشىدەك ئەس-ھوشۇمدىن ئايرىلدىم. يۈرىكىم خۇددى يەگىتلىكىم قايتىپ كەلگەندەك شېرىن بىر سېزىم ئىلكىدە ئېرىشكە باشلىدى. ئادەم قېرىغاندا بالا بولىدۇ دېيىشەتتى قەدىمقىلار. راستىنلا بالا بولىدۇمۇ يا دەيمەن ئۆزۈمگە. بىراق ئېسى-يادىم ئەنجەدە ئىدى. قېرىغاندا ئەس باستىمۇ نېمە بولدى، شۇنچە ھاياجانلانغىنىمنى، تاقەتسىزلىنىپ چالۋاقىغىنىمنى نېمىسى دەيمەن. ھەتتا چامدىنىمنى كۆتۈرۈپ قازانغا ماڭغىمىمۇ كېلىدۇ، بەس تېجىمەللىك قىلما دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم بېسىپ كېتىمەن.

بىر مەھەل ساياق سەزگۈلىرىمنى تىيىپ، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈۋېدىم، ئەقلىم خەت ياز دېدى. خەت يازماق نېمە تەس، شۇمۇ ئېسىمگە كەلمەي خۇددى ئەپيۈن ئىچكەن كىشىدەك مەڭدىگىنىمنى كۆرمەمدىغان. ئېيتماقچىمۇ سەت. ئولتۇرۇۋېلىپ خەت يازدىم. يازغىنىمنى ئېيتىپ نېمە قىلاي، ئاخىرىدا: «ئەنجە سۈرىتىڭنى ئەۋەت» دەپ يېزىۋېتىپتىمەن.

شۇندىن باشلاپ ھەركۈن تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تاقىتىم تاق تۇرىدىغان، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا پوچتا ساندۇقىغا يۈگۈرەيدىغان بولدۇم. تۆتىنچى قەۋەتتىن بىرىنچى قەۋەتكە يېنىش-يېنىش چۈشۈش مېنىڭ

يېشىمدىكى ئادەمگە خېلىلا ھەرەج كەلسە-
مۇ، تىنماي پالاقلايمەن. بىر چۆشۈپ بىر
چىقىپ، ئۇچقۇراپ يۈرگىنىمنى بايىقىغان
قوشناممۇ:

ــ ساكە، تىنچ ـ ئامانمۇسىز؟ ــ دەيتتى.

ــ ھە، مۇنداقچىلا، گېزىت كەلدىمى-
كىن دەپ ...

ــ بىزنىڭ پوچتىنى قويۇڭا زادى،
گېزىتنى پەقەت ۋاقتىدا ئەكەپ باقمايدۇ، ــ
دەيتتى قوشنام مېنى ئاۋارە قىلغان
پوچتىكەشكە يىراقتىن لەنەت ياغدۇرۇپ.

ئۆمرۈمدە بۇنداق بىتاقەت بولۇپ خەت
كۈتكەن ئەمەس ئىدىم. ئويلىسام، خەت كۈ-
تۈشمۇ بىر دەرد ئىكەن. خۇددى لىپاپىنىڭ
ئىچىدە ئەنجەنىڭ ئۆزى كېلىۋاتقاندەك سەۋ-
رەم سېرىلدى. ئۇن سەككىز ـ ئون توققۇز
ياشلاردىكى چاغلىرىم بولسىغۇ بىر نۆۋرى.
سەكسەنگە كىرگەنلەر شالاڭلاپ قالغان بىر
چاغدا ماڭا كەلگەن نېمە ئازابتۇ بۇ دەي-
مەن. سەكسەنگە كىرگەنلەر ناگان-ناگاندا بىر
ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئەمدىلىكتە ئاخىرقى سەپەرگە
تەييارلىنىپ، ھايات ۋەسۋەسىسىگە ئارىلاش-
مايدىغان، ئارزۇ ـ ھەۋەسىنىڭ بازىرىدىن ئال-
لىبۇرۇن يېنىپ چىققان كىشىلەر. سەكسەن
ياشقا كىرگەنلەر يار ئېلىپ كەتكەن ئۆت-
كەن ئۆمۈر ئەستىلىكلىرىنىڭ دولقۇنلىرىنى
تاماشا قىلىپلا ھايات كەچۈرىدۇ. سەكسەن
ياشقا كىرگەنلەر قەغەزگە يېزىلمىغان ئەس-
تىلىكەرنىڭ تۇم ـ تۇم ۋاراقلىرىنى بىر-
بىرلەپ يىرتىۋېلىپ كۆلخان سېلىشى، شۇ
كۆلخانغا قاقلىنىپ ئولتۇرۇشلىرى كېرەك.
بىزنىڭ يېشىمىزدا ئادەملەر تۆشەكلىرىدە
يالغۇز ياتىدۇ. قېلىن يوتقانلار ئىسسىتال-
مايدىغان توڭغاق تېنىنى ئەستىلىكنىڭ تەپ-
تى بىلەن ئىسسىتىدۇ. پەقەت ئۆتكەن
چاغلارنىڭ ئەسكە ئالغۇدەك شېرىن دەملىرى
بولسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئالدىمدا
مېنى نېمە كۈتۈۋاتىدىكىن؟ مەن بولسام
ئېمىنىدۇ بىر نەرسىنى كۈتىدىغان بولدۇم.
بەلكى ھېلىقى خەتنى كۈتىدىغاندىمەن. خەت
ماڭا خۇددى ياشلىق چېغىمنى يېپەك نۇختا
بىلەن يېتەكلەپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇفادا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا باش-
قىرت تىياتىرىغا باراتتۇق. شۇ چاغدا قايسى
تىياتىر ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئىشقى-
لىپ بىر تىياتىردا سۆيگىنىنى سېغىنغان
بىر يىگىتنىڭ:

جىيراقلاردان يازغان
سالەم خاتلارىڭنى

كۈتە ـ كۈتە تۈزەملەگەم بىتكاس
دەپ جىرلىغىنى ئېسىمدە قاپتۇ. يەنى بۇ
«يىراقلاردىن يازغان سالام خېتىڭنى كۈتە-
كۈتە تاقىتىم تاق بولدى» دېگىنى ئىدى.
خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مەن ئەمدى شۇ
يىگىتنىڭ ئۆزى بولدۇم. ئاتايىن پوچتى-
خانىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى بىر قىزدىن:

ــ قىزىم خەت قازاندىن قانچە كۈندە
كېلىدۇ، ــ دەپ سوراپمۇ باقتىم. ئۇنىڭ
ئېيتىشىغا قارىغاندا ئانچە كېچىكمەيدىغانمۇ
ئوخشايدۇ. بېشىم چۈشۈپ، سالپايغان پېتى
ئۆيگە كەلسەم ساندۇقتا گېزىت تۇرۇپتۇ،
ئۇنى ئېلىپلا سېلكىۋېدىم، كۆك لىپاپ لەي-
لەپ بېرىپ يەرگە چۈشتى، ئۇنى خۇددى
جېنى بار نەرسىنى ئالغاندەك ئاۋايلاپ ئال-
دىم. رەسىم بارمىكىن دەپ بارماقلىرىم
بىلەن سىيلاپ باقىمەن. لىپاپ نېپىزدەك
كۆرۈنەتتى. ئادەتتە ئىچىدە رەسىم بار
لىپاپىنىڭ ئۈستىگە «دىققەت رەسىم بار»
دېگەن ئەسكەرتمە يېزىلاتتى. بۇنىڭدا مۇن-
داق خەت يوق ئىدى.

سەكسەن ياشقا كىرگەن ئادەمدە سەۋر-
تاقەت، چىدام دېگەنلەر مول بولۇشى كېرەك
ئىدى. ئەمدى نەگە ئالدىراش؟ ياق، مەن
بۇنى ئۇنتۇپ لىپاپىنى ئېچىپ تاشلاپتىمەن-دە،

پەلەمپەي بويلاپ خەتنى ئوقۇپ مېڭىۋېرىپتىمەن. ئالدىمدىن چېلەك كۆتۈرۈپ چۈشىۋاتقان قوشنامنىمۇ كۆرمەپتىمەن. سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدۇق.

— سەكە، نېمە بولدى، سۆيگىنىڭىزدىن خەت ئالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى قوشنام. مەن هودۇققىنىمدىن:

— هە، هە، ياق، بىر دوستۇمدىن كەپتۇ، — دەۋەتكىنىمنىمۇ بىلمەپتىمەن.

بۇ خەقنىڭ ئېيتىپ قويىدىغان جىنلىرى بارمىكىن، ئىشقىلىپ هېچكىم بىلمەيدىغان سىرلارنىمۇ بىلىشىۋالىدۇ، قوشنامغۇ بىلمىگەندۇ، ئەمما چاقچاقىنىڭ راست چىققىنى قىزىق ئىشتە.

ئۇششاق هەرپلەر بىلەن يېزىلغان مەرۋايىتتەك دانە-دانە خەتلەر ئەنجەنىڭ خېتى ئىدى. ئادەمنىڭ يېشىغا بېقىپ چىرايى، مىجەزى ئۆزگەرسىمۇ خېتى ئۆزگەرمەيدىكەن. دۇنيادا تالاي ئادەم بار، لېكىن ئۇلارنىڭ خەتلىرى هەرگىزمۇ بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن مەن ئەنجەنىڭ خېتىنى باشقا خەتلەرنىڭ ئىچىدىن تونۇيالايتتىم.

ئارىدىن ئاتمىش يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتسىمۇ، مەن بۇ مەرۋايىتتەك خەتلەردىن ئۇنىڭ مەخمەلدەك يۇمشاق ئۈنىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

خەت سۆزلەپ تۇراتتى. هەقىقىي هېسسىياتتىن چىققان خەتنىڭ هەرقانداقى سۆزلەيدۇ. ئەنجەنىڭ خېتى پەقەت قۇرۇقلا بىر خەۋەر — ئاتا خېتى ئەمەس ئىدى. بۇ خەتتە پارە-پارە بولغان يۈرەكتىن چىققان نالە-پەرياد، قىش قۇياشىنىڭ گۈگۈمدىكى قىزغۇچ شولىسىغا پۈركەنگەن ماموق بۇلۇت تۇمانلىرىغا ئوخشاش نازۇك بىر سەزگۈ بار ئىدى. بۇ خەتكە يېشىل ئورمان، قېلىن جاڭگال، زۇمرەت كۆل، چەكسىز دالىغا ئىچكىپ كەتكەن ئەمما ئۇلاردىن ئامالسىز ئايرىلغان دالا قىزلىرىنىڭ سېغىنىش سۈرەنلىرى مۇجەسسەم ئىدى. «سىز تىرىك ئىكەنسىز ساغىنى، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرى. قىسمىتىمىز ئوخشاش بوپتۇ. مەن ئېرىمدىن، سىز ئايالىڭىزدىن ئايرىلىپسىز. كىشىلەر مانا شۇنداق ئېزىلىپ يۈرىشىدۇ. بولمىسا مەن سىزگە، سىز ماڭا جورە ئەمەسمىدۇق. دەسلەپتە ئېلىشىپ-تېگىشكەن بولساق بەختلىك بولاتتۇقمۇ ياكى بىر-بىرىمىزنى يامان كۆرۈشۈپ كېتەتتۇقمۇ؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. بىراق هاياتنىڭ دەسلىپىدە ئۇچرىشىپ، كېيىن نېمىشقىدۇ ئايرىلىشىپ ئاخىرىدا خەت ئارقىلىق تونۇشقانلىقىمىزغىمۇ مىڭ شۈكرى. ئۆلگەنلەر تىرىلىپ ئۆچكەن چىراغلار ياندى دېگەن شۇ. بەلكىم بىز ئىككى يېرىم ۋۇجۇد قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن ۋۇجۇد بولالماسمىز. تولىمۇ كېچىكىپ قالدۇق. قۇياش تاغ تەرەپكە يانپاشلاپ ئۇۋىسىغا پاتايلا دەپ قالدى. باشلاپتىمىزلا:

«يولىمىز ئايرىلغان
قانىتىمىز قايرىلغان

بىر بولۇشقا چارە يوق» بولغانىكەن. بىزدە مۇشۇنداق بىر ناخشىمۇ بار. بىزگىلا چىققان ناخشا. باغۋەنلەر خىلمۇخىل نەۋئىدىكى ئالما كۆچەتلىرىنى بىر-بىرىگە دەل كەلتۈرۈپ تاكىدۇ-دە، ئۆزئارا چاڭلاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئىككى كۆچەت بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ بىرىكىپلا كېتىدۇ. قۇرىغان دەرەخلەرگە بىرىكىش نەدە؟ يىلتىزلىرى تۇتىشىپ تەنلىرى بىرىكمىسە، يىلىمدە چاپلىغانغا بىرىكەتتىمۇ؟ بىزنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىمىز ئاللىقاچان تۆكۈلۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ مەن سىزنىڭ بىر سۆزىڭىزگە هەيران قالدىم. ساغىنى هېلىغىچىلا

بالىلىقىڭىز قالماپتۇ. بالىلىقنى ساقلاۋاتقان سىز بەلكى بەختلىكتۇرسىز. بولمىسا مېنىڭدىن رەسىم سورايتتىڭىزمۇ؟ «ئەنجە رەسىمنى ئەۋەت» دېگىنىڭىز نېمىسى؟

ياق، ساغىنى قېرىنداشىم، مەن سىزگە رەسىم ئەۋەتەلمەيمەن، مەن سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا، قەلب كۆزىڭىزدە يىگىرمە ئىككىنچى يىلدىكى پېتىمچە قالغۇم كېلىدۇ. ئەگەر سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئاشۇ يۇمران قىز چېغىمنى ياخشى كۆرۈڭ. شۇ قىياپىتىمنى باشقا ھېچنېمە بىلەن بۇلغىماي پاك ساقلاڭ. ئون سەككىز ياشلىق قىز بىلەن يەتمىش سەككىزگە كىرگەن ماكچايغان مومايىنىڭ رەسىمىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ نېمىمۇ قىلارسىز؟ ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ قازانغا بارىمەن دەپسىز. مېنى دەپ ئاۋارە بولماڭ. بىزنىڭ يېشىمىزدا ئۇزاق يول مېڭىش خەتەرلىك. بىز ئەمدى ئالدىمىزدا بىزگە نېسىپ بولىدىغان يورۇق كۈنلەردە خەت ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى غەنىمەت. شۇنىڭغىمۇ شۈكرى، زېمىن باغرىدا تىرىك يۈرگەنلىكىمىزنىڭ ئۆزىلا سوۋۇغان يۈرىكىمنى يىلىتىۋەتتى. شۇمۇ يېتىدۇ. شۇنىڭغىمۇ رازىمەن».

خەت مانا مۇشۇنداق يېزىلغان...

ساغىنى ئاكا ماڭا: «بۇنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى نېمىشقا ئېيتتىم» دېگەنىدەك گۇناھكارانە قىياپەتتە كۈلۈپ قارىدى-دە، «دەرھال توختاپ قالدى. ئۇزايىدىن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقۇزغان سەن دەۋاتقاندەك ئىدى. ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۈق سىرى بولىدۇ. ھەتتا ھېچ كىشى بىلمەي ئۆزى بىلەن دۇنيادىن كېتىدىغان سىرلىرىمۇ بولىدۇ. ساغىنى ئاكىدا «ئالجىغان قېرى» دەپ قالدىمىكىن دېگەن خۇدۇكسىنىشمۇ بار ئىدى. مېنىڭدە ئۇنداق خىيالنىڭ يوقلۇقىنى ئۇنىڭغا قانداق بىلدۈرۈپ، بۇنىڭغا ئۇنى قانداق ئىشەندۈرسەمكىن؟

— بۇ بىر نۇرلۇق ھەسرەت ئىكەن، — دېدىم ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن مۇۋاپىقراق سۆز تاپالماي.

«قازانغا بارىمەن» دېگىنىڭىز ئورۇنسىز، دېگۈم كەلدى-يۇ، يەنە بوغۇزۇمغا يۇتۇۋەتتىم. ھەقىقەتەنمۇ كەمشەيگەن مومايىنى كۆرىمەن دەپ يول ئازابى تارتىپ نېمە كەپتۇ؟ كېيىن ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن ئۆزۈم خىجىل بولدۇم. بۇ مېنىڭ خىيالىم، مېنىڭ كۆز قارىشىم ئىدى. ساغىنى ئاكىنىڭ خىيالى، ساغىنى ئاكىنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا قانداق بولۇشىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— تۈنۈگۈن خەت سېلىۋەتتىم، — دېدى ساغىنى ئاكا مېنىڭ خۇدۇكسىنىۋاتقانلىقىمنى بايقاپ، — نېمىشقا رەسىم ئەۋەتىشتىن قورقىسەن ئەنجە؟ ۋاقىت، جىق بولسا يۈزۈڭگە قورۇق چۈشەرگەندۇ، بىراق، يۈرەككە قورۇق چۈشمەيدۇ، — دەپ يازدىم.

مانا، گەپ نەدە؟ ساغىنى ئاكىنىڭ ئاخىرقى سۆزى جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەنە، ساغىنى ئاكىنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا كۆرۈنىدىغان گۈزەل دۇنيا!

— بەز ئوبرازىيە، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇغۇ، كېتەيلى، — ساغىنى ئاكا ئورنىدىن سۆرۈلۈپرەك تۇردى. تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ مۆكچەيگەنچە چۈشۈۋاتىمىز. ئېگىشتۆۋەننىڭ يولى ئىلدام بولىدۇ. يول بىزنى ئېگىشتۆۋەنگە باشلىماقتا ئىدى.

(«شوغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 1-سانىدىن) ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى
ئوسمانجان ساۋۇت

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# ئەدەبىي ھايات ئۇچۇرلار

## قومۇلدا ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ئېچىلدى

1990 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە قومۇلدا «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا 80 گە يېقىن ئاپتور ۋە ھەۋەسكار قاتناشتى. كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ بىڭجيا، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى توختىخان ئىسمايىل قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.

كۇرسقا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كەسپىي يازغۇچى زوردۇن سابىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىرە تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى.

كۇرستا يازغۇچى زوردۇن سابىر پروزا ئىجادىيىتى ھەققىدە، شائىرە تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى.

پەرىدە مالىك خەۋىرى

## بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا يېزىقچىلىق كۇرسى ئېچىلدى

بورتالا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بۇ ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەدەت بېرىش ۋە ئوبلاستنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە 1990 - يىلى 6 - ئاۋغۇستتىن 9 - ئاۋغۇستقىچە بورتالا شەھىرىدە ئۇيغۇر، قازاق ئاپتورلارنى ئاساس قىلىپ تۈنجى قېتىم يېزىقچىلىق كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ئوبلاستنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن 50 كە يېقىن ھەۋەسكار قاتناشتى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شوغىلا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، يازغۇچى شەمىس قۇمار، كەسپىي يازغۇچى ئەخەت تۇردى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن ئوبلاستقا كېلىپ، كۇرستا پروزا ئىجادىيىتى ۋە شېئىرىيەت ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى، ھەۋەسكارلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. كۇرس جەريانىدا ھەۋەسكارلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى مۇھاكىمە قىلىندى. بۇ قېتىمقى كۇرس بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

كۇرس جەريانىدا بۇ يەرگە كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچى قەييۇم تۇردى كۇرسانتلارنى يوقلىدى ھەم كۇرستا مۇھىم سۆز قىلدى.

كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوبلاست-

لىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قەييۇم تۇردى قاتارلىق يولداشلارنى ئارشاڭ، سايرام قاتارلىق جايلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆكۈشىگە قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. كۇرسقا لېكسىيە بەرگىلى كەلگەن يولداشلار گۈلۈمتى يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى ھەم كۇرسانتلار بىلەن بىرلىكتە گۈلۈمتى يېزىسىدا كۆچۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

ئابدۇغېنى خۇدابەردى خەۋىرى.

▲ ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى كافكانىڭ ئەسەرلىرى غەربنىڭ ئىپادىچىلىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ «سوتلاش» ناملىق رومانى «ئەسىر خاراكتېرلىك ئەسەر» دەپ ئاتالغان، ئەمما كىشىلەر كافكانى ۋە ئۇنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىرقانچە مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى بايقىدى.

بەختكە يارىشا، كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك پاكىتلارنى ئېنىقلاپ چىقتى: كافكا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى نەشرگە بەرمىگەن بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئورىگىناللىنى، جۈملىدىن «سوتلاش» نى قەدىناس دوستى، يازغۇچى بىرودقا تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە كۆيدۈرۈۋېتىشنى ھاۋالە قىلغان، ئەمما بىرود ئۇنداق قىلمىغان، ئۇ كافكا ۋاپاتىنىڭ ئىككىنچى يىلى «سوتلاش» نى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان. بىرود 1935 - يىلى ناتسىستلار باستۇرۇپ كىرىشتىن ئىلگىرى كافكانىڭ بىر ساندۇق ئورىگىناللىنى ئېلىپ ئىسرائىلىيىگە قېچىپ كەتكەن. 1956 - يىلى سۇۋەيش كرىزىسى مەزگىلىدە ئۇنى يەنە شۋېتسارىيىگە ئاپىرىپ ساقلىغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئورىگىناللار كېيىنچە ئوكسفوردتىكى بودرىئان كۇتۇپخانىسىغا يۆتكەپ كېتىلگەن. 1988 - يىلى بۇ ئورىگىناللار باھا تالىشىپ سېتىلغاندا، ئۇنى غەربىي گېرمانىيە سېتىۋالغان، ئۇلار ھازىر مارباخ مەدەنىيەت ئارخىپ ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

كافكا تەتقىقاتچىسى پاسىرنىڭ مۇنداق ئىككى خىل نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا: بىرىنچىسى، «سوتلاش» نىڭ ئالدىنقى قىسمى تەخمىنەن 1914 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا يېزىلىپ مەيدانغا كەلگەن. كافكا ئۇزۇنغا قالمايلا رومانىنىڭ ئاخىرىسىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. پاسىرنىڭ قارىشىچە، كافكا سالامەتلىكىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ ئەسەرنى يېزىپ تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن، شۇڭا «سوتلاش» نى يازغاندا، «باشقا بىر يولغا كىرىپ قالغان»، يەنى ئاۋۋال بىرىنچى باب بىلەن ئاخىرقى بابنى يېزىپ، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى قىسمىنى يېزىپ چىققان. مانا بۇ «سوتلاش» رومانىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق يېشىمى بولۇشىدىكى سەۋەب؛ ئىككىنچىسى، بىرود ئەسەرنى ئېلان قىلدۇرغاندا بەزى يەرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزگەن.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



تەكلىپ قىلىنغان گۈزەل سەنئەت خادىملىرى ژۇرنالنىڭ تېخنىكىلىق سۈپىتى ئۈستىدە پىكىرلەشمەكتە.



ژۇرنال باسما زاۋۇتتا ...

ماقالە تېرىش



كوررېكتور كۆرۈش





بەت باساش

خاتا ئوڭشاش




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 ـ يىل10 ـ سان ( 357 ـ سان ) ، 40 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN 65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40元
邮政编码：830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى :